# جەۋھەر ھېكايىلەر



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# جەۋھەر ھېكايىلەر

تۈزگۈچى: مۇھەممەت ئوسمان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

古典故事精粹:维吾尔文/穆罕默德·乌斯曼编.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2000.10

ISBN7—228—06135—7

Ⅰ.古… Ⅱ.穆… Ⅲ.维吾尔族—民间故事—作品集—中国—古代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I276.3

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第54910号

责任编辑:巴力江·扎帕尔

封面设计:艾克拜尔·萨里

责任校对:阿达莱提·买合苏提

古典故事精粹

穆罕默德·乌斯曼 编

---

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)

新疆新华书店发行

喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷

850×1168毫米 32开本 8.375印张 2插页

2000年11月第1版 2000年11月第1次印刷

印数:1——3,000

---

ISBN7—228—06135—7/I·2245 定价:12.50元

# مۇھەررىردىن

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى گۈلزارىدىكى ئىبرەتلىك ھېكايەتلەردىن تۈزۈلگەن. بۇ ئەسەرلەر خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيانقى تۇرمۇشى، ئېتىقادى، ئارزۇ - ئىستەكلىرى، مەۋسۇم - مۇراسىملىرى قاتارلىق كۆپلىگەن تەرەپلىرىنى جانلىق نامايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆتكەن زامانلاردىكى، فېئودالىزم ئاسارىتىدە تۇرىۋاتقان دەۋرلەردىكى نامۇۋاپىق ئىجتىمائىي تۈزۈم، ناچار ئۆرپ - ئادەتلەرنى، مەنمەنلىك، دورامچىلىق، جاھىللىق، ۋاپاسىزلىق، ئالدامچىلىق، ئەخلاقسىزلىق قاتارلىق تۈرلۈك ناچار خاھىشلار، يامان ئىشلارنى پاش قىلىدۇ، مەسخىرە قىلىپ قامچىلايدۇ. قىزىقارلىق مىساللار ئارقىلىق كىشىگە ئىبرەت بېرىدۇ. بۇنىڭدا ئەينى زاماندىكى ھىيلىگەر، ئاچكۆز، بەدنىيەت قازى، سوپى - ئىشان، موللىلارنى سۆككەن، ھەجۋىي قىلغان بەزى ھېكايەتلەر بار. بۇ ھەرگىزمۇ نوقۇل ھالدا قازىلار، سوپى - ئىشانلار، موللىلار ئەسكى كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ تەبىئىتى ناچار دېگەنلىك ئەمەس. بۇ پەقەت ئەينى زاماندىكى خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىپ ئۆگىنىپ قالغان، يامان تەبىئەتلىك بىر قىسىم قازى، سوپى - ئىشان، موللىلارغا قارىتىلغان بولۇپ، كىشىلەرگە ئىبرەت بېرىشنى مەقسەت قىلغان. بۇ كىتابتىكى ئەسەرلەرنىڭ ۋەقەلىكى قىزىقارلىق، ئاجايىپ - غارايىپ، سېھرىي تۈستىكى ھېكايەتلەر سىزنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدۇ.

# تۈزگۈچىدىن

قولىڭىزدىكى بۇ ئەسەر خەلق ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىدىندۇر. مەلۇمكى، خەلق ئەدەبىياتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ قەدىمكى يېزىقى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنلا، تىلنىڭ ياردىمى بىلەن گەۋدىلەنگەن، ساددا خىيالىي تەسەۋۋۇرلاردا تۈرلۈك – تۈمەن ھادىسىلەر، ۋەقەلەردىن ئىجاد قىلىنغان، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھېسسىياتىنى، ئىدىيىۋى تەلەپلىرىنى ۋە بەدىئىي قىزىقىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەدەبىيات.

خەلق ئەدەبىياتى كەڭ مەزمۇن، چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ شۇ بىر مىللەتنىڭ تارىخى، ئاسترونومىيىسى، جۇغراپىيىسى، ئېتىقادى، ئۆرپ – ئادەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، قانۇن – نىزاملىرى، پەرھىزلىرى، كىيىم – كېچەكلىرى، ھۈنەر – سەنئىتى، يىل – پەسىللىرى، مۆچەللىرى، ھەرخىل مەرىكىلىرى، ھېيت – ئايەملىرى ۋە قەدىمىي كىتابلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان گۇمانىتار ( ئىنسانشۇناسلىق ) پەن بولۇپ، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا موھىم قىممەتكە ئىگە.

خەلق ئەدەبىياتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان ئېغىزدىن – ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان ئېغىز ئەدەبىيات – سەنئىتىنىڭ ئاغزاكى « سۆزلەش – ئاڭلاش » شەكلى ئارقىلىق ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قىممەتلىك ۋە جانلىق مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ، ئۇزاق تارىختىن بۇيان، بىرسى: ئاغزاكى « سۆزلەش – ئاڭلاش »، يەنە بىرسى: يازما خاتىرە ۋە كىتابلار شەكلىدە ساقلانغان. ئۆتكەن ئەدىبلىرىمىز ئەجدادلارغا ۋارىسلىق قىلىپ ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئاغزاكى ئەسەرلەرنى توپلاپ، ئومۇملاشتۇرۇپ رەتلەش، تۈزەشتۈرۈش ئارقىلىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرخىل ژانىر ۋە سيۇژىتلار ئۇسلۇبىدا

كۆپ خىل پېرسوناژلار ۋاستىسى ئارقىلىق بايان قىلىپ، تارىخنى ئۇلاپ، كىتاب ـ توپلاملار قالدۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، قەلەمگە ئېلىنغانلىرى ناھايىتى ئاز ساندا بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر خەلق ئېغىزىدا كۆچمە ھالەتتە ساقلىنىپ كەلگەن. دەۋرىمىزگە كەلگەندە قەدىمكى يازمىلار، كىتابلار نەشرگە تەييارلىنىپ ياشارتىلىشتىن باشقا، ئاغزاكى ئەدەبىياتلارنى توپلاپ نەشر قىلىش، توپلام تۈزۈش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىپ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر قازىنىلغان بولسىمۇ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ بۇ تۈگىمەس بايلىقى يەنىلا تارقاق ھالەتتە سۆزلىنىپ كەلمەكتە. تېخىچە توپلانمىغان يازمىلار، ئاغزاكى كۆچمە ئەدەبىي پارچىلەر ئاز ئەمەس.

بۇ توپلامنى تۈزۈشتە، ئەنە شۇ توپلانمىغان مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى خەلق ئارىسىدىن ئىزدەش ئارقىلىق بىر قىسىم يازمىلار ۋە ئاغزاكى نادىر ئەسەرلەرنى توپلاپ، خەلق ئەدەبىياتىنى رەتلەشتىكى «ئومۇملاشتۇرۇپ رەتلەش» قائىدىسىنىڭ: «يىلتىزى ئوخشاش بولغان بىر خىلدىكى ئەسەرنىڭ ئوخشىمىغان ۋارىيانتلىرى ئىچىدىن مۇكەممەلرەكلىرىنى تاللاپ، باشقا ۋارىيانتلاردىن پايدىلىنىپ ھەمدە قوبۇل قىلىپ رەتلەش، رەتلىگەندە بارلىق ۋارىيانتلارنى تەھلىل قىلىش، ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ھەر بىر سيۇژىتنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ۋە ئەسەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۇپراش قىسمىنى تولدۇرۇپ، ئۇلارنى ياخشىراق بىر نۇسخىغا مۇكەممەللەشتۈرۈپ رەتلەپ چىقىش» تەلىپىگە ئاساسەن، نۇقتىلىق ئورىگىنالدىكى ئەۋزەل جايلارنى جارى قىلدۇرۇپ، باشقا ۋارىيانتلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئېلىپ، تولۇقلاپ، ئاساسى تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن سەككىز ھېكايەت، مىسال كەلتۈرۈلگەن 33 ھېكايەت بىلەن تاماملىدىم.

بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرگە ئۇنىڭ ۋەقەلىكى، مەزمۇنى ھەمدە پېرسوناژلار مۇنازىرىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن يارىتىلىپ نەچچە يۈز يىل، ھەتتا نەچچە مىڭ يىل مابەينىدە ئۇزاق مۇددەتلىك پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئۆتكەن،

چىنلىقتا ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن 300 پارچىدىن ئارتۇقى كىرگۈزۈلگەن. دانالار خەزىنىسىنىڭ بۇ ھېكمەت جەۋھەرلىرى ھېكايىلەر ئاسمىنىدا يۇلتۇزدەك چاقناپ، خىلۋەتنى يورۇتۇپ، مەزمۇنىنى تېخىمۇ روشەن قىلىپ جىلۋىلىنىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، توپلامنىڭ نامىنى « جەۋھەر ھېكايىلەر » دەپ ئاتىدىم.

ھېكايىلەر ۋەقەلىكى ھەرخىل ژانىردىكى، كىشىنى ھەيران قالدۇرۇپ خىيالغا سالىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ مۇرەككەپ ھادىسىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، باشقىچە ئېيتقاندا، ئەجدادلار ھاياتىنىڭ بەدىئىي شەكىل بىلەن بايان قىلىنىپ كەلگەن ئۇنتۇلغۇسىز ئىبرەتلىك، ئاچچىق ساۋاقلاردىن ئەۋلادلارغا قالدۇرغان ۋەسىيەت سۆزلىرىدۇر.

مەزمۇنى: ئەينى زاماننىڭ نامۇۋاپىق ئىجتىمائىي تۈزۈمى، ناچار ئۆرپ - ئادەتلەر، قاملاشمىغان ئەقىدىلەر، ئەخمىقانە چوقۇنۇش، ئىستىخىيىلىك ئېتىقادنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى، بەتخۇيلۇق، مەنمەنلىك، دورامچىلىق، يالغانچىلىق، سۆلەتۋازلىق، ھورۇنلۇق، زالىملىق، نادانلىق، ئەخمەقلىق، ئادالەتسىزلىك، جاھىللىق، ۋاپاسىزلىق، تۇزكورلۇق، قارا نىيەتلىك، گۇمانخورلۇق، ئاچ كۆزلۈك، پىخسىقلىق، ئىسراپخورلۇق، ھەشەمەتچىلىك، ئالدامچىلىق، ئەخلاقسىزلىق، ھۆرمەتسىزلىك قاتارلىق يامان ئىشلارنى قامچىلاپ، قىزىقارلىق مىساللار بىلەن ئىبرەتلەندۈرىدۇ.

دانالار ھېكمىتى بىلەن نەسىھەت قىلىپ، پېرسوناژلار سۆھبىتى بىلەن ماقال - تەمسىللەرنى مۇنازىرىگە سېلىپ ھەرقايسىسىنى ئۆز ئورنى ۋە ئۆز نۆۋىتىدە شەرھلەپ، ۋەقەلىكنىڭ تەسىر كۈچىنى تېخىمۇ جانلاندۇرىدۇ. شۇ ئارقىلىق، ئىنسانلارنى بىلىملىك، ئىنساپلىق، ئەدەپ - ئەخلاقلىق، راستچىل، ئادىل، ئەمگەكچان، جاسارەتلىك، ئۈمىدۋار، سەممىي ... ئادەم بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ئېستېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەدىئىي ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى مول مەزمۇنى، ئەقلىيە سۆز، ماقال - تەمسىل، ئوخشىتىشلار ۋاستىسى بىلەن ھېكايىلەرگە

سىڭدۈرۈلگەن پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئارقىلىق ، كىشىلەرگە دىداكتىك تەربىيە يۈرگۈزۈپ ، تەسىرلەندۈرىدۇ .

مۇھەممەت ئوسمان

1999 ـ يىل 6 ـ سېنتەبىر ، ئاۋات .

# مۇندەرىجە


**ئەلچى قۇش ھېكايىسى** ........................... 1

ئەخمەق كەكلىكنىڭ ھېكايىسى ........................ 5

كۆرگۈچى بىلەن كۆرمەسنىڭ ھېكايىسى .................. 7

سوكوت تۈلكە ھېكايىسى ............................ 10

ھېكىم ھازاق ھېكايىسى ............................. 14

دورامچىنىڭ ھېكايىسى .............................. 16

بىچارە تۆگە ھېكايىسى ............................. 21

پېخسىق كىشى ھېكايىسى ............................. 28

شادى پادىچى ھېكايىسى ............................. 34

ئەززەمخان سۆلەتۋاز ھېكايىسى ....................... 39

خال باقى مىسكەر ھېكايىسى .......................... 44

جاھىل كەپتەر ھېكايىسى ............................ 45

يامان دوست ھېكايىسى .............................. 48

يادىكار جۇۋىچى ھېكايىسى ........................... 53

جاھىل خوتۇن ھېكايىسى ............................. 59

دېھقان بىلەن دانىشمەن يىگىت ھېكايىسى ................ 62

يولۋاس بىلەن ئوتۇنچى ھېكايىسى ...................... 64

كۈلكىگە قالغان تۆگە ھېكايىسى ....................... 68

پەج ۋە پەلەج ھېكايىسى ............................ 71

تاز ئۆچكە بىلەن سولتەك ئېشەك ھېكايىسى .............. 75

باي بىلەن خوراز ھېكايىسى .......................... 79

مۆئتەمەر شاھ ۋە ئەيىنىيە ھېكايىسى .................. 86

**مۇھەددىس ، مۇنەججىم ئوغرى ھېكايىسى** .............. 92

قىمارۋاز يىگىت ھېكايىسى ........................... 106

قازى بىلەن شەيتان ھېكايىسى ........................ 113
دانا بىلەن نادان ھېكايىسى ........................ 119
ئالدانغان خاقان ھېكايىسى ........................ 135
ماقۇلچى ساھابە ھېكايىسى ........................ 139
پادىشاھ جەئپەر ھېكايىسى ........................ 143
ئوتۇنچى بوۋاي بىلەن بوۋى خوتۇن ھېكايىسى ........................ 161
ئۈچ كىچىك شاھزادىلەر ھېكايىسى ........................ 188
مىسكىن ھاجى ھېكايىسى ........................ 204
جامەت پەھلىۋان ھېكايىسى ........................ 207
ئۈچ ھۈنەرۋەن ھېكايىسى ........................ 210
ۋاپادار شاتۇتى ھېكايىسى ........................ 211
تۆمۈرنىڭ ھېكايىسى ........................ 213
كىسەكچىنىڭ ھېكايىسى ........................ 217
زەرگەر بەچچە ھېكايىسى ........................ 232
خارلانغان باينىڭ ھېكايىسى ........................ 253
ۋاپاسىز ئۈچ ئوغۇل ھېكايىسى ........................ 254
باغۋەننىڭ ھېكايىسى ........................ 256

# ئەلچى قۇش ھېكايىسى

ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋەر يەتكۈزگۈچى دانا پىكىرلىك ئىلىم سەنئەتكارلىرىنىڭ تارىخلاردىن نەقىللەر ئېلىپ شېرىن تىللار بىلەن بايان قىلىشىچە، قەدىمكى زاماندا پەرغانە ئىقلىمىدا كەيقىبادتىن قالغان بىر خارابە شەھەر بار ئىدى. بۇ شەھەر خارابىسىنى بايقۇش ئۆزىگە ماكان قىلغان بولۇپ، بۇ — ھاۋاسى ياخشى، دىلنى ئاچىدىغان، گۈللەر ئېچىلىپ خۇش پۇراق چاچىدىغان، كۆكلەمزارلىق بىلەن ياپيېشىل لەباسلانغان جاي ئىدى.

بۇ خارابىلىكنىڭ ئەتراپىدا بىر ئورمانلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا ياپىلاق قۇشنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان ماكانى بار ئىدى.

بايقۇشقا كەلسەك، ئۇنىڭ بىر قىزى بار ئىدىكى، ھۆسنى ـ جامالىنىڭ گۈزەللىكى ئالدىدا ئاپتاپمۇ خىجىل ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى كۇنۇش بانۇ بولۇپ، ئۇ خۇددى ئالەمنى تونۇردەك قىزىتىپ، خامنى پىشۇرىدىغان ئاپتاپتەك، ھەرقانداق مەخلۇقات ئۇنى كۆرۈشكە ئامالسىز ئىدى. قىزمۇ ئۆزىنى يوشۇرۇپ كىشىگە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ چەكسىز ئەقىللىق ۋە پاراسەتلىك ئىدى. ئەمما كۈندىن ـ كۈن ئۆتۈپ، ئايدىن ـ ئاي ئۆتۈپ، يىلدىن ـ يىل ئۆتۈپ، خۇي ـ پەيلى بۇزۇلۇپ، توغرا سۆزگە خۇيلىنىدىغان، گەپ تالاشقاق، ئاچچىقى يامان، ئۇرۇشقاق بولۇپ قالدى. قىزىنىڭ بىر جايدا ئولتۇرالماس، غەزەلچى بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئانىسى گۇمانلىنىپ:

— ئى قىزىم، كۆڭلىڭىز ئەر تىلەپ قالغان ئوخشايدۇ. «ئاشىق ئۈچۈن ئاشىق بولغان قىز، ئەرگە بەرسە يارىماس» دېگەن تەمسىل بار. غەم قىلماڭ، «تۆشۈك مونچاق يەردە قالماس» ـ دېدى.

— ئى، ئانا، — دېدى قىز، — ماڭا سەۋر - تاقەت توغرىسىدا يول كۆرسەتتىڭىز. مېنى ئالدىغان يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ: «پولات پىچاق قىنسىز قالماس». «باش ئامان بولسا جۈپ تېپىلۇر» دېگەن تەمسىل بىلەن ئوغلىغا نەسىھەت قىلىشنى بىلىدىغاندۇ.

ئانا - بالا ئىككىسى بۇ سۆز ئۈستىدە سۆزلىشىپ يۈرەتتى، بىر كۈنى ياپىلاق قۇش قۇشلارنىڭ ئەلچىسى كورقۇشنى يېتىلەپ كېلىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ دېدى:

— بۇرادەر، بىز ئەجەبمۇ قارا تەنلىك يارىلىپ قاپتىمىز. ئەمما «قاغىنىڭ بالىسى ئۆزىگە ئاپئاق» دېگەن تەمسىل بار. راست «قارا نەرسە ئۆزىگە ئاق». ئىككىمىز مۇۋاپىق بىر جايدا ئولتۇرۇپ مەسلىھەتلىشەيلى. بايقۇشنىڭ چىرايلىق بىر قىزى بارمىش. مەن تەرەپتىن ئەلچى بولۇپ بېرىپ باقساڭ قانداق؟ قىزىنى ئوغلۇمغا بېرىدىغان بولسا، تويلۇقنى هەر قانچە ئېغىر سېلىشۋەتسىمۇ، هەممىنى چىقىرالايمەن، — دېدى.

— هەي بۇرادەر، — دېدى كورقۇش، — قەدىمكىلەرنىڭ: «بار ماختانسا تېپىلۇر، يوق ماختانسا چېچىلۇر» دېگەن مەسەلى بار. بىز قانداقمۇ باينىڭ ئالدىغا بارالايمىز. ئاددىيسى: «تەسۋى ئۈچۈن مارجان كېرەك»، «قىممىتى يوق مال بولماس» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟ قولىمىزدا هېچنېمە يوق ئۇلارنىڭ ئالدىغا نېمىدەپ بارغىلى بولىدۇ. قەدىمكىلەرنىڭ: «ئۇيات ئۆلۈمدىن قاتتىق»، «چوڭ ياغاچنىڭ ئېگىلگىنى سۇنغىنى، ئەر يىگىتنىڭ ئۇيالغىنى ئۆلگىنى» دېگەن مەسەلنى ئۇنتۇپ قالماڭ. «خوتۇن ئالماققا پۇل كېرەك، پۇل بولمىسا كۈتمەك كېرەك» دېگەن مەسەل بىكار ئەمەس.

ياپىلاق قۇش كورقۇشنىڭ جاۋابىدىن مەيۈسلىنىپ:

— مەن سىنى بىلىملىك ۋە ئىش بىلىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئەڭ ئاددىيسى: «كاناي مىستىن، بەلغەم ئىستىن» بولىدىغىنىنىمۇ بىلمەيدىكەنسەن. «كور تۇتقاننى قويماس، گاس ئىشىتكىنىنى» دېگەن ئەلھەق راست ئىكەن، — دېدى.

كورقۇش ئېيتتىكى :

— مەن ساڭا ھەر قانچە چۈشەندۈرسەممۇ كار قىلمايدىغاندەك قىلىدۇ ، قەدىمكىلەرنىڭ : « سۈپرىسىدا قۇرۇق ئۇن يوق ، قىزنىڭ ئېتى مارجان بۇۋى » دېگىنىدەك ، گېپىڭ ناھايىتى چوڭكەن . سۆز ئاڭلىمىغانغا سۆز قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقكەن .

— ئـى ، بـۇرادەر ، دېـدى ياپىلاق قۇش ، — قەدىمكىلەرنىڭ : « پۈتەر ئىشنىڭ بېشىغا ، ياخشى كېلۇر قېشىغا » ۋە يەنە « بىمارنىڭ تۈزەلگۈسى كەلسە ، تېۋىپ ئۆزى كېلەر » دېگەن مەسەللىرىنى ئاڭلىغانىدىم . سېنىڭ كەلگەنلىكىڭنى كۆرۈپ ئىشىم ئوڭغا تارتتى ، دەپ ئويلىسام ، ئەپسۇسكى ، سەن مېنىڭ ئويلىغان يېرىمدىن چىقالمىدىڭ .

— ھەي بۇرادەر ! « يول ئېغىز بولماي ، يول ئاياغ بول » دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ ؟ ئېغىز ئۇپراتقان ھېساب ئەمەس ، ئەمەلىيەتتە كۆرۈلسە بولىدۇ . گەپنى قىلغان بىلەن ھۆددىسىدىن چىقماق تەس . بۇرۇنقىلارنىڭ : « ئاياغ يۈگۈرۈكى ئاشقا ، ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا » دېگەن مەسەلى سەۋەبسىز ئەمەس . « ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ، ئويلاپ سۆزلە » دېگەن گەپ بار . « تەڭ ـ تېگى بىلەن ، تېزەك قېپى بىلەن » دېگەندىن خەۋىرىڭ يوقمۇ ؟ ئەپتىڭگە باقماي بايقۇش بىلەن قۇدىلىششقا قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولىدۇ ، — دېدى كورقۇش .

ياپىلاق يەنە ماختىنىپ :

— ھەي بۇرادەر ! بارنىڭ ھەممىنى چىقىرىپ نام ـ ئاتاق چىقىرىۋالساق ، تۈگىگەندە بىر گەپ بولمامدۇ ، — دەپ يەنە ئۆز خۇيىنى داۋاملاشتۇردى . كورقۇش ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپ :

— سەن كۆپ ماختانمىغىن . « ماختانغان قىز تويدا ئوسۇرار » دېـگەن تەمسىل بار . « ئۆزىنى ماختاش ئۆلۈمنىڭ قاراۋۇلى » دېگەننى ئاڭـلىمىغانمىدىڭ ؟ « ئاينىڭ ئەھۋالى ئالەمگە مەلۇم » دۇر ، « ئاينى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولماس » ، « ئاز نېمەڭدە ماختانمىغىن » . يەنە بىر مەزگىل تەييارلىق قىلغىن ، « قۇشقاچ سۇمۇرسە پاتمان بولۇر » ، « ئىت ئالا بـولغان بىلەن ئارسلان بولالماس » ، سەن ھەرقانچە ماختانساڭمۇ

بايلار بىلەن تەڭ تۇرالمايسەن ، ـــ دەپ كۆپ نەسىھەتلەر قىلدى . ئەمما ياپىلاق قۇش ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ :

ـــ « ئىش كۆرمىگەن يىرتىققا كۈلەر » دېگەن مانا شۇ ئەمەسمۇ ، سەن بىزنى يوقسۇز كۆردۇڭمۇ ؟ « چۆپنى خار كۆرسەڭ كۆزۈڭگە كىرەر » دېگەندىن خەۋەرسىز ئوخشايسەن . سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق بىرەر ئاساسى بولىدۇ . سەن مېنىڭ بىلەن گەپ تالىشىپ تۇرۇۋالماي ، بايقۇشنىڭ قېشىغا بېرىپ سۆزلىشىپ باققىن ، ـــ دەپ تەشەببۇس قىلدى .

ـــ ھەي ياپىلاق ، بارسامۇ باراي ، كۈيئوغۇل بولىدىغان ئوغلۇڭنىڭ ئىسمى نېمە ؟ ـــ دەپ سورىدى كورقۇش .

ياپىلاق :

ـــ ئوغلۇمنىڭ مۇبارەك ئىسمى كۆلانگىر سۇلتاندۇر ، ـــ دېدى . كورقۇش بۇنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ :

ـــ سەندەك پاراسەتسىز كىشىنى كۆرمەپتىكەنمەن . « ئۆچكىنىڭ ئېتى ئابدۇكېرىم بولۇرغا سۆز كېرەك » . بۇرۇنقىلار : « ئېپى بىلەن ئوسۇرغاننىڭ قۇربانى بول » دېگەنىكەن . بۇ ئەقىل بىلەن ئىش قىلغۇچىلارنى كۆرستىدۇ . سېنىڭ بالاڭنىڭ ئىسمىنى كۆلانگىر دەپ قويۇشقا نېمە ھەددىڭ ؟ بۇ ئىسىم : ھۇماقۇش ، ئۇقار ، قارچىغا ، بەھرى ، لاچىن ، ئىتالگو قاتارلىق قۇشلارنىڭ سالاپىتىگە مۇناسىپ كېلىدۇ ، ـــ دېدى .

ـــ ھەي بۇرادەر ، « ياخشى سالاپەت يېرىم مال » دېگەن گەپ بار . ياخشى سالاپەتمۇ يېرىم ئابرۇي ئاتا قىلىدۇ . ھەر قانچە مەرتىۋىلىك بولغان بىلەنمۇ سالاپىتى يوق كۆرۈمسىز ، پېچەك ، خۇنۈك بولسا ، ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدۇ . مېنىڭ ئوغلۇمدا بولسا ، سۇلتانلارغا خاس سالاپەت ۋە چىراي ـ شەكىل ، ھەم كۆلانگىرلىك خىسلەت بار ، ـــ دېدى ياپىلاق قۇش .

ـــ راست ئېيتىسەن ، ـــ دېدى كورقۇش ، ـــ « قوشقار بولۇر قوزىنىڭ پېشانىسى دۆڭ بولىدۇ ، ئاغا بولۇر يىگىتنىڭ پېشانىسى كەڭ

بولىدۇ »دېگەن مەسەل بار ، قەددى ـ قامەت ، چىراي ـ سالاپەت كىشى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم . لېكىن سەن « چۆچۈرىنى خام ساناپسەن » ،« ئاتىسى ئۇرماس قوڭغۇزنى ، بالىسى ئۇرار توڭگۇزنى »دېگەن تەمسىلگە سېنىڭ ئوغلۇڭنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ . « مەردنى مەيداندا سىنا ، ئوسۇرغاقنى دۇم ياتقاندا » دېگەن گەپ بار . ۋاقتى كەلگەندە ئوغلۇڭنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەسلىكى مۇمكىن . سېنىڭ بۇ سۆزلىرىڭ كەكلىكنىڭ ئۆزىنى قارچىغا ھېسابلاپ شىكارغا چىقىپ ، پاتقاققا پېتىپ قالغىنىغا ئوخشايدۇ .ھەر كىم ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە ، جازاسى شۇنداق بولىدۇ . بۇرۇنقىلارنىڭ :« موزاينىڭ يۇگرىشى سامانلىققىچە » ، « ئېتى ئۇلۇغ ، سۇپرىسى قۇرۇق » ، «چاشقان سىغماس ئىنىگە ، غەلۋىر باغلار دۇمىگە » دېگەن تەمسىللىرى سەن ئەخمەققە زاسا ماس كېلىدۇ .

— ھەي قارىغۇ ! ئۇنداق بولسا ، كەكلىكنىڭ قارچىغىنىڭ ئىشىنى قىلىمەن دەپ پاتقاققا پېتىپ ئۆلگەنلىكىنىڭ ھېكايىسىنى بايان قىلىپ بەرسەڭ ، ئۇنىڭ قانداق ۋەقەلىكىنى ئاڭلاپ باقسام ، — دېدى ياپىلاق قۇش .

شۇنداق قىلىپ ، كورقۇش ھېكايىسىنى باشلىدى :

## ئەخمەق كەكلىكنىڭ ھېكايىسى

بىر تاغ باغرىدا بىر كەكلىك ياشايتتى . بۇ كەكلىك گاھى تاغ ئۈستىدە تاماشا قىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ سايراپ قوياتتى ، كۈلكىنىڭ تاغ ئارىسىدىن چىقىۋاتقان ئەكس ساداسىنى ئاڭلىغاندا ، ئۆزىنى بىردىنبىر ھېسابلاپ پەخىرلىنىپ كېتەتتى ، گاھىدا تاغ باغرىدا دانلايتتى ، ئۇسسىغاندا دەريا بويىغا بېرىپ سۇ ئىچىپ كېلەتتى . مۇشۇنداق ھۇزۇر ـ ھالاۋەت بىلەن ياشاپ يۈرۈپ ، بىر مەزگىللەردىن كېيىن ئۇنىڭ پىكرى ئۆزگىرىشكە باشلىدى . « مەن شۇنداق چىرايلىق ، قەددى ـ قامەتلىك ، خۇش ئاۋاز يارالغان تۇرسام ، نېمە ئۈچۈن ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ئېدىرلاردا دان ئىزدەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرۈيمەن . مەن ئەمدى چوڭراق ئىش

قىلىشىم كېرەك » دەپ تۇراتتى ، بىردىنلا يەنە بىر تەرەپتىن قارچىغا كېلىپ ، ئۆزىنى بىر ئۇرۇپلا بىر ئۆردەكنى تۇتۇپ پارە ـ پارە قىلىپ يەپ ، بىردەمدىلا قورسىقىنى تويدۇرۇپ ، مەغرۇر هالدا ئۇچۇپ كەتتى . بۇنى كۆرگەن كەكلىك ئۆزىنى ئەيىبلەپ : « لەنەت ماڭا ، شۇنچە سالا- پەت بىلەن قولۇمدىن هېچ ئىش كەلمەي دان تېرىپ يۈرگىنىمنى كۆر- مەمدىغان ؟ ئەمدى مەنمۇ ئۆزۈمگە مۇناسىپ ئىش قىلىشىم لازىم » دې- گەنلەرنى ئويلىدى ـ دە ، شىكار قىلىش ئۈچۈن هاۋاغا پەرۋاز قىلدى ، هاۋادا تۇرۇپ پەسكە قارىغانىدى ، ئۇچۇپ يۈرگەن بىر كەپتەر كۆ- رۈندى . كەكلىك ئاشۇ كەپتەرنى ئوۋلىماقچى بولۇپ قاناتلىرىنى بېقىنىغا چاپلاپ تۇرۇپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ كەپتەرنى نىشانلاپ جېنىنىڭ بارىچە كۈچەپ شۇڭغىغانىدى ، يېقىن كەلگەندە كەپتەر ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋالدى . سېمىز كەكلىك بولسا ، كەلگەن پېتى ئۆزىنى توختىتالماي سازلىقتىكى پاتقاق لايغا چاپلىشىپ قالدى . هەر قانچە قىلىپمۇ پۇت ۋە قانىتىدىكى سېغىز لايدىن ئاجرىيالماي ، تۇمەن مىڭ ئەپسۇسلار بىلەن جاندىن ئايرىلىپ ، گۆشخۇمار هايۋانلارغا يەم بولدى .

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى ، قولىدىن كەلمىگەن ئىشنى قىلىمەن ، دەپ مەنمەنلىك قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى خۇددى كەكلىك- نىڭ ئاقىۋىتىدەك بولىدۇ . تېخىمۇ تەپسىلىيرەك بىلمەكچى بولساڭ « سەلسەلە ـ تەلدىنىپ » دېگەن كىتابقا قارا . ئۇنىڭدا تېخىمۇ ئىبرەتلىك هېكايىلەردىن تەلىم ئالالايسەن .

ياپىلاق قۇش دېدىكى :

— ئى قارىغۇ ! سەنمۇ مېنى ئەخمەق كەكلىككە ئوخشاتتىڭ . مەنمۇ قارىغۇ بىلەن كۆرگۈچىنىڭ هېكايىسىنى بىلىمەن ، ساڭا ئوخشاش بىر قارىغۇ كۆرگۈچىنىڭ سۆزىگە كىرمەي ، ئاخىردا خىجالەتچىلىكتىن ئۆزىنى يىلانغا چاقتۇرۇپ ئۆلتۈۋالغانىكەن ، بۇ هەم ساڭا ماس كېلىدۇ .

— ئۇنداق بولسا سەنمۇ تەپسىلاتىنى بايان قىلساڭ قانداق ؟ — دېدى كورقۇش .

ياپىلاقۇش كورقۇشنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ

هېكايىسىنى باشلىدى :

## كۆرگۆچى بىلەن كۆرمەسنىڭ ھېكايىسى

زىمىستان قىش كېتىپ ، ئىللىق باھارنىڭ يېتىپ كېلىشى ھامان
بىر قارىغۇ بىلەن بىر ساق كىشى سەپەرگە چىقتى . بۇلار ئاتلىق ئۆزاق
يوللارنى بېسىپ ، كۆن كەچ بولغاندا بىر شورلۇق ئۆتەڭگە كېلىپ
چۈشتى . بۇلار ئاخشىمى مەسلىھەتلىشىپ ، ئەتىسى سۈبھىدىن بۇرۇن
يولغا چىقتى . ئەمما ، شۇ ئارىلىقتا قارىغۇ كىشى قامچىسىنى يوقىتىپ قو-
يۇپ تاپالماي سىلاشتۇرۇپ يۈرگەنىدى . كىشىلەر يەر ئاچقاندا ئۆۋىسى
بۇزۇلۇپ ئېلىپ تاشلىۋېتىلگەن ، سوغۇقتا توڭلاپ يېرىمجان بولۇپ قال-
غان بىر يىلاننى ئۇششاق باللار ئېتىپ يۈرۈپ بۇ جايغا تاشلىۋەتكەنى-
دى . بۇ يىلان قارىغۇنىڭ قولىغا تەگدى . ئۆۋىسىدىن ئايرىلىپ ئەتىياز-
نىڭ سوغۇقىدا توڭلاپ كەتكەن يىلان مىدىر - سىدىر قىلالمايتتى . قا-
رىغۇ ئۇنى تۇتۇپ بېقىپ قامچا خىيال قىلىپ : « ئەجەبمۇ سىلىق ھەم
يۇمشاق قامچىكەن » دەپ ئويلاپ خۇشال بولدى . ئاندىن بۇلار ئۆتەڭ-
دىن ئاتلىنىپ يەنە يولغا راۋان بولدى . خېلى يوللارنى باسقاندىن كې-
يىن تاڭمۇ ئاتتى ، يارا - بارا قۇياش كۆتۈرۈلۈپ ، ئاپتاپ چىقىشقا باش-
لىدى . ھەمراھى قارىغۇغا شۇنداق قارىغانىدى ، قولىدا بىر يىلاننى تۇ-
تۇۋاپتۇ . پەرياد قىلىپ :

— ھەي بۇرادەر ! قولۇڭدا زەھەرلىك يىلان تۇرىدۇ ، دەرھال
تاشلىۋەت .بولمىسا ، ساڭا زەرەر يەتكۈزۈپ قويىدۇ ، — دەپ ئاگاھلان-
دۇردى . ئەمما قارىغۇ بولسا ، كۆڭلىدە :« بۇ ھەمراھىمنىڭ قامچىغا كۆزى
چۈشكەن ئوخشايدۇ » دەپ خاتا گۇمان قىلىپ :

— ئەي بۇرادەر ! كىشىنىڭ بەختى بىلەن كىشىنىڭ نېمە ئىشى ؟
« ئۆزۈڭنى بىل ، ئۆزگىنى قوي ؛ يولۇڭغا ماڭ ، كۆتۈڭنى قىس » دې-
گەن تەمسىل بار . يولۇڭغا مېڭىۋەر . مەن قامچامنى يىتتۈرۈپ قويغانى-

دىم ، سېخىي پەرۋەردىگار ماڭا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىر قامچا ئاتا قىلدى . شەنمۇ مەندىن تالاشماي ، ئاللادىن تىلە ، شۇنداق قىلساڭ بۇ-نىڭدەك ئامەت ساڭىمۇ ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس . ئەمما سېنىڭ سۆزۈڭ بىلەن بۇنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمەن ، — دېدى .

ساق كىشى قارىغۇنىڭ ھالاك بولۇشىدىن تېخىمۇ ئەنسىرەپ :

— ھەي بۇرادەر ، مەن ساڭا كۆيۈنۈپ خەتەردىن ئاگاھلاندۇ-رۇۋاتىمەن . سۆزۈمنى ئاڭلاپ يىلاننى تاشلا ، — دېدى . قارىغۇ بۇنى ئاڭلاپ « ئېھتىمال قامچام قىممەتلىك بولسا كېرەك . ئۇنىڭ كۆزى چۇ-شۇپ مەندىن ئېلىۋېلىش ئۇچۇن تېخىمۇ يېپىشقىلى تۇردى » دەپ ئويلاپ ، ساق كىشى ھەرقانچە ئاگاھلاندۇرسىمۇ ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلى-غىلى ئۇنىمدى . شۇنداق قىلىپ ، بارغانسېرى قۇياش كۆتۈرۈلۈپ ، ئۇ-نىڭ نۇرى جاھاننى ئىسسىتقىلى تۇردى . ئاپتاپنىڭ تەسىرىدە يىلانغا ئىسسىق ئۆتۈپ بىر ئاز جان كىرىپ قالدى - دە ، كۆزىنى ئېچىپ شۇنداق قارىغانىدى ، ئۆزىنى بىر ئادەمنىڭ قولىدا كۆردى . شۇئان ، ئۇ قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدەپ بىر نەشتەر ئۇرغانىدى ، قارىغۇ كىشى « ۋاي-جان ! » دېيىش بىلەن تەڭ ، جان بەردى . سەنمۇ قارىغۇ كىشىدەك جاھىللىق قىلىپ ئۆزۈڭگە ئىش تېپىۋالمىغىن .

كورقۇش دېدىكى :

— ئى بۇرادەر ! سەن تولىمۇ بىلىمسىز ئىكەنسەن . بۇرۇن-قىلارنىڭ :« سالماقلىق رەھماندىن ، چاپسانلىق شەيتاندىن » دېگەن تەمسىلى بار . سەن تەييارلىق پۈتكۈچە سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرۇشۇڭ لازىمدۇر . بۇرۇنقىلار بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى بېيىتنى قالدۇرغان :

**بېيت**

سەۋرى قىلسا مۇشكۇلى بار ھەر كىشى ،
ئىشى پۈتۈپ ئوڭلىنار ئۇنىڭ بېشى .

سەۋرى سېنىڭ دەردىڭگە دەرمان بولۇر ،

شور زېمىن باغ بىلەن بوستان بولۇر .

بارچە ئىشنىڭ ئاچقۇسىدۇر سەۋرى بىل ،
سەۋرى قىل ۋە سەۋرى قىل ھەم سەۋرى قىل .

سەۋرى قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتەر ،
سەۋرىسىزلەر ئۆز ئايىغىدىن يۈتەر .

— ئى كورقۇش ، سېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭنى بىلدىم . سەن مېنى « بالاغا سەۋر، قازاغا رىزا » بولغىن دېمەكچىكەنسەن . سەۋرىنىمۇ لايىقىدا قىلمىسا ، خاپىلىق ۋە ئەندىشە تېپىپ بېرىدۇ . سەۋر قىلدىم دەپ نامازنىڭ پەرز - سۈننەتلىرىنىمۇ كەتتۈرۈپ قويغىلى بولمايدۇ . سەۋر قىلىپ تۇرىۋەرسەڭ : « ۋاي قېرىنداشىم ، سېنىڭ ئۆلۈمۈڭ بىلەن مېنىڭ نېمە ئىشىم ؟ » دېگەندەك ، قىلماقچى بولغانلىرىڭ قېلىۋېرىپ زىيان ئۆزۈڭگە بولىدۇ . سېنىڭ دېگەنلىرىڭ گەرچە راست بولسىمۇ ، ئەمما ھەممىگە ئەمەل قىلغىلى بولمايدۇ . « كېيىنكى پۇشايمان ، ئۆزۈڭگە دۈشمەن » دېگەن گەپ بار . ئۆتكەن ئىشقا پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ بىكار ، — دېدى ياپىلاق .

كورقۇش ياپىلاققا دېدىكى :

— سېنىڭ سۆزلىرىڭدىن تولىمۇ بىزار بولدۇم ، « سۈنى قۇي سىڭەر يەرگە ، گەپنى قىل سىغار يەرگە » دېگەن سۆز بار . « ئۆتمىگەن مۇشتۇمۇڭنى قوينۇڭغا سال » دەپ ، ساڭا گەپ ئاڭلىتالمىدىم . ئەمدى ساڭا نەسىھەت قىلمەن دەپ يۈرمەيمەن . قەدىمكىلەر : « شېرىن - شېرىن سۆزلىسەڭ يىلان ئىنىدىن چىقار ، ئاچچىق - ئاچچىق سۆزلىسەڭ مۇسۇلمان دىنىدىن چىقار » دېگەنىكەن . سەن مېنى نارازى قىلدىڭ . سېنىڭ سۆزۈڭگە كىرىپ ئەلچىلىككە ھەرگىز بارمايمەن .

— ھەي بۇرادەر ، — دېدى ياپىلاق قۇش ، — « بۇگۈنى تاغ چۆرۈلۈپ كەلسە ، ئەتىسى باغ چۆرۈلۈپ كېلىدۇ » ، « كىشىگە چوڭ

سۆزلىسە ، ئۆز بېشىغا كېلەر » دېگەن تەمسىل بار . سەن چوڭ گەپ قىلىپ ، مېنى ئەيىبلەۋېرىپ ھېكايىلەردىكى سوكوت تۈلكىدەك بولۇپ قالمىغىن .

كورقۇش دېدىكى :

— ھەي ياپىلاق ! سەن يېڭى بىر گەپنى چىقىرىۋاتىسەن . سوكوت تۈلكىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرسەڭ ، مەن ھەم ئاڭلاپ قالسام ؟

شۇنداق قىلىپ ، ياپىلاق قۇش ھېكايىسىنى باشلىدى :

## سوكوت تۈلكە ھېكايىسى

رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ، بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر تويىچاق بىلەن بىر تېكىچەك دوست بولۇپتۇ . بۇلار مەسلىھەتلىشىپ ، مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلمەكچى بولۇپ يولغا چىقىپتۇ . بۇلار شۇنداق مېڭىپ بىر جاڭگاللىقتا كېتىۋاتسا ، ئالدىغا بىر يولۋاس تېرىسى ئۇچراپتۇ . بۇنى كۆرۈپ : « سەپەر ئۈستىدە لازىم بولۇپ قالار » دەپ ئويلاپ ، تويىچاق ئۈستىگە يۈدۈۋاپتۇ . يەنە بىردەم ماڭغانىكەن ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر ئېيىق تېرىسى ئۇچراپتۇ . ئۇنىمۇ ئېلىپ تېكىچەك يېپىنىپ مېڭىپتۇ . شۇنداق مېڭىپ بىر جاڭگالغا بارغاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ . « نەلەردە قونارمىز » دەپ ياتىدىغان جاينىڭ قايغۇسىنى قىلىپ كېتىۋاتسا ، ئالدىغا بىر خارابىلىك ئۇچراپتۇ . ئۇ يەرگە يېقىن بارسا نەغمە - ناۋانىڭ ساداسى ئاڭلىنىپتۇ . بۇ ئىككىسى ھەيران بولۇپ تېخىمۇ يېقىنلاپ بارسا ، بىر ئەسكى تامنىڭ ئىچىگە تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ ، بىر - بىرىنىڭ قۇيرۇقىنى ئارغامچە بىلەن مەھكەم چىگىپ ، مەشرەپ ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ . يولۋاس بىلەن ئېيىق نەغمە قىلىپ :

تويىچاقنى چۈشلۈك ئېتەرمىز ،
باكىۋاڭ - ۋاڭ ، باكىۋاڭ .

تېكىچەكنى ناشتىلىق ئېتەرمىز .
باكىۋاك ـ ۋاك ، باكىۋاك .

دەپ غەزەل توۋلىغىلى تۇرۇپتۇ . بۇنى ئاڭلاپ توپىچاق بىلەن تېكىچەك قورقۇنچىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ ، ئاخىر بۇلار بىر تەدبىر ئويلاپ تېپىپتۇ ـ دە ، ئىشىكنىڭ تۈۋىگە يېقىن كېلىپ :

يولۋاس تېرىسىنى بوي قىلارمىز ،
باكىۋاك ـ ۋاك ، باكىۋاك .
ئېيىق تېرىسىنى چىۋىق ئېتەرمىز ،
باكىۋاك ـ ۋاك ، باكىۋاك .
يالغان بولسا قاراپ بېقىڭ ،
باكىۋاك ـ ۋاك ، باكىۋاك .

دەپتۇ . مۆئەككەللىرى بۇ غەزەلنى ئاڭلاپ شۇنداق قارىغانىكەن ، ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ قولىدا بىر يولۋاسنىڭ تېرىسى ، بىرىنىڭ قولىدا بىر ئېيىقنىڭ تېرىسى تۇرۇپتۇ . بۇنى كۆرۈپ : « تېكىچەك بىلەن توپىچاق بىزلەرنى سويۇپ يېگىلى كەپتۇ » دەپ ئويلاپ ، مەشرەپ ئەھلىگە :

— ۋاي ئىش چاتاق بولدى ، دەرھال قېچىڭلار ! — دەپ ۋارقىراپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان هايۋانلار جان قايغۇسىدا ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي قېچىپتۇ . قۇيرۇقلىرى پاسىلداپ ئۇزۇلۇپ ئارغامچىدا قاپتۇ ـ دە ، هەممىسى سولتەك بولۇپ قاپتۇ .

بۇلارنىڭ ئارىسىدىكىلەردىن بىر تۈلكە باشقا بىر يۇرتلۇق بولۇپ ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆز يۇرتىغا قايتماقچى بولۇپ قاپتۇ . نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ ئۆز مەھەللىسىگە بارسا ، هەممە تۈلكىلەر ئۇنى مازاق قىلىپ ، ئارىسىغا ئالماپتۇ . ئويۇن ـ تاماشىلارغىمۇ تەكلىپ قىلماپتۇ . هېچقايسىسى كۆزگە ئىلماي ، نامىنى « سوكوت تۈلكە » دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ . بۇ ئىش سولتەك تۈلكىنىڭ كۆڭلىگە كەپتۇ . « مەن ئەھلىمەھەللىلىكلىرىمنى دەپ شۇنچە يىراق بەردىن كەلسەم ، ماڭا ئوبدانراق مۇئامىلە قىلىشنىڭ

ئورنىغا لەققەم قويۇپ ، مۇشۇنداقمۇ خورلامدۇ ؟ خەپ بۇلارنىڭ ئەدىپىنى بەرمەيدىغان بولسام » دەپ ئەھدى قىلىپتۇ ـ دە ، بىر كۈنى ھەممە تۈلـ كىلەرگە خەۋەر بېرىپ :« ئەي ئەھلىمەھەللە ، قولۇم ـ قوشنا ، يار ـ بۇرادەر ، قان ـ قېرىنداشلار ، سىلەر چەت سەھرادا ياشاپ كەلگەنلـ كـىڭلار ئۇچۇن ھاياتنىڭ لەززىتىنى كۆرمەي ئۆتۈپسىلەر ، مەن بولسام نۇرغۇن شەھەرلەرنى كۆرۈپ كەلدىم . نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆگىنىۋالدىم . بـۇرۇنقىلارنىڭ : ‹ شەھەر كۆرگەن ئىشەكتىن قورق › دېگەن تەمسىلى بىكار ئەمەسكەن ، بۇنىڭ مەنىسى : ‹ شەھەر كۆرگەنلەردە بىلىم بولىدۇ ، يەنى كۆپنى كۆرگەن كۆپنى بىلىدۇ › دېگەن بولىدىكەن . مەن سىـ لـەرگە ئويۇن كۆرسىتىپ بەرمەكچىمەن ، ئۇ شۇنداق قىزىقارلىقكى ، ئايـ رىلىپ قالساڭلار ئەبەدىي پۇشايماندا قالىسىلەر . ئەتە ئەتىگەن بىر نەچچە ئارغامچا تەييارلاپ ، يار دۆڭدىكى كونا خامانغا يىغىلىڭلار » دەپ جاـ كارلاپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئىككىنچى كۈنى تۈلكىلەرنىڭ ھەممىسى دېـ گەن جايغا يىغىلىپتۇ . سولتەك تۈلكە ھەممە تۈلكىلەرنىڭ قۇيرۇقىنى ئارغـامچىغا مەھكەم چېتىپ ، ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى خاماننىڭ مومـ سىغا چىگىپتۇ . ھەممە تۈلكىلەر بىر ـ بىرىگە چېتىقلىق ھالدا ئويۇن خۇشاللىقىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ . سولتەك تۈلكە ئۇلارغا :

— مانا ئويۇن ھازىرلا باشلىنىدۇ ، قاراپ تۇرۇڭلار ! — دەپ قويۇپ ، ئۆزى ئېگىز بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇپ :

— ۋاي ... قۇش باخشىلىرى ! ئىلدام كېلىڭلار ! ھەممە تۈلكـ لـەرنى تۇتۇپ باغلاپ بولدۇم ، قاچۇرۇپ قويمايلى ، — دەپ ۋارقىراپتۇ .

بـۇنى ئاڭلىغان تۈلكىلەر : « ئەمدى ئوۋچىنىڭ قولىغا چۈشۈپتىـ مىز . ‹ ئىشەنمىگىن دوستۇڭغا ، سامان تىقار پوستۇڭغا › دېگەن تەمسىل بـېشىمىزغا كېلىدىغان بولدى »دەپ قورقۇشۇپ قېچىشقا باشلىغانىكەن ، قـۇيرۇقلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈزۈلۈپ ئارغامچىدا قېلىپ ، سولتەك بولۇپ قاپتۇ . قېچىپ بىر يەرلەرگە بېرىپ قارىسا ، ھېچ يەردە ئوۋچى كۆرۈنـ مەپتۇ . تۈلكىلەر بۇ ئىشتىن غەزەپلىنىپ قايتىپ كېلىپ :

— ھەي سولتەك ! بۇ نېمە قىلغىنىڭ ، — دەپ ۋارقىراپتۇ .

سوكوت تۇلكە جاۋاب بىرىپ :

— « كىشىگە سانىساڭ ئۆزگە ، قاشقا سانىساڭ ئۆزگە » دەپتىكەن ، كىم سىلەرنى يوغان گەپ قىلسۇن دەپتۇ . مىنى ھەممىڭلار مازاق قىلىپ « سوكوت تۇلكە » دەيسىلەر ، مەنمۇ ئوينايمەن دەپ مۇشۇنداق سولتەك بولغان . ئەمدى ھەممىمىز ئوخشاش بولدۇق . ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلمىگۈچە چوڭ گەپ قىلماسلىق كېرەك ، — دەپتۇ . شۇنداق قىلىپ ھەممىسى بىر ـ بىرىنى كەمسىتەلمەيدىغان بولۇپتۇ .

— ھەي كورقۇش ، مەن بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۇمكى ، سېنىڭمۇ باللىرىڭ چوڭ بولغاندا ئاندىن مېنىڭ قەدرىمگە يېتىسەن ، — دەپ ياپىلاق قۇش ھېكايىسىنى تاماملىدى .

كورقۇش دېدىكى :

— ھەي ياپىلاق ، سەن مېنىڭ بىلەن كۆپ سۆزلىشىپ كەتتىڭ ، بۇرۇنقىلارنىڭ : « قەلب قازىنى قايىنماس ، قايىنسا ھەم قويۇلماس » ، « ھارامزادىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام » دېگەن تەمسىللىرى بار . سەن ھەرگىز يالغان سۆزلىمەسلىكىڭ كېرەك . يەنە : « ياخشىلىق قىل سۇغا سال ، سۇ بىلمىسە بېلىق بىلۇر ، بېلىق بىلمىسە خالىق بىلۇر » دەپتىكەن . ساڭا ياخشىلىق قىلىپ ئەلچىلىككە بارسام ، باراي . لېكىن بىرىشتىن بۇرۇن ئاۋۋال بېرىپ كۇلانگىر سۇلتانىنىڭ جامالىنى كۆرۈپ ، گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تەمىنى تېتىپ بېقىشىم لازىم ، — دەپ ، كۇلانگىر سۇلتان تەرەپكە راۋان بولدى . يىگىرمە پەرسەخ[1] يول يۈردى . كېتىپ بارسا ، ئالدىغا بىر ھۆپۈپ يولۇقۇپ ، سالام ـ سائەتتىن كېيىن :

— ئى بۇرادەر ، قايسى تەرەپتىن چىقىپ كېلىۋاتىسەن ؟ — دەپ سورىدى . كورقۇش ئۆز تىلىنى قويۇپ ياتلارنىڭ تىلى بىلەن ئارىلاشما سۆزلەپ :

— « پەرۋاز بەندەكى بىخۇدايى نىمەرسە ، ئى خاك بەست ، باش بىلەن دەست ئاسمان » مېنىڭ پەرۋاز قىلىپ كېلىشىم مەلۇم بولغاندۇر ؟ — دېدى .

---

1 بىر پەرسەخ : 6.40 كىلومېتىرغا تەڭ .

— ھەي قارىغۇ ! — دېدى ھۆپۈپ ، — سېنىڭ ئاتا - ئاناڭ ئۆگەتكەن بىر ئوبدان راۋان تىللىرىڭ تۇرسا ، بىلمىگەن نېمەڭگە باشقىلارنىڭ تىللىرى بىلەن ئارىلاشما سۆزلەپ تىلىڭنى چاينىماپ نېمە قىلىسەن ؟ « كۇلەلمىگەن نېمەڭگە ھىجايما » دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ ؟

كورقۇش دېدىكى :

— ھەي ھۆپۈپ ، قايسى تىلنىڭ ھۆرمىتى بولسا ، شۇنى سۆزلەيمىز . سېنىڭ ئۇنى قىل ، بۇنى قىلما دەيدىغانغا نېمە ھەددىڭ ؟

— ئى قارىغۇ ، — دېدى ھۆپۈپ ، — ئۆز تىلىڭنى ئۆزۈڭ ياراتمىساڭ ، كىم يارىتىدۇ ؟ ئۆزۈڭنىڭكىنى ياراتماي ، بىلمىگەن تىلنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۇقۇمسىز سۆزلەپ يۈرسەڭ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ نەپرىتىگە قالامسەن ؟ بۇ گەپ تۇرۇپ تۇرسۇن . ئەمدى سەن دەسلەپكى سوئالىمغا جاۋاب بەرگىن .

— مەن ياپىلاق قۇشقا ۋەكىل بولۇپ ، بايقۇشنىڭ قىزىغا سۆز سالغىلى ئەلچى بولۇپ ماڭدىم ، — دېدى كورقۇش .

ھۆپۈپ بۇ جاۋابتىن ھەيران بولۇپ :

— بەللى - بەللى ! ياپىلاق قۇشنىڭ ناھايىتى پاراسەتسىز ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم . ئۆز قوۋمىنى قولدىن ئىش كەلمەس بىلىپ ئۆزىنى كەمسىتىپ ، سېنى ئەۋەتكىنى نېمىسى ؟ سېنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلاشقانلىقىڭ ھېكىم ھازاقنىڭ ھېكايىسىدەك ئىش بولۇپ قاپتۇ ، — دېدى .

كورقۇش دېدىكى :

— ئى ھۆپۈپ ! ... ئۇ قانداق بولغانىكەن ؟ سۆزلەپ بەرسەڭ قانداق ؟

ھۆپۈپ كورقۇشنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ ھېكايىسىنى باشلىدى :

## ھېكىم ھازاق ھېكايىسى

بۇرۇنقى زاماندا ھېكىم ھازاق دەپ بىر ھېكىم ئۆتكەنىكەن . ئۇ بىر كۈنى دەرەخزارلىققا كېلىپ سەيلە - تاماشا قىلىپ يۈرسە ، بىر دە-

رەخنىنىڭ شېخىدا بىر كەپتەر بىلەن بىر قاغا ئولتۇرۇپتۇ. بۇلار بىر - بىرىگە ھەسەت قىلىشىپ، پات - پات بىر - بىرىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ غەزەپ بىلدۈرگىلى تۇرۇپتۇ. ھېكىم بۇلارنىڭ قىلىقلىرىغا نەزەر سېلىپ ئولتۇرغانىكەن، شۇ ئەسنادا بىر ئوۋچى پەيدا بولۇپ قاغىنى ئاتماقچى بوپتۇ. قاغا ئولتۇرغان دەرەختىن چۈشۈپ، ئوۋچىنىڭ ئالدى تەرىپىگە كېلىپ قونۇپتۇ. ئوۋچى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي شۇئان ئاتقانىكەن، قاغىغا ئوق تېگىپ يىقىلىپتۇ. ئوۋچى ئۇنى ئېلىپ قوشقا يەم قىلىپتۇ. ھېكىم قاغىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ:

— ھەي ئەخمەق قاغا، سەن ئۆز قېرىنداشلىرىڭ بىلەن جاڭگالدا، ياكى ئەسكى خاماندا يۈرگەن بولساڭ، ئوق زەخمىنى يەپ قوشقا يەم بولمىغان بولاتتىڭ. ئوۋچىنىڭ شەپىسىنى سەزگەن قېرىنداشلىرىڭ بىرسى بولمىسا - بىرسى ئۆز سەزگۈرلۈكى بىلەن خەۋەر بېرىپ سېنى بۇ ھالدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالار ئىدى. سەن ئۆز قوۋمىڭنى تاشلاپ كەپتەرگە ئارىلىشىپ يۈرگەنلىكىڭ ئۈچۈن، كەپتەر ھەسەت قىلىپ، غەزەپ بىلدۈرۈپ تۇرغان پەيتتە، ئوۋچى كېلىپ كەپتەرنى مۇرادىغا يەتكۈزدى. ھەي ئۆلگۈر! سەن ھەر قانچە كەپتەرگە ئارىلىشىپ يۈرۈۋالساڭمۇ، قاغىنىڭ كەپتەرگە ئۆزگىرەلمەيدىغانلىقىغا ئەقلىڭ يەتمىگەنمىدى؟ — دەپتۇ.

ھەي كورقۇش، سەنمۇ باشقىلارغا خۇشامەت قىلىمەن دېگۈچە ئۆز جېنىڭ بىلەن ئارام خۇدا يۈرسەڭ بولماسمىدى؟ دەپ ھېكايىسىنى تۈگەتتى.

كورقۇش ھەقىقەتەنمۇ ھۆپۈپنى ئالىملاردىن ھېسابلاپ:

— ھەي ھۆپۈپ، سەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىدە بولغان قۇشسەن. سەندىن بىر سوئال سورىماقچى ئىدىم. پەيغەمبەر ھەزرەت مۇسامۇ؟ ياكى ھەزرەت ھارۇنمۇ؟ — دەپ سورىدى. ھۆپۈپ جاۋاب بېرىپ:

— مۇسا پەيغەمبەر ئىدى. ھارۇن بولسا، خەلىپە ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي كەلگەندە، ئۇلار بىرلىكتە

مەسلىھەت قىلىشاتتى ، — دېدى . يەنە :

— ۋەھىي نېمە ئۈچۈن ھارۋىنغا كەلمەي مۈساغا كېلەتتى ؟ — دەپ سورىدى . ھۆپۈپ دېدىكى :

— مۈسانىڭ تىلى ناھايىتى چۈچۈك ئىدى .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى كورقۇش گەرچە باشقا تائىپە بولسامۇ ، تىللىرىمنىڭ چۈچۈكلۈكىدىن ئەلچىلىككە ياپىلاق قۇش مېنى تاللىدى .

— ھەي كورقۇش ، سەن مۇشۇ سۆزۈڭ بىلەن ماختانغانلىقىڭنى بىلەمسەن ؟ « يۇمرۇق بوكۇلۇپ سەك بولماس ، ئۆچكە يۇگۇرۇپ لەك بولماس » دېگەن تەمسىل بار . سەن خۇددى شۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشايسەن ، سېنىڭ قولۇڭدىن ئىش كەلمەيدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم تۇرسا ، قىلالمايدىغان ئىشنى قىلىمەن دەپ نېمە قىلاتتىڭ ؟ سەنمۇ ئاخىر بىلمىگەننى بىلىمەن دەپ يۈرۈپ دورامچى مايمۇندەك كۈنگە قالمىغىن ، — دېدى ھۆپۈپ .

— ھەي بۇرادەر ، — دېدى كورقۇش ، — دورامچى مايمۇن قانداق كۈنلەرگە قالغانىكەن ؟ ئۇنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرگەن بولساڭ ، بىزلەر ھەم ئىبرەت ئالساق .

شۇنداق قىلىپ ، ھۆپۈپ كورقۇشنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ ھېكايىسىنى باشلىدى :

## دورامچىنىڭ ھېكايىسى

بار ئىدى كەشمىر ساھىلىدە بىر تاغ ،
رەشكىدىن باغ ئىرەم كۆكسىدە مىڭ داغ .
گەر ئاندا بار ئىدى كىرەكلىك ياغاچ ،
يەتتە غۇلاچ ، بويى ئون ئىككى غۇلاچ .
بار ئىدى كۆپ نېمەت ۋە ئالۋانلىرى ،
يايلاقتا يۈرەتتى كۆپ ھايۋانلىرى .
دىماغقا ئۇراتتى گۈل خۇشبۇيلىرى .

راھەت جان ئىدى ھەم ئاقار سۇلىرى .
بار ئىدى بىراۋنىڭ سالغان كۆلىسى ،
ئۇ ئۆيدە تۇراتتى مايمۇندىن بىرسى .
جان كىچىپ ئۆزىنى ئويىنىتاتتى تەن ،
ئوقۇيتتى ئۇ ، قىسسەئى ھەبىل ۋەتەن .
يەر ئىدى كۆكلى تارتقان مىۋەسىنى ،
يىغاتتى كۇندە تاپقان نىمەسىنى .

بار ئىدى ئۇ يەردە بىر ياغاچچى مەرد ،
كۆكلى ياغاچ يوقلۇقىدىن قىلدى دەرد .
باردى ئۇ تاغقا ياغاچ كەسمەك بولۇپ ،
خۇددى ئۇ تاغ كەسكۇچى پەرھات بولۇپ .
سانار ئىدى ئۆزىنى تاغ خىسراۋى ،
ھىچ بىراۋنىڭ يوق بۇنىڭدەك مەنسۋى .

گەر ئىلىنسا پەشلىرىنى قىستۇرۇش ،
ئادەت ئىدى كۇندە ياغاچ ئاختۇرۇش .
ئىزدىدى ئاچتى ياغاچ پەردىسىنى ،
ئاستى بەلگە چوت بىلەن ھەرىسىنى .
ئۇنىڭ بىلەن كەستى ياغاچ رىشتىنى ،
قويدى يەردە ئۇنتۇپ ئۇ چوتىنى .
باشقا بىر تاغقا بىرىپ كەستى ياغاچ ،
بىرىش ئۇچۇن قىلدى ئۇ ھەم بىر ئىلاج .
پالتا بىلەن بىر ئۇچىنى ياردى ئول ،
پانا قويۇپ ، چوتىنى ئىزدەپ ماڭدى ئول .
چۇشتى قاراپ ئۇنىڭغا مايمۇن كۆزى ،
ئاقىل ۋە دانا ساناپ ، ئۆزىنى — ئۆزى .
ئىيتتىكى :« ئولۇسدا بۇ بىر كەسپدۇر ،
كەسپىنىڭ بىشنى كەسسەك نىسپدۇر .

ئۆگەنسەڭ بولغۇدەك ئەلگە بۇ ھۈنەر ،
ھۈنەرسىز ئەللەرنى كىشى دېدى خەر .
مەنمۇ ئەمدى بۇ ھۈنەرنى ئۆگىنەي ،
بالىلىرىمنىڭ بارچىسىگە ئۆگىتەي ».
جىھات قىلىپ باردى ياغاچ كەسكىلى ،
يەنى ياغاچ قالمىشنى يارغىلى .
مىندى ياغاچ ئۈستىگە ياغاچچىدەك ،
خۇددى بىر كەسىپ ئەھلىنىڭ ئۇستازىدەك .
كەتتى ھۈنەر زوقى بىلەن غۇسسەسى[1] ،
چۈشتى ياغاچ ئارىسىغا خاسەسى .
بەلكى ئۆرىدىن بولدى تۇتۇلماقلىقى ،
مۇمكىن ئەمەس ئۇنىڭ قۇتۇلماقلىقى .
ئادىمىلەر جېنىدە يوق قىسسەسى ،
قالدى ئۇنىڭ خاسەسىنىڭ ھەسسەسى .

مېنىڭ ساڭا بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىشىمدىكى سەۋەب : سېنىمۇ مايمۇنغا ئوخشاش كۈنگە قالمىسۇن دېگەنلىكىمدۇر ، ــ دەپ ھۆپۈپ ھېكايىسىنى تۈگەتتى . كورقۇش دېدىكى :

ــ ھەي ھۆپۈپ ، سەن بولساڭ ئالىم ۋە شائىردۇرسەن . سېنىڭ بۇ نەزمىلىرىڭنى شەرھلەشكە ئاجىزلىق قىلىمەن . ھېكايەڭ ھەممە كىشىگە نەسىھەت بېغىشلايدىغاندەك قىلىدۇ . تەپسىلىيراق بايان قىلساڭ قانداق ؟

ــ ئۇنداق بولسا ، ــ دەپ ھېكايىسىنى داۋام قىلدى ھۆپۈپ ، ــ رىۋايەت قىلىنىشىچە : كەشمىر تەرەپلەردە بىر تاغ بار ئىدى . بەلكى ئۇ تاغ ئەمەس ، جەننەت كەبى باغ ئىدى . ئۇنىڭ ئالدىدا باغى ــ ئېرەممۇ باش كۆتۈرۈپ تىك تۇرالماي ، ھەسەت ئوتىدىن ئاھ ئۇرۇپ ، باغرى داغ ئىدى . تاغنىڭ ئۈستى بۈك ــ باراقسان ئورمان ۋە گۈل ــ گىياھلار بىلەن بېزەلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ خۇش پۇراق ھىدلىرى بۇرۇنغا تېگىپ

① غۇسسە : غەم ــ قايغۇ

كۆڭۈلنى شادلاندۇراتتى . دەرەخلىرى ئاسمان ـ پەلەك لەيلىشىپ تۇر-
غان ، مېۋىلىرى پىشىپ مەي بولۇپ تۇرغان ، يايلاقلاردا  هايۋانلار ئۆز
ئىشى بىلەن ئويناقلاپ چېپىپ يۈرگەن . بۇنىڭدەك مەمۇرچىلىق جاهان-
نىڭ هېچ يېرىدە يوق ئىدى . بۇ يەردە قانداقتۇ بىر كىشى تەرىپىدىن
سېلىنىپ ، كېيىنكى ۋاقىتدا تاشلىۋېتىلگەن بىر كىچىك كۆلبە بار بو-
لۇپ ، ئۇنىڭدا بىر مايمۇن تۇراتتى . ئۇ كۈندە تاپقان ـ تەرگەنلى-
رىنى يەپ ـ ئىچىپ ، ئاشقىنىنى ئاشۇ ئۆيگە ئېلىپ كېلەتتى . باشقا
ۋاقىتدا خالىغان نېمىسىنى يەپ ، شاختىن شاخقا سەكرەپ يۈرۈپ
ئۆزىنى ئوينىتاتتى .

بىر مەھەللىدە بىر ياغاچچى بار ئىدى ، ئۇنىڭغا ياغاچ بولمىغانلىق-
تىن هۈنەر قىلالماي ، كۈن ئالمىقى قىيىنلاشقىلى تۇردى . ئاخىر ياغاچ
ئىزدەپ مايمۇن بار تاغقا باردى . كۆردىكى ، بۇ تاغدا ياغاچ دېگەن
سان ـ ساناقسىز ئىدى ، ئەمما ئىگىسى يوق ئىدى . ياغاچچى ئويلىدىكى :
« نېمىدېگەن زور بايلىق بۇ ؟ ئەمدى مەن بۇ بايلىقنىڭ ئىگىسى ، ئىگى-
سىلا ئەمەس ، بەلكى بۇ تاغنىڭ پادىشاهى بولدۇم . قانداق مەنسەپ مې-
نىڭ ئەمىلىمگە تەڭ كېلەلىسۇن ؟ چاپىمەنمۇ ، يارىمەنمۇ ، هەممە ئىش
ئۆز ئىختىيارلىقىمغا ئۆتتى » دەپ خۇشال بولۇپ مەغرۇر هالدا پەشلىرىنى
قىستۇرۇپ . چوت بىلەن هەرىسىنى ئېلىپ ياغاچ كەسكىلى باردى . ئۇ
يەردە بىر مۇنچە ياغاچنى كېسىپ بولۇپ ، يەنە بىر تاغقا ياغاچ كەسكىلى
باردى . بىر نەچچە يوغان ياغاچلارنى هەرىسى بىلەن كېسىپ ئۇنى ئوت-
تۇرىسىدىن يارماقچى بولۇپ هەرىدەپ تىلغانىدى ، بىركەمدىن كېيىن
هەرىسىنى ياغاچ قىسىۋالدى . يېنىدا بىر تال پانىسى بار ئىدى ، پالتا بى-
لەن ئۇنى يېرىققا قېقىپ تۇرۇپ يەنە هەرىدىدى . بىردەمدىن كېيىن هە-
رىسى يەنە قىسىلىپ قالدى . ئىككىنچى پانىنى ئېلىپ هەرىگە يېقىن يەرگە
قېقىپ ئالدىنقى قاققان پانىنى بوشىتىپ يېنىدا قويدى ، هەرىسىنى بىر ـ
ئىككى تارتىپلا ، چوت يادىغا كەلدى . بىلدىكى ، دەسلەپتە ياغاچ كەس-
كەن تاغدا ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ . ياغاچچى قىلىۋاتقان ئىشىنى شۇ پېتى قويۇپ
چوتىنى ئىزدەپ كەتتى .مايمۇن بولسا ، بىر چاتقالنىڭ كەينىدە ياغاچچى-

نىڭ ھەممە پائالىيەتلىرىگە قاراپ تۇرغانىدى. «ياغاچچىلىق دېگەن ئا-
سان ئىكەنغۇ. بۇنىڭ قىلغىلى بولمايدىغان نېمىسى بار. مەن ھەم بۇنى
ئۆگىنىپ، بالىلىرىمغۇ ئۆگىتىپ، ئۇلۇس ئىچىدە ھۈنەر كۆرسەتمەي-
مىزمۇ. مانا مەن بىر كۆرۈپلا ھەممىنى ئۆگىنىپ بولدۇم» دەپ، ئۆزىنى
ياغاچچىنىڭ پىر-ئۇستازىدەك ھېسابلاپ بىرىپ ياغاچچىنى دوراپ يا-
غاچنىڭ ئۇستىگە مىنگەنىدى، ئۇنىڭ خاسەسى ساڭگىلاپ ياغاچنىڭ
يېرىقىغا كىرىپ كەتتى. مايمۇن ھۈنەرنىڭ قىزىقچىلىقىدا ئۇ نېمىسى بى-
لەن كارى بولماي، ياغاچنىڭ ھەرىگە يېقىن يېرىگە پانىدىن بىرنى قې-
قىپ تۇرۇپ ئاندىن ئالدىنقى پانىنى بوشىتىشنى بىلمەي، بىرىپلا پانىنى
بوشىتىپ ئالغانىدى، خاسەسنى ياغاچ مۇستەھكەم قىسىۋالدى. ئۇنىڭ
ئاغرىقىدىن مايمۇن چىرقىراپ پەريادلار قىلغىلى تۇرغانىدى، ياغاچچى
كېلىپ قالدى. ياغاچچى مايمۇننى ئايرىپ بولغۇچە خاسەسىنىڭ تېگى
ئۇزۇلۇپ ياغاچنىڭ يېرىقىدا قالدى. بىچارە مايمۇن مىڭ نالە-زار قىل-
سىمۇ، پۇشايمان ئىزىغا كەلمىدى. ياغاچچى ئۇنىڭ بويىنىنى زەنجىر بى-
لەن باغلاپ، بالىلىرىغا بەردى. ئۇششاق بالىلار سۆرەپ ئۇرۇپ، ئازابلار
سالدى. مايمۇن: «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا» دەپ،
بىلمىگەننى بىلىمەن دەپ ئاقساقاللىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، رە-
ھىمسىز ئازاب-ئوقۇبەت بىلەن ئۆلدى.
— ھەي كورقۇش، كىشىنىڭ ئىشىنى قىلىپ بىرىپ كىشىنىڭ
رەھىمتىگە ئېرىششنىڭ ئورنىغا ئۆزۈڭگە خاپىلىق تېپىۋالمىغىن، —
دېدى.
— ھەي ھۆپۈپ، راست ئېيتىسەن. بىلمەسنى خۇش قىلماق
تەس. بۇ ئىشقا مېنىڭمۇ رايىم يوق ئىدى، بىراق ئامال بولمىدى. ئەلچى-
لىكنى مەنمۇ ئۆز ئىختىيارىم بىلەن قوبۇل قىلغۇم يوق. سەن خېلى يې-
تىشكەن ئالىم ھېسابلانساڭمۇ، تۆگىنىڭ بوتىلىقىنىڭ ئانىسىغا قىلغان
مۇراجىئىتىدىن خەۋەرسىز ئوخشايسەن.
— ھەي كورقۇش، بۇ ھېكايىنى زادىلا ئاڭلىمىغانىكەن-
مەن، ماقۇل كۆرسەڭ ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلىپ بەر-

سەك ، — دېدى ھۆپۈپ .
شۇنداق قىلىپ ، كورقۇش ھېكايىسىنى بايان قىلدى :

## بىچارە تۆگە ھېكايىسى

بار ئىدى پەرغانىدە بىر تۆگىچى ،
يۈك بېسىپ سەھرايۇ ، يۇرتلار يۈرگۈچى .
روزىغارىدا بار ئىدى بىر تۆگىسى ،
ۋە يەنە ئولتۇرغىلى بىر كۆلبىسى .
كۆلبىسىنىڭ تېمى بار ئۈستى ئوچۇق ،
ئىدى ھەم ئوزۇق ئۈچۈن ھېچ نەرسە يوق ؟
شۇ قەدەر يوقسۇز ئىدى ئالەم ئارا ،
كەتسە ئامەت بولىدۇ ھەممە جۇدا .
بىر كۈنى تۇغدى ئۇنىڭكى تۆگىسى ،
تۆگىچىنىڭ كەلمىدى ھەم يۈرگۈسى .
بارمىدى ئۆيدىن يىراققا ئول كىشى ،
تۆگىنى بېقىش ئىدى ئۇنىڭ ئىشى .
كۆپ بالىلىق ئىدى ئۇنىڭ مالى يوق ،
بالىلىرىنى باققۇچىلىك ھالى يوق .
ئىككى بولدى ئەمدى ئۇنىڭ تۆگىسى ،
بىرسى ئانا ، يەنە بىرسى بوتىسى .
ئۆيگە خەج ـ خىراجەت تاپماق بولۇپ ،
يۈك تېپىپ ، يىراق سەپەر ماڭماق بولۇپ .
بىر كۈنى ئۇ تۆگىسىنى قوملىدى ،
ئارتىدىغان نەرسىسىنى يۈكلىدى .
يۈكلىرى ئېغىر ئىدى ھەم يول يىراق ،
ئۆرتىدى تايلىقىنى يالقۇن پىراق .
پەسلى تومۇز ئىدى ھاۋا كۆپ ئىسسىق ،

يوللار تۆمۈردەك ئىدى قۇملار قىزىق .
تايلاقنى قىيىندى ئاچلىق ۋە ئاپتاپ ،
ماغدۇرى قالمىدى بولۇپ ئۇ بىتاپ .
ئانىسىغا يېتەلمەي تۆكتى كۆز ياش ،
ئەمدىلا تۇغۇلاپ غەمگە تولدى باش .
ئاھ ئۇرۇپ بوتىسى مۇناجات قىلدى ،
تىلكىنى شۇ ھامان ئىجابەت قىلدى .
تۆگىنىڭ يۈكلىرى بولدى سىڭايان ،
چۆكتۈردى ، تۈزىتەي بولسۇن دەپ راۋان .
بوتىسى بېرىپ يەتتى ئارقىسىدىن ،
ھارارەت ياندى ئۇنىڭ گەۋدىسىدىن .
يۈزلىنىپ ئېيتتى : « ئى رەھىملىك ئانام ،
كۆيدى ئوت ، تۇتاشتى تېنىمگە تامام .
ئاسترىاق يول يېسىپ يۈرسەڭچۇ بىردەم ،
ئاچ قالدىم سۈتۈڭدىن ئىچەي دەمىىدەم » .
ئېيتتى ئانىسى بالىسىغا بېقىپ ،
كۆزىدىن ياشلىرى كەلكۈندەك ئېقىپ :
« كۆرگىن بوتام ، بۇژلام كىشىنىڭ قولىدا ،
بۇ كىشىنىڭ كۆزلىرى ئۆز يولىدا .
مەندە ئەگەر بولسا ئىدى ئىختىيار ،
قىلار ئىدىم سەن بوتامنى بەختىيار .
ئاھ بالام يوقتۇر ماڭا ھېچبىر ئىلاج ،
تەگرى شۇنداق يارىتىپتۇ بەختى كاج ».
دېدى تايلاق كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ ،
ياش ئەمەس بەلكى كۆزىدىن قان تۆكۈپ :
« ئاھ ئانا دەردىڭنى مەن بىلمەپتىمەن ،
نېمە ئۈچۈن دۇنياغا مەن كەلگەندىمەن » .

ئىككىسى تۇردى بىردەم سۆھبەت قىلىپ،
تۆگىچى يۈردى يەنە بىللە ئېلىپ.

— ئى ھۆپۈپ موللام، مەن بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، مېنىڭمۇ ئىلاجسىز تەرەپلىرىم بار، «قىزنى كىم سۆيمەس، قىمىزنى كىم ئىچمەس» دېگەن تەمسىل بار. مەنمۇ ئەلۋەتتە ئاۋارىچىلىكنى خالىمايمەن. قەدىمكىلەرنىڭ تەمسىلىدە: «كانايچىدىن يەل كېتىپتۇ، ھارۋىكەشتىن تىرتاڭ تىرت» دېگەن گەپ بار. مەنمۇ كىشىنىڭ ئالدىدا تەڭ بولغۇچە، ئەلچىلىككە بارسام باراي دېدىم. «ئۆمۈچۈك ئۆملىيەلمەس، ئۆملىگەننى كۆرەلمەس» دەپ، سەن كىشىنىڭ ئىشىغا كاشىلا بولمىغىن، — دېدى.

— ھەي كورقۇش، ئامانەت سۆزلەرنى يەتكۈزمەك ياخشىلارنىڭ ئىشىدۇر. سەن «كۆلنى ئۆز كۆمىچىڭ ئۈستىگە تارتما». كىشىنىڭ سۆزىنى يەتكۈزمەكچى بولساڭ ئاۋۋال گەپنىڭ ھەقىقىتىگە چۈشىنىپ ئاندىن سۆزلىگىن. «سۆز تالاشقاق ئۇلتۇرماس، كېتەر يولغا ۋىدالىشىپ» دېگەن گەپ بار. مەنمۇ سەن بىلەن گەپ تالىشىپ ئولتۇرماي يولۇمغا ماڭاي، — دەپ ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

شۇنداق قىلىپ، كورقۇش كۆلانگىر سۇلتان بارگاھىغا قاراپ يول ئېلىپ، ئاخىر مەنزىلگە يېتىپ باردى. كۆردىكى، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك شانۇ شەۋكەتلىك بارگاھ تۇرۇپتۇ، ھەتتا ئۇنى تەرىپلەشكە تىلمۇ ئاجىزلىق قىلاتتى.

**بېيت**

كۆردىكى تىكىلگەن ھەيۋەتلىك بارگاھ،
جەڭگىۋار ھالەتتە نەچچە مىڭ سىپاھ.
قۇببىلىرى تۇراتتى كۆككە تېگىپ،
پەلەكمۇ قارايتتى بېشىنى ئېگىپ.
بۇ جايغا باش ئىدى سۇلتان كۆلانگىر،
دەيتتى ئۇ: «دۇنياغا بولسام جاھانگىر».

ۋە يەنە بار ئىدى ئاخۇن ـ ئەشرەپى ،
كۈن بويى ئۇينايتتى دولان مەشرىپى .
بىر نەچچە قۇشلار بىلەن سىرداش بولۇپ ،
بۇلبۇل ۋە قومرى بىلەن ئاداش بولۇپ .
كۈنلىرى ئۆتەتتى ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ،
مەقسىتى ئىدىكى شان ـ شۆھرەت بىلەن .

كورقۇش ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن ، ئوردا ئىچىدىن چىقىۋاتقان قۇللۇق بىلدۈرۈپ : « خوش ـ خوش » دېيىشىۋاتقان ئاۋازنىڭ سۈرىدىن ئىچـ كىرى كىرەلمەي ، ئوردا ئالدىدا ئولتۇردى .

كۈلانگىر سۇلتان سىرتقا كۆز تاشلىغانىدى ، نەزەرى كورقۇشقا چۈشتى . كۈلانگىر سۇلتاننىڭ خىزمىتىدە كۆكنەك ئىسىملىك بىر قۇلى بار بولۇپ ، دائىم ئۇنىڭ خىزمىتىگە تەييار ئىدى . ئۇنى چاقىرىپ :

— ئوردا ئالدىدا ئولتۇرغان كىشىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ باقـ قىن . بىرەر موھتاجلىقتىن كەلدىمۇ ياكى ئاچ ـ يالىڭاچلىقتىن كەلدىمۇ ؟ ئېنىقلا . ئەگەر بىزنىڭلا دەپ كەلگەن بولسا ، بۇ يەرگە باشلاپ كەلگىن ، — دەپ بۇيرۇدى . كۆكنەك كورقۇشنىڭ ئالدىغا بېرىپ :

— ھەي بوۋا ، قەيەردىن كەلدىڭ ؟ — دەپ سورىدى . كور قۇش جاۋاب بېرىپ :

— ۋاي بالام ، سەن سورىمىغىن ، مەن ئېيتماي . بۇنىڭدەك كۈنگە قالغۇچە ئالەمدىن غايىب بولۇپ كەتسەم بولماسمىدى ، — دېدى .

كورقۇشنىڭ گەپ يورغىلاتقىنىدىن كۆكنەك تەقەززالىنىپ :

— ئى بوۋاي ، «ياخشىلار تېپىپ سۆزلەر ، يامانلار ئەيىب سۆزـ لەر » دېگەندەك نېمە گەپ قاچۇرىسەن ؟ ئەركانى دۆلەت ئىچىدە مېنى كىچىك كۆرۈپ قالدىڭمۇ ؟ ياكى كۆكنەك ئىكەن دەپ مېنى ياراتمايۋاـ تامسەن ؟ « ئۆز يۇرتىدا كۆكنەك ھەم غاز ئالۇر ھەم ئۆردەك : كىشىنىڭ يۇرتىدا بوز لاچىن نە غاز ئالسۇن نە ئۆردەك » . سەن ئۆز ۋەتىنىڭدە ھەرقانچە باھادىر بولساڭمۇ ، كىشىنىڭ يۇرتىدا بىچارە بولىسەن . گەرچە

مەن كۆكىنەكتىن ئىبارەت ئاددىي قۇش بولساممۇ ، ئۆز ۋەتىنىم بولغاچقا قۇللىغۇچىلىرىم كۆپ ، قىلىمەن دېگەننى قىلالايمەن . سەن ئەمدى قە. دىمكىلەرنىڭ : « ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت ، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن تارت » دېگىنىدەك ھالىڭغا بېقىپ سۆزلە .« يولۇڭدا ئۇچرىغانغا ياخشى گەپ قى. لىپ خۇشال قىلغىن ، بەلكى باشقا كۆرمەسسەن » دېگەن ئەقلىيە سۆز بار ، ھازىر ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىز بىلەن تونۇشمايمىز ، لېكىن ياخشىراق مۇئامىلىدە بولۇشىمىز لازىم . « ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ ، ئۆزگىنى شىر چاغلا » دېگەن تەمسىل بار ، ھازىر قوپاللىق قىلىپ قويۇپ ، كېيىن پۇشايماندا قالما ، ــ دېدى .

ــ ھەي بالام ، ــ دېدى كورقۇش ، ــ سەن ئانىسى باشلىمىغان قىزغا ، ئاتىسى باشلىمىغان ئوغۇلغا ئوخشايدىكەنسەن . گېپىڭ چوڭ نې. مىكەنسەن . ساڭا ھەممە گەپ ـ سۆزلىرىمنى دېگىلى نۇرغۇن ۋاقىت كېرەك . بۇرۇنقىلارنىڭ : « سەركە سۇ ئىچكۇچە ، ئوغلاق مۇزلاپتۇ » دېگىنىدەك ، مېنىڭ گېپىم تۈگىگۈچە سۇلتاننىڭ ئىشى چىقىپ قالسا ، كەلگەن يولۇم بىكار كەتەمدۇ ؟ مەن مېھمان بولۇپ كەلگەندىكىن سالام بىلەن كۈتۈۋېلىشىڭ لازىم ئىدى . مېھمان دېگەننىڭ ئېتى ئۇلۇغدۇر . سەن خاپا قىلمىساڭمۇ ، ئۆز دەردىممۇ ئۆزۈمگە يېتەرلىكتۇر .سەندە مېھ. مانغا نىسبەتەن ھۆرمەت دېگەن نەرسە يوقكەن ، ــ دەپ رەنجىپ، كۆ. كىنەك بىلەن بىر يەرگە ماڭماي جايىدا ئولتۇرۇۋالدى . كۆلانگىر سۇلتان بۇنى كۆرۈپ كۆكىنەك قۇشنىڭ مېھمانغا ئازار قىلغانلىقىنى بىلىپ ، كور قۇشنىڭ يېنىغا ئۆزى چىقتى ، كۆكىنەك قۇشقا غەزەپلەر قىلغانىدى ، ئۇ. نىڭ يېقىمسىز كۆزلىرىدىن ياشلىرى راۋان بولدى . كورقۇشقا تەسەللى بېرىپ ، يېتىلەپ ئاپىرىپ ئۆزىنىڭ يېنىدىن ئورۇن بېرىپ ئۆزرىلەر ئېيتتى . كورقۇش دېدىكى :

ــ ئۇلۇغلىرىنىڭ بارگاھىدا بىلىم ئەھلى ، ئەقىل ـ پاراسەتلىكلەر ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ ، يەنىلا ئازلىق قىلىدۇ ؛ خۇسۇسەن ، ئادىل پا. دىشاھلار مۇنداق ئۈچ خىل كىشىلەرنى يولاتماسلىقى ۋە ئۇلاردىن كې. چىشى لازىمدۇر . ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى : ئىلىمگە ئەمەل قىلماي ، پادى.

شاھنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدىغانلار ، ئىككىنچىسى : ۋەزىرلىك تەمە قىلىپ ، پادىشاھنىڭ مۇھىم نەرسىلىرىنىڭ كويىدا يۈرىدىغانلار ، ئۈچىنچىسى : قەلەمدە ياكى ئەلەمدە قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلار . بۇنداقلار يەيدىغانىنى يەپ . دوستلۇقنى ئىغىزدىن چۈشۈرمەيدۇ . ئەمەلىيەتتە پۇرسەت كۈتىدۇ . ھەرىكىتى دەللاللارغا ئوخشايدۇ . ئۇنىڭدەك تۇزكورلارنى كۆزدىن يوقىتىش لازىم . قەدىمكىلەرنىڭ تەمسىلىدە : « ئەرگە بەرسەڭ ئىشىڭنى ، ئەرلەر سىلار بىشىڭنى ؛ ئىتقا بەرسەڭ ئىشىڭنى . ئىتلار چاينار بىشىڭنى » دىگەن گەپ بار . خىزمەتكارلارغا سىرىنى ئاشكارىلىماسلىق زۆرۈردۇر . بۇ ھەقتە : « سىيگىلى بارساڭ ، ئىتىكىڭنى ياپ » دىگەن تەمسىل بار . بۇ مەخپىيەتلىككە ھوشيار بول دىمەكتۇر . « ياخشى بىلەن يۈردۈڭ ، يەتتىڭ مۇرادقا ؛ يامان بىلەن يۈردۈڭ ، قالدىڭ ئۇياتقا » دىگەن تەمسىل ھەرگىز سەۋەبسىز كەلگەن ئەمەس . « يامانغا يانداشساڭ يالىسى يۇقار ، قازانغا يانداشساڭ قارىسى يۇقار » دىگەن تەمسىل كىشلەر ئۈچۈن نەسىھەتتۇر .

ئى سۇلتان جانابلىرى ، بىزمۇ تىگى پەس كىشلەردىن ئەمەس ، « قوي كۆرمىسەكمۇ ، قوزا كۆرگەن » . ھەرقانداق كىشى ، قول ئاستىدىكىلەرگە ئوبدان مۇئامىلىدە بولسا ، ئۇلارمۇ قىزغىن بولىدۇ . ئەمما ، ئىشەنچسىز ۋە ناچارلارنى بولسا ، پەرق ئىتىش زۆرۈردۇر ، ئەلۋەتتە . « تىگى پەس ، ئۆزگەرمىكى تەس » دىگەن تەمسىل بار . بۇنداقلاردىن ئۈمىد كۈتمەك تەس . « ئەسكى يەردە ياتاق بولۇر ، ھوسۇلى ئاز ، مىھنىتى كۆپرەك بولۇر » ، ئەسكىدىن ياخشىلىق تىلەشنىڭ ئۆزى ، قۇرۇق ياغاچتىن مىۋە تىلىگەن بىلەن باراۋەردۇر . يامانلار ياخشىدەك بولۇۋالسىمۇ ، « موللامنى يوقاتقان بىر يەل » دىگەندەك ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە يامان ئىشتىن بىرنى قىلىپ ھەممىنى بۇزىدۇ .

ھەر قاچان ناجىنستىن كەلمەس ۋاپا ،
مىۋىنى قۇرۇق دەرەخ بەرمىگەندەك .

دەپ، نەسىھەت بابىدىكى سۆزلىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ: — مەن دېگەن جەھەتلەرگە ئەھمىيەت بەرگۈچى ھەر قانداق ئەمىرئەكابىرلەر ھەرگىز پۇشايماندا قالماس، — دېدى.

كورقۇشنىڭ سۆزى كۆلانگىر سۇلتانغا تاڭ شامىلىدەك خوش يېقىپ، نەسىھەتلىك ئىبارىلەر جان - جېنىغا تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ۋەيرانلىق قانلىرى تازىلىنىپ، ياخشىلىققا يۈز تۇتتى. كۆكنەكنىڭ بۇ بىلىملىك زاتقا قوپاللىق قىلغانلىقىدىن ناھايىتى خىجىل بولۇپ يەنە بىر قېتىم ئۆزرىلەر ئېيتتى. كورقۇش دېدىكى:

— ئى ئالىيلىرى، سىلىنىڭ قۇللىرىنىڭ سىلى يوق يەردە كۆرەڭلەپ كەتكىنىدىن ئەجەبلەنمىسىلە. «ئىت يوق يەردە مۈشۈكمۇ قاۋايدۇ، پەخەس بولمىساڭ ئۇمۇ تالايدۇ»، «پىتتىن سىركىسى يامان، ئامبالدىن دوغىسى» دېگەن تەمسىل بىكار كەلمىگەن. ئەمىرلەرنىڭ غالچىلىرىمۇ ئەمىر يوق جايدا ئۆزلىرىنى ئەمىردىنمۇ چوڭ سانايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ نامىنى سېتىپ زۇلۇملار پەيدا قىلىدۇ. بۇ ھەقتە سەئدى:

«يەي دېسە پۇقرا بېغىدىن پادىشاھ بىر ئالمىنى،
يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلار دەرەخنى بىر غالچىسى.
كۆرسە سۇلتان بىر توخۇمغا زورلۇق ئەيلەشنى راۋا،
مىڭ توخۇنى زىخقا تارتقاي لەشكىرىدىن قانچىسى».

دەپ روشەن يازغاندى، ئالىيلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىكىلەر شۇنچە زالىملىق قىلغان يەردە، كۆز كۆرمەيدىغان يىراق جايلاردا ياشىغۇچى چۇپرەندىلەرنىڭ نېمە ئىشلار قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇلارنىڭ قولىدا ئازابلانغان بىچارىلەرنىڭ غەمكىن كۆڭۈللىرىگە ئۆزرە ئېيتقايلا. ئەمدى بىز بۇنىڭدەك كۆڭۈلسىز گەپلەرنى قويۇپ ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى.

كۆلانگىر سۇلتان داستىخان كەلتۈرۈپ، تائامغا تەكلىپ قىلدى. كۆلانگىر سۇلتاننىڭ ئىلگىرىكى مېھمانلىرىدىن ئېشىپ قالغان ئېشى بار ئىدى، كورقۇشنىڭ ئالدىدا قويۇپ:

— ئاز ئاشنىڭ زورلىغۇچىلىكى يوق، قېنى، ئېلىڭ، — دەپ

تەكلىپ قىلدى. كورقۇش تائامغا ئېغىز تەگمەي تۇرۇپ:

پىخسىقلىق قىلمىغىن كېرەملىك ئى شاھ،
ئاز ئاشنى ئۆزۈڭ يەپ، قايتا ئوت قالا.

ئېشىپ قالغان تائامنى مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇش بولسا، ناھايىتى ئەيىبلىك ئىشتۇر. ئۆزىدىن ئاشقاننى كىشىگە تەگلەشتىن چوڭ سەت ئىش بولماس. بۇنىڭدەك قىلىش پىخسىقلارنىڭ ئىشىدۇر. پۇل يىغقاندىمۇ، يەپ-ئىچىپ يۇرۇپ تېپىش كېرەك. ھاناتلىق بىلەن تاپقان پۇللىرىڭ بىلەن بىر ئۆمۈر يېمەي-ئىچمەي خىجالەتچىلىك بىلەن ياشايسەن، ئۇنىڭ راھىتىنى سەن ئۆلگەندىن كېيىن باشقىلار كۆرىدۇ. ئى ئالىيلىرى، سىلىمۇ ھاناتلىق قىلىپ ئاشقان-تاشقاننى يەپ پۇل توپلاپ ئاقىۋەتلىرى ئاچ كۆز، پىخسىق كىشى ھېكايىسىدەك بولۇپ قالمىسۇن، — دېدى.

كۇلانگىر سۇلتان دېدىكى:

— ئى بوۋا، سېنىڭ سۆزلىرىڭ ئاجايىپ دانالىقتىن دېرەك بېرىۋاتىدۇ. سۆزلەپ باققىن، ئاچ كۆز، پىخسىق كىشىنىڭ ۋەقەسى قانداق بولغانىكەن؟

— باش ئۇستىگە، — دەپ كورقۇش ھېكايىسىنى داۋام قىلدى:

## پىخسىق كىشى ھېكايىسى

رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بۇرۇنقى زامانلاردا ئاجايىپ ئۇستا بىر ئوۋچى، ئوق ئېتىشتا نوچى، شۇنداق بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئاتقان ئوقىنىڭ بىرسى ھەم زايە كەتمەيدىكەن. كۈندە نەچچەلەپ بۇغا — ماراللارنى تۇتۇپ كېلىدىكەن، ئەمما بىرنىمۇ يېمەي ساتىدىكەن. خوتۇن-بالىلىرى يالۋۇرۇپ:

— بىزمۇ ئاز-تولا تېتىپ باقايلى، — دەپ ئىل-

تىماس قىلىسمۇ ئۇنىماي :

— هازىر يەپ ، تۇگەتكەن بىلەن كەلگۈسىدە مەندىن كېيىن قالساڭلار ئاپاڭلار نېمىنى خەجلەيدۇ ، پۇل تولاپ قويۇشۇم كېرەك ، — دەپ ، يىل بويى بالىۋاقىلىرىغا گۆش بەرمەيدىكەن . چىقىم بولىدۇ ، دەپ قورقۇپ كىشىنى چاقىرمايدىكەن ، چاقىرغان يەرگە ھەم بارمايدىكەن . شۇنداق قىلىپ ، بۇ ئۇۋچى كۈندىن ـ كۈنگە بېيىپ كېتىپتۇ . پۇلى قانچە كۆپەيگەنسېرى ئۇنىڭ ئىشتىھاسى شۇنچە تۇتۇلۇپ ، ئۆزىنىڭ يې-گەن بىر توغرام زاغرىسىغىمۇ قارنى ئاغرىيدىغان بولۇپتۇ . خوتۇنى بول-سا ، خەپ دەپ يۈرۈپتۇ .

بىر كۈنى ئۇۋغا چىققانىكەن ، ئۇنىڭغا بىر كېيىك ئۇچراپتۇ ، ئۇنى ئاتقانىكەن ، ئوق تېگىپ كېيىكنى يىقىتىپتۇ . ئۇۋچى ئۇنى مۈرى-سىگە ئارتىپ مېڭىپتۇ . شۇنداق كېتىۋاتسا ، يەنە بىر جەرەن ئۇچراپتۇ ، ئۇنىمۇ يۈدۈپ ئېلىپ مېڭىپتۇ . باشقا ئۇۋچىلار مەسلىھەت بېرىپ :

— ھەي بۇرادەر ، بۇنى كۆتۈرەلمەي قالىدىڭ ، قايتىپ كېتەيلى ، شۇنچە غەنىيمەتكىمۇ شۈكۈر قىلمامسەن ؟ — دېسىمۇ ئۇنىماي ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ كېتىپتۇ .

ئۇۋچى ئۆزى يالغۇز يەنە ئىلگىرىلەپ ماڭغانىكەن ، ئالدىغا بىر توڭگۇز ئۇچراپتۇ . ئۇنىڭغىمۇ ئوق ئاتقانىكەن ، ئۇۋچى ئۇۋنى كۆتۈرەل-مەي ھېرىپ ماغدۇرى كېتىپ قالغاچقا ، كىرىچنى چىڭ تارتالمىغانلىقى ئۈچۈن ئوق بېرىپ قاتتىق تەگمەي ، توڭگۇز ئۆلمەپتۇ ـ دە ، يارىلانغان توڭگۇز ئاچچىقىدا كېلىپ ئۇۋچىغا ھۇجۇم قىلىپتۇ . يەنە بىر ئوق ئاتقا-نىكەن توڭگۇز ئاجىزلاپتۇ ، ئەمما ئۇۋچىنىڭ قارنىنى يېرىپ ئۆلتۈرۈپتۇ ، ئاندىن ئۆزىمۇ ئۆلۈپتۇ . كېيىك ، جەرەن ، توڭگۇز ، ئادەم بولۇپ تۆت ئۆلۈك بىر يەردە يېتىپتۇ .

شۇ ئەسنادا ، بىر ئاچ بۆرە ئۇۋ ئىزدەپ يۈرۈپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ . قارىسا بىر توپ ئۆلۈكلەر ياتقان . بۆرە بۇنى كۆرۈپ ھەددى ـ ھېسابسىز خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە : « پۈتۈن ئۆمرۈم بويى ئىزدىسەممۇ بۇنىڭدەك رىزقىنى تاپالمايمەن . بۇ ماڭا كەلگەن ئامەت-

نىڭ ئاخىرقىسى بولسا كېرەك ، بۇنى كېيىنلىكىم ئۈچۈن ساقلاپ قوياي . ھازىرچە يانىڭ كىرىچىنى يەپ كۈن ئۆتكۈزۈپ تۇراي » دەپ . ئۇۋچىنىڭ ياسىنىڭ كىرىچىنى چىشلەپ تۇرۇپ باغرىغا بېسىپ تارتىپتۇ . بەتلەكلىك يانىڭ ئوقى بۆرىنىڭ كۆكرىكىگە توغرا كېلىپ قالغانىكەن . بۆرىنىڭ چىشلەپ تارتىشى بىلەن كىرىچ بۆرىنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ يانىڭ پايىنىكىگە تېگىپتۇ - دە ، ئوق چاچراپ چىقىپ بۆرىنىڭ يۈرىكىگە قادىلىپتۇ . بۆرە شۇ يەردىلا ئۆلۈپتۇ . ھەممە نەرسىلەر شۇ يېتى قېلىپ سېسىپ تۈگەپتۇ .

ئۇۋچىنىڭ ئۆلۈمى شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا يۇرتقا پۇر كېتىپتۇ ، شۇ مەھەللىدە ئۆمۈر بويى خوتۇن ئالالماي يۈرگەن ئۇۋچىنىڭ خوتۇنىدىن يىگىرمە ياش كىچىك بىر تاز بار ئىكەن ، ئۇ ئۇۋچىنىڭ دۇنيالىرىنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ . ئۆز كۆڭلىدە : « ئۇۋچىنىڭ مال - دۇنياسى كۆپتۇر ، بۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ كويىغا چۈشۈشۈم كېرەك ، خوتۇننى ئالسام پۇل - مالنىڭ ئىگىسى مەن بولمامدىمەن ؟ » دەپ ئويلاپتۇ . ئۇۋچىنىڭ يەتتە نەزىرى تۈگىمەي تۇرۇپ ھېلىقى تاز ئۇنىڭ خوتۇنىغا سۆز سېلىپ بېرىپتۇ . ئۇۋچىنىڭ خوتۇنى ئەللىك ياشلاردا ئىكەن ، خوتۇن كۆرسە ، كەلگەن يىگىت ئۆزىدىن يىگىرمە ياش كىچىك . ئويلاپتۇكى : « مېنىڭ يېشىم ئەللىككە يەتتى . ئېرىم بىر ئۆمۈر ئۇۋ ئۇۋلايمەن دەپ ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئۆيدە تۇرمىدى . ئۆيگە كەلسە ھېرىپ كەتتىم ، دەپ ئۇيقۇدىن تۇرالمىدى . كىشىلەرنىڭ : ‹ ئۇۋچى مانا چىقىدۇ ، مانا چىقىدۇ دەپ ھارغاننى سەزمەي يول يۈرىدۇ ، خوتۇنلىرى ئويغىتالماي مانا تۇرىدۇ ، مانا تۇرىدۇ ، دەپ گول يۈرىدۇ › دېگەنلىرى راست ئىكەن ، بۇ يىگىتنىڭ يېشى مەندىن كۆپ كىچىك ئىكەن ، ئۆتكەن ياشلىقىمنى تولۇقلىمايمەنمۇ » دەپ ، يىگىتنى ئۆيىدە قوندۇرۇپتۇ ۋە ئېرىنىڭ توپلىغان دۇنيالىرىنى سوۋغا قىلىپ ، ئەتىسى نىكاھ قىلدۇرۇپ تاز يىگىتنىڭ پۇتىغا باش قويۇپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، يېمەي ، ئىچمەي تاپقان دۇنيانى خوتۇنى كېيىنكى ئېرىگە يېگۈزۈپتۇ . نەچچە كۈنلەردىن كېيىن پۇلمۇ تۈگەپتۇ . خوتۇنمۇ تازغا قېرى كۆرۈ-

نۈپ تاشلىۋېتىلىپتۇ. پۇلدىنمۇ ۋە ئەردىنمۇ ئايرىلىپ خوتۇنىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى ئىتنىڭ كۈنىدە ئۆتۈپتۇ. تاز بولسا ئوۋچىنىڭ پۇلى بىلەن ئۆيلەنىپ يۇرت بايلىرىدىن بولۇپ قاپتۇ. ئوۋچىنىڭ بالىلىرى ئاتىسىنىڭ پۇلىدىن بەھرىمەن بولالماي، سەرسانلىقتا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

— ئى سۇلتان ئالىيلىرى، بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى. خوتۇنۇمغا قالسۇن، بالىلىرىمغا قالسۇن دەپ پۇل-دۇنيا توپلاش ئۈچۈن ئاۋارە بولمىسىلا. ئەجدادلىرىمىزنىڭ:

ئارپا تاپساڭ ئاتقا بەر،
سامان يېسۇن كالىلار.
تاپقىنىڭنى ئۆزۈڭ يە،
تېپىپ يېسۇن بالىلار.

دېگەن قوشاقلىرىغا ھەرگىز سەل قارىمىغايلا، — دەپ ھېكايىسىنى تۈگەتتى.

كۆلانگىر سۇلتان كورقۇشنىڭ ھېكايىسىدىن كۆپ تەسىرلىنىپ، قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلدى، قايتا تائام قىلدۇرۇپ ئېلىپ كېلىپ، كورقۇشقا:

— ئى دانىشمەن بوۋاي، «ئاز ئېشىم، غوۋغاسىز بېشىم» دېگەن مەسەل بار. بۇ تائامنى سىزگە ئاتاپ ئەتتۈق. ئاز بولسىمۇ مەرھەمەت قىلغايسىز، — دەپ تەكلىپ قىلدى. كورقۇش:

— سۆزلىرى مەنىلىك سۆزدۇر، ئەمما ئەقىل ئەھلىگە مۇۋاپىق سۆز ئەمەس. «ئاش ئىگىسى بىلەن تاتلىق» دېگەن مەسەل بار. تائامنى ئاز دەپ، مەن يەپ ئۆزلىرى قاراپ ئولتۇرسىلا قانداق بولىدۇ. «تەڭ يېسە تەنگە سىڭۇر، يالغۇز يېسە يەرگە». ئەڭ ياخشىسى بىرگە يەيلى، — دەپ تەكلىپ قىلدى. كۆلانگىر سۇلتان كورقۇشنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، «ئاش يېگەندە قۇيرۇق كەلسە يۇگۇر» دەپ ھەمداستىخان بولۇپ تائامغا قول ئۇزاتتى ۋە خوش-خوشنى قويۇپ،

چاڭگاللاپ چىچىپ يىگىلى تۇردى . ھەش ـ پەش دېگۈچە تاۋاقنى قۇ-رۇقداپ قويدى . كورقۇش سۇلتاننىڭ ئاش يېگىنىنى كۆرۈپ :

— « قۇرئان كەرىم » دە « يەڭلار ، ئىچىڭلار ، ئىسراپ قىل-ماڭلار » دېگەندى . ئۆزلىرىنىڭ بۇ قىلىقلىرى قانداقمۇ تاماق يېگەنلىك بولسۇن ؟ — دەپ سورىدى . كۆلانگىر سۇلتان جاۋاب بېرىپ :

— بىزنىڭ رەسمىمىزدە ئىسراپ ھېسابلانمايدۇ . ھازىر ئاز يەپ ، ئاخىرەتتە جاۋابىنى بەرگۈچە ، ھازىر كۆپ يەپ ، جاۋابىنى بىراقلا بەر-مەيمەنمۇ ، ئالدىغا كەلگەننى ياندۇرماسلىق لازىم . « مۇھىم تۆرنى كە-شىگە ئۆتۈنمەك » دېگەن مەسەلنىڭ ئۆزى : پايدىلىق ئىشنى قولدىن بەرمىگىن ، دېگەنلىكتۇر . گەپلىرىمىز بارغانسېرى ئايىنىغىلى تۇردى . « قۇيرۇقى ئۇزۇن توشقان ، يامان بولۇر سۆزنى بىر ـ بىرىگە قوشقان » دېگەن تەمسىل بار . بۇگۈنچە شۇنچىلىك سۆزلىشەيلى ، — دەپ داستى-خان يىغدى .

شۇنداق قىلىپ ، كورقۇش تائامدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ كۆلانگىر سۇلتان بىلەن خوشلىشىپ بايقۇشنىڭ مەنزىلىگە راۋان بولدى . مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بەل باغلاپ . مۇراد ئوقىنى كۆزلىگەن نى-شانغا قارىتىپ ئاتتى . ۋاقىتلار ئۆتۈپ ، مەنزىلگە يېتىپ ئۆزىنىڭ مۇھىم ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى . بايقۇش بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ، كورقۇشنىڭ ئالدىغا ئۆزى چىقتى . خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن قارشى ئېلىپ ئوردىسىغا باشلاپ كىردى . داستىخان راسلاپ ھەر خىل تائاملار كەلتۈرۈپ غىزاغا تەكلىپ قىلغانىدى ، كورقۇش ھىيلە ئىشلىتىپ تائام-غىمۇ قارىماي شۈكلەپ ئولتۇرۇۋالدى . بايقۇش دېدىكى :

— ئى ئەلچى « ئاۋۋال تائام ، ئاندىن كالام » . پۇشۇلداپ ئول-تۇرماي تائام يېگىن ، گەپ بولسا ، كېيىن قىلىشايلى .

— ئى بايقۇش ، — دېدى كورقۇش ، — « ئۇسسىغاندا چېلەكنى يوشۇرما » دېگەن سۆز بار ، سىزگە ئېيتسام ، سىزنىڭ مۇبارەك ئائىلى-ڭىزدە گويا سەدەپتىن بىنا بولغاندەك پاساھەتلىك ۋە سائادەتمەن بىر قىزىڭىز بارمىش . ئىسمى كۇنۇش بانۇ ئايىم ئىكەن . ھۆسن ـ جامالى

تەگداشىسىز ئىكەن . بىز مەسلىھەتلىشىپ قىزىڭىز كۈنۈش بانۇنى كۆلانگىر سۇلتانغا مۇناسىپ كۆرۈپ ، سۆز سالغىلى ئەلچى بولۇپ كەلـ
دىم . ھازىر مەن تەقەززالىق بىلەن سىزنىڭ جاۋابىڭىزنى ئاڭلاشقا ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن . ئەگەر رازى بولسىڭىز قايتىپ بىرىپ تەييارلىق قىلماقچىمىز .

بايقۇش كورقۇشنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، بىردەم ئويلانغاندىن كىيىن جاۋاب بىرىپ :

— قىزىمنىڭ بويىغا يىتىپ قالغىنى راست ، ئەمما ئۆزىدىن سوراپ جاۋاب بىرەي ، — دەپ قىزىنىڭ ئالدىغا كىردى ، — ئى قىزىم ، ياپىلاق قۇشنىڭ بالىسى كۆلانگىر سۇلتان لايىق چىقىپ سۆز سالغىلى ئەلچى ئەۋەتىپتۇ . بۇنىڭغا نىمدەپ جاۋاب بىرسەن ؟ — دەپ سورىدى . كۈنۈش بانۇ ھەم « بويىغا يەتكەن قىزنىڭ شۇك تۇرغىنى رازى بولغىنى » دىگەندەك ، بىشىنى تۆۋەن سىلىپ گەپ - سۆزسىز جىم ئولتۇردى .

بايقۇش قىزىنىڭ مەيلى بارلىقىنى بىلىپ ، قىزىغا ئەجەبلىنىپ ، « بۇلاق يىرىق ئىزدەر ، يىرىق بىلىق ئىزدەر » دىگەن تەمسىل راستكەن - دە ، سەن ئاران تۇرغاندەك قىلىسەن ، — دىدى .

قىز دىدىكى :

— ئى ئاتا ! « كىيىنكى پۇشايمان ، ئۆزىگە دۇشمەن » . ياخشىنى قولدىن بىرىپ قويۇش ، ئاخىردا پۇشايمان كەلتۈرىدۇ ، ئالدىراپلا ياماننى ياخشى دەپ قاراش ، ئۇمۇ ئوخشاشلا پايدىسىزدۇر . قىز - ئوغۇللارنى ئۆيلۈك قىلىش قەدىمدىن بار ئىشتۇر . « پەمسىز چال ، ساقىلىڭدىن ئۇيال » دىگەن تەمسىلنى بىلمەمسىز ؟ ئۆز قىزىڭىزغىمۇ شۇنداق سۆزلەمسىز ؟ سىزمۇ مىنى ئەرگە بەرمەي تۇتۇپ ئولتۇرۇپ ، ياشلىقىم كىتىپ قالغاندىن كىيىن شادى پادىچىدەك ماختاپ خىرىدار چاقىرىپ ، بىر ئۆمۈر تۇل قالدۇراي دىمەكچىمۇ ؟

بايقۇش :

— ئى قىزىم ، شادى پادىچى بىلەن ئۇنىڭ قىزىنىڭ ۋەقەسى قانداق بولغانىكەن ؟ سۆزلەپ بەرسەڭ ، — دەپ ئىلتىماس قىلدى .

قىز ئاتىسىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ ھېكايىسىنى باشلىدى :

## شادى پادىچى ھېكايىسى

رىۋايەت قىلىنىشىچە ، بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىچى ئۆتكەنىكەن . ئۇنىڭ نامىنى شادى پادىچى دېسە ، بىلمەيدىغانلار ئاز ئىكەن ، بۇ ئادەم ئىش قىلسا باشقىلارنى دوراپ ، كىشىلەر نېمە ئىش قىلسا شۇنى قىلىدىكەن ، ئەمما ئۆزى ئويلانمايدىكەن . ئاخىرىغا بېرىپ ئۆزى زىيان تارتىپ پۇشايمان قىلىپلا ، ھەسرەت چېكىپلا يۈرىدىكەن . ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدىكەن .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئادەمنىڭ قولى قىسقا بولۇپ قېلىپ ، بىر كالىسىنى سېتىۋېتىش ئۈچۈن بازارغا بېرىپ ئۇلاغ بازىرىدا تۇتۇپ تۇرۇپتۇ . خېرىدارلار كېلىپ ، كالىنى چۆرىدەپ ئۇ يېنىغا ئۆتۈپ ، بۇ يېنىغا ئۆتۈپ چىمدىپ بېقىپ ، قىچىقلاپ بېقىپ كېتىپتۇ . بىر ئادەممۇ كالىغا مانچە پۇل بېرەي دېمەپتۇ . خېرىدارلارغا بۇ ئادەممۇ گەپ ـ سۆز قىلماي قاراپ تۇرۇپتۇ . ئەمما ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغانلار بولسا ، مال ـ كالىلىرىنى بىردەمدىلا سېتىپ بولۇپ بازاردىن چىقىپ كېتىپتۇ . كۈنمۇ كەچ بولۇپتۇ . شادى پادىچى ئەتراپىغا قارىسا ، بىر نەچچىلا كىشى قاپتۇ . « ئەمدى قانداق قىلارمەن ؟ » دەپ ئويلاپ تۇرسا ، يېنىدا تۇرغان بىر ئادەم تەمرەتكە بېسىپ قوتۇراپ كەتكەن ئىنەكنى ماختاپ خېرىدار چاقىرىپ : « بۇ كالىنى ساتىمەن ، بۇ قالتىس ئىنەك ! ئەمچەكلىك ئىنەك ! ئاقلىق ئىنەك ! بالا باقىدىغان ئىنەك ! » دەپ توۋلاپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئىنەكنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ، بىرىدىن - بىرى ئۆرلەپ ، بىردەمدىلا نەرخى تىنىپ سېتىلىپ كېتىپتۇ . شادى پادىچى ئۆگەنگەن بۇ ھۈنىرىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ ، كالىسىنى ياخشى باھاغا سېتىپ ، پۇلنى يانچۇققا سېلىپ ، ئىشىنى قىلىپتۇ .

ئايدىن ـ ئاي ئۆتۈپ ، يىلدىن ـ يىل ئۆتۈپ ، ئۇنىڭ بىر قىزى چوڭ بولۇپ بويىغا يېتىپ قاپتۇ . ئەمما، شادى پادىچىنىڭ ئەخمەقلىقىدىن

قىزىغا لايىق كەلمەپتۇ . قىزىنىڭ يېشى چوڭىيىپ كەتكەنسېرى شادى پادىچىمۇ ئەنسىرەپ، ئەھلىمەھەللە ئىچىدە خىجىل بولۇپ قاپتۇ . مۇشۇنداق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، باشقا بىر مەھەللىدىن بىر كىشى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن سۆز سېلىپ كەپتۇ . بۇنى كۆرۈپ شادى پادىچى ناھايىتى خۇشال بولۇپ : « بۇ لايىقنى كەتتۈرۈپ قويماسلىقىم لازىم . ئەگەر بۇ كېتىپ قېلىپ ، باشقىسى كەلمىسە ، قىزىم قېرىپ كەتمەمدۇ » دەپ ئويلاپ ، ئۆلاغ بازىرىدا كالا ساتقاندا ئۆگىنىۋالغىنى بويىچە :

— كەلگەنلىرى ياخشى بولۇپتۇ . مېنىڭ قىزىم تېپىلغۇسىز قىز ، ئەمچەكلىك قىز ، سۈتى كۆپ چىقىدىغان ئاقلىق قىز ، تېز بالا چوڭ قىلىدىغان قىز ، — دەپ ماختىغىلى تۇرۇپتۇ .

بۇنى ئاڭلاپ ، كەلگەن مېھمانلار بىر - بىرىگە قارىشىپ ، « بىز بۇ ئادەمنىڭ قىزىنى تېخى ياتلىق بولمىغان قىز دەپ كەلسەك ، بالا تۇغقان خوتۇنكەن ئەمەسمۇ » دېيىشىپ ، ئەكەلگەن نېنىنى قايتۇرۇۋېلىپ گەپ - سۆز قىلماي كېتىپ قاپتۇ . كېيىن ئۇ يەر - بۇ يەردىن لايىق كەلگىلى تۇرۇپتۇ . شادى پادىچى بۇنى « لايىقنىڭ كۆپەيگىنى » دەپ بىلىپ ، كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسگە يۇقىرىقىدەك ماختاۋېرىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن كەلگەن لايىقلار بۇ ئەخمەقنىڭ سۆزى بىلەن كېتىپ قېلىپ ، قىزى توي قىلالماي قېرىپ كېتىپتۇ .

مەن بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى ، كەلگەن لايىققا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ رازى قىلماي ، گەپ يورغىلىتىپ ھىيلە ئىشلەتسەڭىز ئۇلارنىڭ كۆڭلى رەنجىپ كېتىپ قالامدۇ ؟ يامان نامىڭىز سۆز - چۆچەك بولۇپ . ماڭا ئەر كەلمىسە ، سىزمۇ شادى پادىچىدەك ئەخمەق ، مەنمۇ ئۇنىڭ قىزىدەك تۇل بولۇپ ئۆتمەيمىزمۇ ؟ « قىز ئەردە ياخشى ، بولمىسا يەردە » دېگەن تەمسىلنى ئاڭلىمىغانمۇ ؟ بۇنىڭ مەنىسى : ئەر چىقماي نومۇستا يۈرگۈچە ئۆلگەن ياخشى ، دېگەنلىكتۇر . سىز ھازىر شادى پادىچىغا ئوخشاپ قالدىڭىز .

بايقۇش قىزىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ :

— ھەي ئۆلگۈر ! ... « ئولتۇرغان قىز ، ئورۇن تاپار » دېگەننى

ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ — دەپ تووۋلىدى . قىز دېدىكى :
— ئى ئاتا ، بۇ سودىنىڭ ئۆمۈرلۈك قىممىتى بار . كىيىگەن ئېـ
گىنىنىڭ خەتىرى بار . « بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما » دېگەن تەمـ
سىلنى بىلمەمسىز ؟
قىزنىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن بايقۇش بىلدىكى : « تەدبىرنىڭ
يېگى بىلەن تەقدىرنىڭ ئېتىكىنى يوشۇرغىلى بولماس » دېگەن راستـ
كەن ، دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كورقۇشنىڭ ئالدىغا چىقتى . كورقۇش
بايقۇشتىن :
— بۆرىمۇ سىز ، ياكى تۈلكىمۇ ؟ — دەپ سورىدى . بايقۇش
يەنە سەۋەب كۆرسىتىپ :
— بىر ئاز كۈتۈپ تۇرغايسىز . مەن بولسام بىر كىشىدۇرمەن .
يالغۇز ئۆزۈملا جاۋاب بېرەۋەتسەم ، كېيىنكى ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش
ماڭا قالىدۇ ، ئۇ چاغدا مەن بىر چەتكە ئېلىپ چىقالمايمەن . « يالغۇز
ئاتنىڭ چېڭى چىقماس ، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس » ، « ئات ئالـ
ساڭ ئۆيۈڭ بىلەن كېڭەش » دېگەن تەمسىللەر بار . ئۇرۇق ـ تۇغقان ،
قېرىنداشلىرىمنى يىغىپ مەسلىھەتلىشىپ ، ئاندىن جاۋاب بېرەي ، —
دېدى . كورقۇش دېدىكى :
— ئى بايقۇش ، مەسلىھەت قىلىش ياخشى ئىش ، لېكىن ئۇنى
ئەقىللىق ، دانا كىشىلەر بىلەن قىلىش كېرەك . « ئەقىلسىزلەر بۇلىقىنى
كۆر ، ئەل ئىزاسى ئۇنىڭغا مەشھۇر » دېگەن گەپ بار . ئەقىللىق دەپ
تونۇلغانلارنىڭ ھەممىسى دانا ئەمەس . بەزىلەر بار ، ئۆزىنى دانا ھېـ
سابلايدۇ ، ئۇلارنىڭ ئاغزى ، ئاچ يۇرۇپ كېكىرگەندەك گاھىدا مىدىراپ
قالىدۇ . شۇنى دەسمايە قىلىپ ماختىنىدۇ . ئەمما ئەقىللىق ، دانالارغا
ئۆچمەنلىك قىلىدۇ ، « قوناقلىقتىن چىقمايمەن ، ئامبىلىگىدىن قورقمايـ
مەن » دەپ ، مۆكۈپ يۈرۈپ دانالارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدۇ . بىرەر ئاـ
لىمنىڭ نامى تىلغا ئېلىنسا ، ئۇنىڭ يۈرىكىدە ھەسەت ئوتى يالقۇنلىنىپ ،
تۇرالماي ، بىر نەچچە ئەخمەق نادانلارنى ۋە ياكى بەش ـ ئالتە خوـ
تۇنلارنى يېنىغا توپلاپ : « ئۇنىڭ بويىدىن مېنىڭ يازغان كىتابلىرىم

ئېگىز كېلىدۇ » دەپ ماختىنىدۇ . كۆرۈپ كەلسە ، ئۆزىنىڭ يالغۇز ئۆزى يازغان بىر كىتابى تېپىلمايدۇ . ئۇن مىنۇت سۆزلىمەكچى بولسا ، ئۇن كۈن يادقا ئالىدۇ . بىر ۋاراق سالام خەت يېزىش ئۈچۈن كاتىپ تەكلىپ قىلىدۇ . جان تۇمشۇققا كەلگەندىمۇ ، ياشلىق دەۋاسى قىلىدۇ . ئۆزىنى باھادىر ھېسابلاپ ، ئۆزىنى ھېچكىم بىلەن تەڭ قىلمايدۇ . مۇشۇنداق « تېشى پال ـ پال ، ئىچى غال ـ غال » نادانلارمۇ ھۆكۈم سۈرۈپ قالىدۇ . نەققاشنىڭ ھۈنىرى ئىمارەتتە مەلۇم بولىدۇ ، دانىشمەنلىكنىڭ ئىچىدىكى گۈزەللىكنى ئۆز ئەھلىلا كۆرەلەيدۇ . بىلىم ـ بىلىم ئەھلىگىلا مەلۇم ۋە مەشھۇردۇر . نادانلار دانالارنىڭ بېشىغا چىقىۋالسىمۇ ، ئۇ ھەرگىز زامان دانالىرىدىن ھېسابلانمايدۇ . « پاقا كېرىلىپ ، يىلان بولالماس ، قېرى ياسىنىپ جۇۋان بولالماس » دېگەن سۆز دەل شۇنداقلارنىڭ تەمسىلىدۇر . سىز مەسلىھەتلىشىمەن دەپ نادانلارغا ئۇچراپ قېلىپ ، ئىشنى بۇزۇپ قويماڭ ۋە ياكى ۋاقىت كېچىكىپ كېتىپ : « تاز تارىنىپ بولغۇچە توي تارقاپتۇ » ، « ئەخمەق سودا قىلار بازار ئۆتكەندە » دەپ ، ۋاقىت ئۇزىراپ كېتىپ ، سوغۇقچىلىق چۇشۇپ قالمىسۇن .

— ئى ئەلچى ، « ئەخمەق تۆگىنىڭ يېپىشى يانتاق » بولغانغا ئوخشاش ، قەدىمكىلەرنىڭ سۆزىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىپ سۆزلەشنىڭ ئۆزى ئايىغدىن ئېسىلغان قۇشقا ئوخشايدۇ . سىنىڭ دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى راست . بەزى نادانلار باركى ، ھىيلە ـ مىكىر قىلىپ دانالارنىڭ بېشىغا چىقىۋالغان . بۇلار ئىلىم ئەھلىلىرىگىلا ھەسەت قىلىپ قالماستىن ، ھەتتا ئۆزىنىڭ يېنىغا چۈشكەن سايىسىگىمۇ ھەسەت قىلىپ ، ئۇ نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن باراۋەر بولىۋالىدۇ ، دەپ پېتىنشمايدۇ . ئالىملارنىڭ سۆزىنى يادلىۋېلىپ دېكلاماتسىيە قىلسا ، بەزى نادانلار ئۇنى « شائىر بولسا كېرەك » دەپمۇ قالىدۇ ، لېكىن بىلگەنلەر ئىشەنمەيدۇ . ئۇنىڭغا پەقەت يېنىغا يىغىۋالغان ئۈچ ـ تۆت جان باقار ، يارامسىزلار ئەگىشىپ چاۋاك چالىدۇ . لېكىن مەن ئۇنداق ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغانلاردىن ئەمەس . « كۆپ بىلەن كېڭەش ، ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنىنى قىل » دېگەن بويىچە ئىش كۆرىمەن . كونىلارنىڭ « تاغامدىن تاغار

ياخشى ، هامامدىن باداڭ » دېگەن تەمسىلنى بىلىمەن .

كورقۇش بايقۇش بىلەن كۆپ سۆھبەتلەردىن كېيىن خۇشال بولۇپ ، ياپىلاق قۇشنىڭ مەنزىلىگە قاراپ راۋان بولدى . كۆپ يوللارنى بېسىپ ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپ ، بايقۇشنىڭ ياخشىلىق تەربىينى ۋە ئۇنىڭ رىغبەتلىرىنى سۆزلەپ بەردى . ياپىلاق قۇشنىڭ قاغىلار جىنسىدىن قارا باتۇر نامىلىق بىر دوستى بار بولۇپ ، ئۇ ئۆز ئىشىغا ناھايىتى پىششىق ، هارامزادىلىكتە ئۇچىغا چىققان ، ئوغرىلىقتىمۇ بوش كەلمەيدىغان ، دۆلەتمەن ساھەسى بىلەنمۇ ئۇلپەتچىلىكتىن ئايرىلمايدىغان ، ئېغىزدىن چىققۇچە « خوپ ! » دەپ تۇرىدىغان « بېرىدىغاندا ئەبيار ، ئالىدىغاندا تەبيار » ، يىگىتلەرنىڭ بەشىنى مۇستەھەپكە بېرىپ ، ئون بەشىنى قوينىغا سالىدىغان چەپەردىن ئىدى . ياپىلاق قۇش بولسا ، مالىك شاھقا پۇقرا ئىدى ، كۇلانگىر سۇلتان مالىك شاھنىڭ پەھلىۋانى ئىدى . شۇ سەۋەبتىن ياپىلاق قۇش ئوغلى كۇلانگىر سۇلتانىنىڭ توي ئىشىنى خەۋەرلەندۇرۇش ئۈچۈن كۆپ تەييارلىق بىلەن قارا باتۇرنى مالىك شاھنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى . قارا باتۇر مالىك شاھنىڭ هوزۇرىغا يېتىپ بېرىپ ، تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ياپىلاقنىڭ نامەسىنى ئۇزاتتى .

مالىك شاھ ياپىلاقنىڭ نامەسىنى ئوقۇپ كۆرۈپ :

— ئى قارا يىگىت ، « ئەل يامنى مانغىت ، قۇش يامنى تانغىت » دەپ ، بۇ ئىش ئۈچۈن سەندىن باشقا بىرسى چىقماپتىمۇ ؟ — دەپ سورىدى . قارا يىگىت دېدىكى :

— ئى شاھ ئالىيلىرى ، قەلەمگە سىياھ زۆرۈر بولغاندەك ، هاجەتمەن ئۈچۈن مەن زۆرۈر بولۇپ تۇرىمەن . ئى ئالەم پاناھى شاھىم ، ئۆزلىرى پايدىلىق ئىشنىڭ يولىدىن خەۋەرسىز ئوخشايلا ، قىلغان سۆزلىرىدىن قارىغاندا ، سىلىنىڭ كۆزلىرىگە كۆرۈنگۈچى چىرايلىق بولسىلا بولىدىكەن . كۆرۈنۈشى سەت بولسا كەلتۈرگەن پايدىسى ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ ئالمايدىغان ئوخشايلا ، ئۆزلىرىگە :

سوپى قوشقاردەك بولسا نادان ،

ھەق سۆز ئۆنىڭ ئالدىدا يالغان .
ئەتىگەندىن ــ كەچكىچە قولىدا تەسۋى ،
دىگەنلىرى تامامەن يالغان .
چىرايدا سۇرەتتىن كىمى يوق ،
پايدا ــ مەنپەئەتتىن غىمى يوق .
« ئەسسالام » دەپ ئىگىلىپ تۇرغان ،
خۇشامەتتە يەنە بىرى يوق .

« بىرەردە سانىقى توققۇز ، ئالۇردا ھىسابى ئوتتۇز » ، « توغرا سۆزگە توقۇناق ، ئىزا ۋە كۇلپەتكە ياۋقىراق » ، ھىيلە ــ مىكىردە شەيتانغا دەرس بىرىدىغان ، كۆرۈنمەككە يۇزسىز ، سۆزى تۇزسىز ، يازدا سوغۇق ، قىشتا ئىسسىق ، شەرئەتتە ھەددىن زىيادە قاتتىقراق ، كۆكتولغاقتەك سۇغا چۇشكىلى ئامراق كىشلەردىن بولسا يارايدىغان ئوخشايدۇ . مىنىڭ رەڭگىمگە قاراپ بىزار بولغان ئوخشايلا ، « چىرايلىقتا ۋاپا يوق » ، چىرايلىقلار ئۆزىنىڭ ھۆسنىگە ئىشىنىدىغان ، ھورۇن ، كاززاپ ھەم ۋاپاسىز كىلىدۇ . بۇ ھەقتە ئەززەمخان سۆلەتۋازنىڭ ھىكايىسىنى ئاڭلىغان بولسىلا كىرەك .

— ئى قارا يىگىت ، — دىدى مالىك شاھ ، — ئەززەمخان سۆلەتۋازنىڭ ھىكايىسى قانداق بولغانىكەن ؟ بايان قىلساڭ .

— باش ئۇستىگە ، — دەپ ، قارا باتۇر ھىكايىسىنى باشلىدى :

## ئەززەمخان سۆلەتۋاز ھىكايىسى

رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ، بۇرۇنقى زاماندا ئەززەمخان سۆلەتۋاز دەپ بىر كىشى ئۆتكەنىكەن . ئۆزى ناھايىتى ياسانچۇق كىشى بولۇپ ، پۇل ــ دۇنياسى ھىسابسىز تولا ئىكەن ، كۆزىگە نىمە چىرايلىق كۆرۈنسە ، شۇنى ئالىدىكەن ، كۆرۈنۇشى سەت بولسا ، پايدىلىق نەرسە بولسىمۇ ئالمايدىكەن .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە سودا قىلىش ئۈچۈن بازارغا بېرىپتۇ . ئاتنى بىر يەرگە باغلاپ قويۇپ ، بازار ئارىلاپ كېتىۋاتسا ، كۆزىگە بىر خوتۇن چېلىقىپتۇكى ، ئۆمرىدە بۇنىڭدەك گۈزەلنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىكەن . ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپ بىر ئاز ماڭغانىكەن ، ئول نازىنىن بىر ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ . ئەززەمخان سۆلەتۋاز خوتۇنىنىڭ ئۆيىنى كۆرۈۋېلىپ ، ئويلاپتۇكى : « مەندە پۇل دېسە تۇرسا ، ئاشۇ پۇلنىڭ راھىتىنى كۆرمەي نېمە قىلارمەن ، ئۆيگە بېرىپلا خوتۇنۇمنى تالاق قىلىۋېتىپ ، مۇشۇ خوتۇننى ئالاي » دەپتۇ ـ دە ، ئۆيىگە بېرىپلا يوق ئىشنى باھانە قىلىپ ، ئەمگەكچان ، سەمىمىي خوتۇنىنى تالاق قىلىۋېتىپ ، ھېلىقى خوتۇننى ئاپتۇ . شۇ كۈندىن باشلاپ ئىككىسى ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن بولۇپ ، نەچچە كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ . مۇشۇنداق بىر نەچچە چاغ ئۆتكەندىن كېيىن ئەززەمخان مەستلىكتىن يېشىلىپ ئولتۇرۇپ ئۆي ئىچىگە سەپ سالغانىكەن ، مەينەتچىلىكنىڭ دەستىدىن ئولتۇرغۇدەكمۇ يەر قالماپتۇ . بۇنى كۆرگەن ئەززەمخان قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ :

— ھەي خوتۇن ، بۇنداق قىلمىغىن . ئاز ـ تولا ئىش قىل ، ھېچبولمىسا ، ئۆينى بولسىمۇ پاكىزراق تۇتقىن ، — دەپ كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلىپتۇ . خوتۇنى بولسا ، ماقۇل دەپتۇ ، ئەمما قولىنى قىلچە ئىشقا ئەگرى قىلماپتۇ . بۇ خوتۇن شۇنداق ھورۇن چىقىپتۇكى ، ئەمگەك دېگەننى خالىمايدىكەن . چىرايى بولغان بىلەن ھورۇنلىقىمۇ ھورۇنى ، مەينەتلىكىمۇ مەينىتى ، ئەسكىلىكىمۇ ئەسكىسى بولۇپ ، ئېرى جاپا تارتىپ ئۆلـەي دېسىمۇ ، قولىنىڭ ئۇچىنى يېقىن ئاپارمايدىكەن . ئېرى تېپىپ بەرسە يەيدىكەن ، بولمىسا ئۆيدىن چىقماي ياتىدىكەن . ئۆيىنىڭ ئىچى شۇنداق پاسكىنا ئىكەنكى ، باش تىققۇسىز دەرىجىدە ئىكەن . بۇ خوتۇن ھورۇنلۇقىدىن ، قازان يۇيسا ، يۇندىسىنى چارىغا ئېلىپ يەردە قويۇپ قويىدىكەن ، ھەرگىز تالاغا ئېلىپ چىقىپ تۆكۈۋەتمەيدىكەن . ئوچاقتا ئوتنى قالايدىكەن ، ئەمما كۈلىنى ئالمايدىكەن . ئۆي سۈپۈرسە ، سۈپۈرەندىنى بىر بۇلۇڭغا دۆۋىلەپ قويىدىكەن . كىيىم يىرتىلسا ، ياماپ كىيىشنى بىلمەيدىكەن . قەيىرى يىرتىلسا شۇ يەرنى چىگىپ قويىدىكەن .

ئۆيدىكى ئاشلىقنى تۈگمەنگە ئاپارغىلى قويمايدىكەن . ئۇدۇللۇق ياما چۆرۈگۈزۈپ ، يىرىكىنى ئۇماچ چالىدىكەن ، يۇمشىقىنى كۆلەڭگە كۆمەچ كۆمىدىكەن . ئون سەر پاختا ئېلىپ بەرسە ، بىر ھەپتىگىچە ئىگىرىپ بولالمايدىكەن . شۇنداق تۇرۇقلۇق ئېرىگە داۋاملىق ئىگىن غەلۋىسى قىلىدىكەن .

ئەززەمخاننىڭ بولسا ، پۇل – ماللىرىمۇ تۈگەپتۇ ، يالغۇز ئىشلەپ تاپقان نېمىسى خوتۇنىنىڭ پەردىزىغا يەتمەپتۇ . ئۇ كۈندىن – كۈنگە نامراتلىشىپ ، ھال – كۈنى يوقسۇزلۇققا يۈزلىنىپتۇ . قويۇپ بېرەي دېسە ، خوتۇن ئەمرىدىن چىققىلى ئۇنىماپتۇ . ئەززەمخان سۆلەتۋاز پۇشايمان قىلىپ : « ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن ، يەر قىلغانمۇ خوتۇن » دېگەن راستىكەن .نېمە ئۈچۈن شەكىلگە ئەھمىيەت بېرىپ ، ماھىيەتكە ئەھمىيەت بەرمىگەندىمەن ، دەپ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ « خەپ » دەپ يۈرسە ، ھېيت كەپتۇ ، خوتۇنى يەنە ھېيتلىق كىيىم غەلۋىسىنى قىلىشقا باشلاپتۇ . پۇل يوق دېسە ئۇنىماپتۇ .

— ئۇنداق بولسا ، — دەپتۇ ئەززەمخان ، — ئەتە بازار دېگەن كۈنى سېنى بازارغا باشلاپ بېرىپ ، دېگىنىڭلارنىڭ ھەممىسنى ئېلىپ بېرەي ، — دەپ ، خوتۇنىنىڭ غەلۋىسىنى توختىتىپتۇ .

شۇنداق قىلىپ كۈتكەن كۈنمۇ يېتىپ كەپتۇ . ئەززەمخان :

— ۋاي خوتۇن ! كىيىم كىيەمسىلەر ؟ — دەپ سوراپتۇ . خوتۇنى خۇشال بولۇپ :

— ۋاي ئەر كىشى ، ئەتە ھېيت تۇرسا ، كىيىممۇ كىيمەمدىغان ، — دەپتۇ .

— ئۇنداق بولسا ، — دەپتۇ ئەززەمخان ، — بازارغا ئەسكى كىيىم بىلەن بارغىلى بولمايدۇ ، يېڭى كىيىم ئالساق كونىسىنى قانداق قىلىمىز . كىيىم ئالماشتۇرماق تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس . سېنى ئاپارمىسام ، ساڭا يارايدىغاننى بىلمەيمەن . سەن ئىشتان – كۆڭلەكنى سېلىپ قىپيالىڭاچ بولۇپ مانا بۇ ئىدىشنىڭ ئىچىگە كىر ، مەن ئۇنى ئۆشنەمگە ئارتىپ بازارغا ئاپىراي . قولۇڭغا بىر تال چىۋىقنى تۇتقۇزۇپ قويىمەن ، سودىگەر

كوچىسىغا بارغاندا چىۋىقنى ئىدىشنىڭ تۆشۈكىدىن چىقىرىپ ، كۆكلۈك نېمىنى خالسا شۇنى كۆرسىتىپ « ئا ... نى كىيىمەن » دە ، شۇ كىيىمنى ئېلىپ بېرىمەن . كىيىمنى كىيسەن ، ئاندىن كېيىن بىر چەتكە بېرىپ ئىدىشنى تاشلىۋېتىپ بازار ئوينايمىز . بۇنىڭغا نېمە دەيسەن ، — دەپ سوراپتۇ . خوتۇنى خۇشال بولۇپ :

— ۋاي شۇنداق قىلايلى ، — دەپ ، يالىڭاچ بولۇپ ئىدىشكە كىرىپتۇ . ئېرى ئىدىشنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ بازارغا بېرىپ ، ئۇدۇللا سودىگەر بازىرىغا كىرىپتۇ ـ دە ، ئادەملەر راسا كۆپ يىغىلغان يەرگە كېلىپ :

سۇپۇرۇپ يىغايىن ئاغىچام ،
يۇندا يىغايىن ئاغىچام .
ئۇستى ئۇماچ ئاغىچام ،
ئاستى كۆمەچ ئاغىچام .
يىرتىپ چىگەيىن ئاغىچام ،
ياتسا قوپماس ئاغىچام .
چەكسە پاختا ئېلىپ بەرسەم ،
ھەپتىلىكىم ئاغىچام .
ئازنى دېدۇق ياتتۇق ،
شەنبە دېدۇق ياتتۇق .
بارچە ھېيت ئوينسا ،
كۈبكە كىرىپ ياتتۇق .

دەپ ئىدىشنى بېشىدىن نەچچە ئايلاندۇرۇپ يەرگە بىر ئۇرۇپتىكەن . ئىدىش يېرىلىپ ، خوتۇن قىپيالىڭاچ ھالدا كاۋىدەك دومىلاپ چۈشۈپتۇ . بۇنى كۆرگەن خالايىق ، سۆلەتۋازنىڭ چىرايىنى دەپ ئاخىر قالغان كۆڭۈللىرىنى تاماشا قىلىپ ، نەپرەتلەر ياغدۇرۇپتۇ .

ياسانچۇق خوتۇنىمۇ قىلغان ھۈرۈنلۇقىغا تويۇپ توۋا قىلىپتۇ .

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۇچۇن كەلتۈردۇمكى ، ئۆزلىرىمۇ چىراي ـ

شەكىلگە قاراپ مۇئامىلە قىلىپ، ھەممىنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى تىلەپ يۈرۈپ ئاخىر ئەززەمخان سۆلەتۋاز كۆرگەن كۈنگە دۇچار بولۇپ قالمىغايلا، گۈزەللىك چىرايىدا ئەمەس، كۆڭۈلدىدۇر، — دەپ ھېكايىسىنى تۈگەتتى.

مالىك شاھ بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولۇپ:

— بارىكاللا، ئەجەب ياخشى بايان قىلدىڭ. ھېكايەڭ كۆپ ئىبرەتلىك ئىكەن، — دەپ، كاردان ئىسمىلىك خەزىنىچىسىنى چاقىرىپ، كۆلانگىر سۇلتانىنىڭ توي ئىشلىرىغا كېرەكلىك خىراجەتلىرىنى كۆپرەك تەييارلاپ، دەرھال بېرىشكە يارلىق قىلدى.

كاردان بولسا «ئاۋۋال بايقۇشنىڭ قېشىغا ئۆزۈم بېرىپ ئۇچرىشاي، قىزىنىڭ توي خىراجىتى ۋە مېھرى ھەققى ئۇچۇن نېمە تىلەيدىغانلىقىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ، ئاندىن چىقىم قىلىپ بېرەي، ناۋادا تېجەپ قالغۇدەك بولسا، ئاز بولسىمۇ تېجەپ قالاي» دەپ ئويلاپ، مالىكشاھنىڭ ھۇزۇرىدىن يېنىپ چىقىپ، بايقۇشنىڭ ماكانىغا بېرىشقا تەمشەلدى. ئەمما، ئارىلىق ناھايىتى يىراق ئىدى، شۇ سەۋەبتىن سەپەر تەييارلىقىنى پۇختا قىلماقچى بولدى.

ئويلىدىكى، «تويغا بارساڭ تويۇپ بار، شايى تونۇڭنى كىيىپ بار» دېيىشكەن. ئۆيدىن غەملىنىپ چىقماق كېرەك. «ئۆيدىكى سۆز رەستىدە يارىماس»، «ئۆزۈڭ قىلمىساڭ غېمىڭنى، بۆرە يەيدۇ ئېشىڭنى» دېگەن تەمسىل بار. بايقۇشنىڭ ئۆيىدە چاشقان سۆڭىكىدىن باشقا نېمە يوقلۇقى ئېنىق، دەپ، ئۆزىنىڭ سەپەرگە چىققاندا ۋە ئېھتىياتلىق ئىشلاردا ھەمراھ قىلىپ يۈرىدىغان، قىلغان ئىشلىرى ئەتىۋارلاشقا لايىق، ھەرىكىتى چاققان، ئاتىسىنىڭ خىزمەتلىرىدىمۇ بولغان «تۇرۇمتاي تېز پەرۋاز» دېگەن گەپچىسى بىلەن بىللە بازارغا چىقىپ، كەم نەرسە-كېرەكلەرنى ئېلىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ كۈننى كەچ قىلدى. كەچقۇرۇن بازاردىن يېنىپ، سەپەرگە ماڭغاندى، تۇرۇمتاي كاردانغا:

— تۆرەم، سىزنىڭ مىجەزىڭىز ئادىمزات ئارىسىدىكى باقى مىسكەرگە ئوخشاپ كېتىدىكەن، — دېدى. كاردان بۇ سۆزنى ھەم چۈشى-

نىپ ، ھەم چۈشەنمەي :
— ئى تۇرۇمتاي ، باقى مىسكەر دېگەن قانداق كىشى ئە-
كەن ؟ ماڭا قەيېرى ئوخشايدىكەن ، بايان قىلغىن ، — دېدى . تۇرۇمتاي
« خوپ » دەپ ، ھېكايىسىنى باشلىدى :

## خال باقى مىسكەر ھېكايىسى

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئۆتكەن ئىشلاردىن نەقىللەر كەلتۈرۈپ بايان
قىلىشىچە ، ئادىمىزات پەرزەنتلىرىنىڭ ئىچىدە خال باقى مىسكەر دەپ ئاچ
كۆز كىشى ئۆتكەنىكەن . ئۆزى يىل بويى بىر كىمگە بىر نان چاغلىق
نەرسە بەرمەيدىكەن . ھەر كۈنى تاماق ۋاقتىدا ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ
مورىسىغا دىققەت قىلىدىكەن . كىمنىڭ مورىسىدىن چىقىۋاتقان ئىس
تومتىسا ، شۇ ئائىلىنىڭ تامىقى پىشىپتۇ ، دەپ بىلىدىكەن - دە ، شۇ
تەرەپكە قاراپ چاپىدىكەن ، دېگەندەك تاماق ئۈستىگە ئۈلگۈرۈپ بېرىپ ،
قورساق تويغۇزۇپ ، كېرىلىپ يۈرىدىكەن . ئۇيات ، نومۇس دېگەننى
بىلمەيدىكەن ، تاماق يەپ بولغۇچە خۇشامەت قىلىپ ئۆي ئىگىسىگە دې-
مىگەن چىرايلىق گەپلىرى قالمايدىكەن . قورساق تويغاندىن كېيىن ئاش
بەرگۈچى بېرەر يەردە ئۇچرىشىپ قالسا ، سالاممۇ قىلمايدىكەن . شۇنداق
يۈزسىز ، شەخسىيەتچى ، ئاچ كۆز ، تۇز كوردىن ئىكەنكى ، بىرەر كىشى
تاسادىپىي بىرەر مەنپەئەتكە ئۇچراپ قالسا ، ھەسەت ئازابىدىن ئىچى ئې-
چىشىپ تۇرالمايدىكەن . « ھەممە پايدا ماڭىلا بولسا » دەپ ئويلايدىكەن .
بىر كۈنى ئۇ ئادىتى بويىچە نامازشام ۋاقتى بىلەن بىرسىنىڭ ئۆ-
يىگە تاماققا ئۈلگۈرۈپ كىرىپ ، داستىخاننى قورشاپ ئولتۇرۇپتۇ . ئۆي
ئىگىسى ئەمدىلا تائامغا تەكلىپ قىلىشىغا ئەزاننىڭ ئاۋازى كەپتۇ . ھەم-
مەيلەن دىققەت بىلەن جىم ئولتۇرۇپ ، ئەزان توختىغاندا دۇئا قىلىپ بو-
لۇپ :
— تائامنى نامازنى ئوقۇپ بولۇپ يەيلى ، كىم ناماز ئوقۇمىسا ، تا-
ئام يېمىسۇن ، — دېيىشىپتۇ . خال باقى مىسكەر بولسا ، ئۆمرىدە ناماز

ئوقۇپ باقمىغانىكەن. ئۇمۇ ئامالسىزلىقتىن بېرىپ تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇپتۇ. ئەمما ئۇنىڭغا تاھارەت ئېلىش بەك ئېغىر كەپتۇ، نامازدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن داستىخانغا بېرىپ ئولتۇرۇپ:

— ھەي رەھىمسىز ئەسكىلەر! مېنىڭ سوغۇقچانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ، كۆتۈمنى سوغۇق سۇدا يۇيۇشقا زورلاپ، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا رەڭگىمنى قانسىزلاشتۇرۇپ، ھالىمنى كەھرىۋادىنمۇ ئۆتكۈزۈپ نامازخور قىلىۋەتتىڭلار. سىلەرنىڭ ئاش يېگىنىڭلارنى كۆرسەم چىداپ تۇرالماسمەنمىكىن دېمىسەم، بۇنىڭدەك ئىشنى ھەرگىز قىلمايتتىم، — دەپتۇ.

بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، سىزمۇ خۇددى خال باقى مىسكەرگە ئوخشاپ كەتتىڭىز. كىشىنىڭ پۇلىدىن زىغزىق چىقىرىپ پايدا ئالىمەن دەپ، ئۆز دۇنيالىرىڭىزغا شۇكۇر قىلماي سەپەرگە چىقماقچى بولۇۋاتىسىز. پادىشاھنىڭ ئەمرىنى تۇتماقچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ بۇيرۇپ بەرگەن پۇللىرىنى بېرىۋېتىڭ. «ئىككى سۆيگۈ بىر كۆڭۈلگە سىغماس» دېگەن تەمسىل بار. بىر كىشى ئىككى كېمىگە دەسسەيمەن دېسە، غەرق بولماقتىن باشقا ئاقىۋەت چىقمايدۇ. سىز سەپەرنى ئارزۇ قىلىپ قاپسىز، سەپەرگە چىقىمەن دەپ پۇشايماندا قالغان كەپتەرنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىمىغان بولسىڭىز كېرەك، دېدى.

كاردان دېدىكى:

— ئى تۇرۇمتاي، كەپتەرنىڭ ۋەقەسى قانداق بولغانىكەن؟ بايان قىلغىن.

شۇنداق قىلىپ، تۇرۇمتاي ھېكايىسىنى باشلىدى:

## جاھىل كەپتەر ھېكايىسى

بۇرۇنقى زاماندا بىر جۈپ كەپتەر بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەركىكىنىڭ ئېتى «زىرى»، چىشىسىنىڭ ئېتى «مىگىز» ئىدى. بۇلار كېچە-كۈندۈز بىر ئۇۋىدا ھەمسۆھبەت قىلىپ مۇڭداش بولاتتى. بىر كۈنى مىگىز قارىسا، جۈپتى زىرىنىڭ ئەھۋالى باشقىچىرەك تۇرۇپتۇ. بېرىپ

پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ :

— ھەي كۆزۈمنىڭ نۇرى ، غەمكىن كۆڭلۈمنىڭ شادلىقى ، خىرە يۈزلىرىمنى يورۇتقۇچى ، قاراڭغۇ ئالەمنىڭ دۇشقاچىلىقىدىن نېمىلەر كۆردۈڭ ، نېمە خاپىلىق يەتتى ، نېمە ئۈچۈن مۇنچە شۈكلەپ كەتتىڭ ؟ — دەپ سورىدى . زىرى دېدىكى :

— بۇرۇنقىلار سۆزىدە « ئەرزان كىرا ئاۋارە قىلۇر » ، « ئەرزان گۆشنىڭ شورپىسى يوق » دېگەنىكەن . ماڭا بىر كىمدىن زىيان - زەخ. مەتقۇ يەتمىدى . بىراق ، كۆنلىرىمنىڭ ئەھمىيەتسىز ئۆتۈۋاتقانلىقى ئە. چىمنى پۇشۇرۇپ ، ھەسرەت چېكىۋاتىمەن . سەپەرگە چىقىش ھەۋىسى خىيالىمغا كېلىۋېلىپ ، جان تۇتىسى تەن قەپىسىمدە پەرۋاز قىلماقتا ، — دەپ جاۋاب بەردى . چىشى كەپتەر ( مىگىز ) ئەركىكىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئىشىتىپ :

— ھەيھات ، بۇنداق خام خىيالنى زىنھار ئويلىغۇچى بولما ، يا. مان خىيال كۆڭلۈڭگە كىرىۋاپتۇ . ئۇنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت . ئى ئەزىز جۈپتۈم ، سەپەرگە چىقىش مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ بىرىدە يۈز بېرىپ قالىدۇ . بۇنىڭ بىرىنچىسى ، ئۆز يۇرتىدا پەقەت كۈن كەچۈ. رۈش ئىمكانىيىتى قالمىغان بولسا ، يەنە بىرى ، ئىزا - ئاھانەتلىك ۋە باش كۆتۈرۈپ يۈرگۈسىز ھادىسىلەر يۈز بېرىپ ، خاپىچىلىق زىيادە بول. غاندا . بىز ئېخى ئۇنداق كۈنلەرگە دۇچار بولمىدۇق ، كۈنلىرىمىز بىر ئۇبدان ئۆتۈۋاتىدۇ ، باشقىلارنىڭمۇ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇۋاتىمىز ، مۇشۇنداق تىنچ كۆڭۈلنى بىئارام قىلىپ ، ئۆزىگە جەبىر قىلغاندىن نېمە پايدا ؟ — دېدى .

زىرى دېدىكى :

ھەركىم سەپەر قىلسا ، ئەزىز بولۇر ،
قۇياشمۇ ھەر كۈنى سەپەر قىلۇر .
ھېچ نەرسە يوقكى ، سۇدىن تاتلىق ،
گۆھەر يەردە تۇرسا ، گەندە بولۇر .

ئاي بىلەن كۈنمۇ ھەمىشە ئاسماندا سەپەر قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ساۋابلىقلار ئۆتۈپ تۇرىدۇ. يەر ماڭماي ھەمىشە بىر ئورۇندا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، خالايىقنىڭ ئاياغ ئاستىدا دەسسىلىپ خارلىنىدۇ. سەپەردە يۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئاي بىلەن قۇياش ئاسماندىدۇر. جىم تۇرغان يەرنىڭ بولسا، ئورنى پەستىدۇر. مانا بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا نۇرغۇن پەرقلەر كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ھەركىم بىر ئورۇندا تۇرىۋەرسىمۇ، گەپ ـ سۆزلەر پەيدا بولۇپ، خېيىمخەتەردىن ۋە قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتلەردىن ساقلىنىمەن، دېگىلى بولمايدۇ. دەرەخ بوستان ئىچىدە ئۆسمىگەن بولسا ئىدى، ھەرىنىڭ جاپاسىنى، پالتىنىڭ ئىزاسىنى كۆرمىگەن بولار ئىدى. لەئل مەدىنى بەدەخشاندىن چىقىدۇ، يەمەن بولسا، ھېقىق كانىدۇر. لېكىن ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆز جايىدا قەدىر ـ قىممىتى يوق. ئۇنى كۈندە كۆرۈپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدۇ. ھېقىق ئۈچۈن يەمەنگە، لەئل ئۈچۈن بەدەخشانغا بېرىپ سەپەر جاپاسىنى چەكمىگۈچە لەئل بىلەن ھېقىقنىڭ گۈزەللىكىنى ئۆز رەڭگىدە كۆرگىلى بولمايدۇ.

— ئى ئەزىز جۈپتۈم، — دېدى مىگىز، — سەپەرگە كۆپ ھېرىس بولما. ئۇنىڭدا بىر نۇقتا زىيادە بولسا سەقەر بولۇر. « سەپەر — سەقەر » دېيىلىدۇ، سەقەر دېگەن دوزاخ دېمەكتۇر. شۇڭا: « يول ئازابى، گور ئازابى » دېيىلىدۇ. سەپەرگە يالغۇز چىقىش تېخىمۇ خەتەرلىكتۇر. سەپەرگە چىقىشتا ياخشى رەپىق بولۇشى كېرەك. « ياخشى بىلەن يۈرسەڭ ئېچىلار چېچىكىڭ، يامان بىلەن يۈرسەڭ يېرىلار يۈرىكىڭ » دېگەن تەمسىلنى بېشىدىن ئىش ئۆتكەنلەر قالدۇرۇپ كەتكەن. ياخشى يولداش بىلەن ھەمراھدارچىلىق سائادەت كەلتۈرىدۇ، يامان بىلەن ھەمراھ بولۇش ياۋۇزلۇق دەلىلىدۇر. سېنى سەپەردە تاشپاقا بىلەن چايانىنىڭ ھەمراھدارچىلىقىدەك ئەھۋالغا دۇچار بولۇپ قالارمىكىن دەپ قورقىمەن.

زىرى جۈپتىدىن سورىدىكى:

— ئۇ قانداق بولغانىكەن ؟ سوزلەپ بەرسەڭ .

## يامان دوست ھېكايىسى

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، تاشپاقا ئىراقتىن ھىجازغا كېتىۋېتىپ ، يول ئۈستىدە نائىلاج بىر چايان بىلەن ھەمراھ بولۇپ قاپتۇ . بۇلارنىڭ ھەمراھ بولۇشى زۆرۈرىيەتتىن ئىكەن .

تاشپاقا ناھايىتى پاراسەتلىك ئىكەن . چۈنكى ، كۆپلىگەن سەپەرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ ، ياخشى - يامانلار بىلەن كۆپ ئارىلىشىپ ، مول ساۋاقلارغا ئىگە بولغانىكەن . يول يۈرگەندە ئىختىيارلىقىنى چايانغا بېرىپ ، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن مەنزىلىگە چۈشۈپ ، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە يۈرۈپتۇ . شۇنداق مېڭىپ ، بۇلار بىر دەرياغا دۇچ كەپتۇ . بۇ ئىككىسىنىڭ كۆۋرۈك سېلىشقا قۇدرىتى يەتمەي ، ئىلاجسىزلىقتىن سۇغا چۈشۈپ ئۈزۈپ ئۆتمەكچى بولۇشۇپتۇ . تاشپاقا بىر سەكرەپلا ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ ، ئۆردەكتەك شۇڭغۇپ بىر يەرگە بېرىپ قارىسا ، چايان نەيزىسىنى مۈرىسىگە ئارتىپ دەريانىڭ بويىدا تۇرغان جايىدا جىم تۇرۇپتۇ ، تاشپاقا بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ :

— ھەي بۇرادەر ! ئۆتمەي نېمىگە قاراپ تۇرىسەن ، — دەپتۇ .

چايان دەپتۇكى :

— بەلكىم كۆزنىڭ يېشىچىلىك سۇدىن ئۆتۈشكىمۇ ئاجىزلىق قىلىمەن .

بۇنى ئاڭلاپ تاشپاقا كۆڭلىدە : « مەن ئۇنى تاشلاپ كەتسەم ، ھەمراھدارچىلىقنىڭ شەرتىنى ئورۇندىمىغان بولىمەن ، كىچىككىنە ئىش بىلەن ھەمراھدارچىلىق قائىدىسىنى قىلمىسام ياخشى بولماس ، ئەلۋەتتە ، ئۆتكۈزۈپ قويۇشۇم لازىم . « ياخشى دوست سەپەردە سىنىلۇر » دېگەن تەمسىل بار ، دەپ قايتىپ بېرىپ :

— ھەي بۇرادەر ! سېنى مەن دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قوياي ، مېنىڭ ئۈستۈمگە چىقىپ جىم ئولتۇرغىن ، ئەگەر مىدىرلايدىغان بولساڭ ئۆزۈڭ-

نىڭ جېنىغا ئۆزۈك جەبرى سالىسەن ، — دەپتۇ .چايان :
— ھەر كىم ئۆزىنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىنى ئۆزى بىلىدۇ ، — دەپ تاشپاقىنىڭ ئۇستىگە مىنىپ ئولتۇرۇپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ، بۇلار دەرياغا چۈشۈپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن چايان تەۋرىنىشكە باشلاپتۇ . تاشپاقا ئۆز ئۇستىدە « گۇرس » قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ :
— ھەي بۇرادەر ، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ .
چايان دەپتۇكى :
— بۇگۇن ئۇستۇڭگە ئاران چىقتىم . بۇرۇنقىلارنىڭ :« قىرىق يىلدا بىر ئېشەك ئويۇنى » دېگەن تەمسىلىنى ئاڭلىغاندىم ، پولات نەيزەمنى قالقىنىڭغا سانجىپ باقاي دەيمەن . تاشپاقا :
— ئىشىنىڭ غەلىبىسىگە قاراش كېرەك . ئالدىراپ خۇش بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق .

ئاغرىتىپ دوست كۆڭلىنى قىلسا قوپاللىق ، ئۇرۇش ،
ئۇرار نادانلىقتىن قەھرى بىلەن تاشقا مۇش .

سېنىڭ بۇنىڭدەك خار سۈپەت ئاجىز نەيزەڭنىڭ كۈچى مېنىڭ قالقىنىمغا قانداقمۇ تەسىر كۆرسىتەلىسۇن ؟ — دەپتۇ .
— ئى بۇرادەر ، — دەپتۇ چايان ، — پېقىرنىڭ مۇددىئاسى نەشتەر ئۇرۇشتۇر . خاھى دوستۇمنىڭ كۆكسى بولسۇن ، خاھى دۈشمەنىنىڭ دۈمبىسى بولسۇن ، مەن ئۇچۇن بەرىبىر ئوخشاش ، پۇرسەت چىقسىلا سانجىۋېرىمەن .

ھەر كىمنىڭ ئادىتى ھەر قانداق بولسا ،
بەرىبىر ئاشكارا كۆرۈلەر ئاندىن .
تاشقا يامغۇر ئۆتكىنى يوق ئى ئەقرەپ ،
گەرچە مۇنداق دېمەكلىك ئەجەب سەندىن .

تاشپاقا ئەجدادلارنىڭ : « دۈشمەنگە رەھىم قىلغانلىق ، ئۆز جىـ
نىنى تەقدىم قىلغانلىق » دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى ئەسلەپ :

— ئى دوستۇم ! سۇ ئۈستىدە پاخالدەك لەيلەپ ئۈزۈپ يۈرگەنـ
نىڭ ھېچبىر ھۇزۇرى بولمايدۇ . سۇ ئاستىغا كىرىپ جاۋاھىراتلارنىمۇ
تاماشا قىلىپ چىققىن . — دەپ ، چۆمگەك قۇشتەك بىر شۇڭغۇغانىكەن ،
چايان بۇرۇقتۇرما بولۇپ جان بېرىپتۇ .

مېنىڭ بۇ مىسالنى كەلتۈرۈشۈمدىكى سەۋەب . « ئېسىلنىڭ خاـ
تاسى بولماس ، ناجىنسنىڭ ئاشنىسى » دەپ . يامان ئۈلپەت خەتەرلىكـ
تۇر . ئەڭ ياخشىسى سەپەر قىلىش نىيىتىدىن كەچكىن ، دېدى .

ئەركەك كەپتەر جۈپتى مىگىزنىڭ نەسىھەتلىرىگە ئۇنىماي . ھاۋاغا
پەرۋاز قىلدى . ئۇ شۇنداق ئۇچۇپ كېتىۋاتقانىدى ، بىر مەنزىلگە بارغاندا
زېـمىندا بىر يېشىلزارلىقنى كۆردى ، زىرىنىڭ كۆڭلىگە بۇ مەنزىرە ناھاـ
يىتى يېقىپ ، بۇ جايغا چۈشۈپ تاماشا قىلىپ ئۆتمەكچى بولدى . دەـ
رەخكە قونۇپ ئەتراپىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرغانىدى ، بىردىنلا ھاۋا گۈلـ
دۈرلەپ ، چاقماق چېقىپ قارا بوران پەيدا بولدى ، ئارقىدىنلا مۆلدۈر
چۈشۈپ ، ئېتىلغان مۇز ئوقلىرى شىددەت بىلەن تېگىپ كەپتەرنىڭ بېـ
شىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى ، ئارقىدىنلا يامغۇر يېغىپ كەپتەرنىڭ پەيلىرىنى
ھۆل قىلىپ ئۇچالماس قىلىۋەتتى . بىچارە كەپتەر جۈپتىنىڭ نەسىھىتىنى
ئاڭلىماي سەپەر قىلغانلىقىغا پۇشايمانلار قىلىپ ، كېچىنى ئورماندا ئۆتـ
كۈزۈپ ئەتىسى كۈن چىقىپ قانات ـ پەيلىرى قۇرۇغاندىن كېيىن يەنە
يـولغا چىقتى ، ئەمدىلا ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەنىدى ، ئارقا تەرىپىدىن بىر لاـ
چىن پەرۋاز قىلىپ كەلدى . كەپتەر قورقۇنچىدىن ئۆزىنى ئېگىزدىن
يـەرگە قارىتىپ بىر چاتقاللىققا ئاتتى ، بۇ چاتقال دۆۋىلەپ قويۇلغان تىـ
كـەن ئىدى ، ئۇ ئۇنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى . بىچارە زىرىنىڭ قورـ
ساقلىرى ھەم ئاچ ئىدى ، تىكەندىن ئاجراپ بولغۇچە بەدەنلىرىگە تىكەنـ
لەر كىرىپ ، يەنە بىر كېچىنى تىكەننىڭ ئارىسىدا ئۆتكۈزدى . ئاران
تـەستە ئۇ يەردىن قۇتۇلۇپ كېتىپ بارغانىدى ، يەر يۈزىدە بىر كەپتەرـ

نىڭ دانلاپ يۈرگىنىنى كۆردى ، قارىسا ، ئەتراپىدا دانلار تو-
رۇپتۇ .« ئەمدى تويغۇچە دانلىۋالىدىغان بولدۇم »دەپ يەرگە چۈشۈپ
قارىسا . ھېلىقى دانلاۋاتقاندەك كۆرۈنگەن كەپتەر تورىقا چۈشۈپ ياتقا-
نىكەن . زىرى ئۇنىڭ قېشىغا ماڭغانىدى . ئالدىغا بىر تال دان ئۇچرى-
دى . ئۇنى شۇنداق يېيىشىگىلا تورىقا ئىلىندى . زىرى ئۆزىنىڭ تورىقا
چۈشكىنىنى كۆرۈپ نالە ـ پەرياد قىلدى ، ھېچ پايدىسى بولمىدى .
« ئوۋچى كەلگۈچە قۇتۇلالمىسام ئۆلگىنىم شۇ » دەپ جىنىدىن ئۈمىد
ئۈزۈپ ، جان ـ جەھلى بىلەن كۈچەپ تىپىچەكلىگەنىدى ، دامىنىڭ يىپ-
لىرى ئاپتاپتا چىرىپ ، كونىراپ كەتكەنىكەن ، بىر ـ بىرلەپ ئۈزۈلۈپ .
دامدىن قۇتۇلدى . زىرى شۇ خۇشاللىقىدا پەرۋاز قىلىپ ، ئۆز ۋەتىنىگە
قايتىپ تىنچ ـ ئامان ياشىماقچى بولدى . ئارا يولدا كېتىۋاتقانىدى ، بىر
كەنت كۆرۈندى ، ئۇ يەرگە چۈشۈپ ئارام ئېلىپ ئۆتمەكچى بولۇپ بىر
توغرا تامنىڭ ئۈستىگە قونغانىدى ، بىر بالا ئاتقۇچ بىلەن چېنەپ ئاتتى .
تاش كېلىپ ئارقا تەرەپتىن تېگىپ ، كەپتەر موللاق ئېتىپ تام تۈۋىدىكى
كونا قۇدۇقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ ، بىر تال تاشلاندۇق ياغاچقا چاپلىشىپ
قالدى ، بۇ قۇدۇق ھەم كونا ، ھەم چوڭقۇر ئىدى .

ھېلىقى بالا كېلىپ كەپتەرنى ئۆلدى دەپ ھېس قىلىپ كېتىپ
قالدى . زىرى بولسا ، بەدەنلىرى نەچچە يەردىن جاراھەتلىنىپ ، ماغ-
دۇرسىزلىنىپ كەتكەنىدى . مىڭ بىر مۇشەققەت بىلەن قۇدۇقتىن چىقىپ
ئۆز ئۇۋىسىغا ئاران يەتتى . مىگىر كۆردىكى ، زىرىنىڭ ھالى خارابلى-
شىپ ، ئاچلىقتىن كۆزلىرى پارقىراپ قاپتۇ ، سوراپتۇكى :

— ئى ئەزىز جۈپتۈم زىرى ، ھالىڭ قانداقراق ؟

— ئى قەدىرلىكىم ، — دەپتۇ زىرى ، — سەن شۇنچە نەسىھەت
قىلساڭ سۆزۈڭگە كىرمەپتىمەن . سەپەر قىلىمەن دەپ كۆرمىگەن
جەبىر ـ جاپالار قالمىدى . ئەمدى ئۆزلۈكۈمدىن پايدا ـ مەنپەئەت ياكى
ئويۇن ـ تاماشا ئۈچۈن ھەرگىز سەپەرگە چىقمايمەن . « كاجنى بازار
ئوڭلايدۇ » دېگەن راست ئىكەن . « تازىنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن »
دەپ ، ئەمدى بىلدىم ، — دەپتۇ .

ئى تۆرەم ، سىزنىڭ بۇ سەپىرىڭىزمۇ بىرەر ئەمىر ـ پەرماندىن
ئەمەس ، بەلكى ئۆزلۈكىڭىزدىن ئارزۇ قىلغان سەپەردۇر . مېنىڭچە بۇنداق
سەپەرنى قىلمىغان تۇرۇك ، سىزنىڭ ئۆز مال ـ دۇنيالىرىڭىز شۇنچە
كۆپ تۇرۇقلۇق ، خەقنىڭ پۇلىنى بىرىشكە كۆزىڭىز قىيماي ، ئارىدىن
زىغىرىق چىقىرىۋالماقچى بولۇۋاتىسىز ، — ئى ھۆرمەتلىك تۆرەم ، پۇلنى
دەپ ئۆز ھاياتىڭىزغا قاراملىق قىلمىغايسىز ، ـ دەپ يول كۆرسەتتى .

كاردان تۇرۇمتاينىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ غەزەپتىن ئۆزىنى
باسالماي ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ تۇرۇمتاينىڭ ئالدىغا بېرىپ :

— ھەي بىئەدەپ شۇم ! ئەمدىلىكتە ماڭا نەسىھەت قىلغۇدەك
بولدۇڭمۇ ؟ قەدىمكىلەرنىڭ « ھايۋان بالىسى باقساڭ ئاغزى ـ بۇرنۇڭنى
ياغ ئېتەر ، ئادەم بالىسى باقساڭ ئاغزى ـ بۇرنۇڭنى قان ئېتەر » دېگەن-
لىرى راست ئىكەن . يېتىم دېگەننىڭ ئاغزى يۇمشاق بولۇشى كېرەك .
شۇنداق قىلغاندا ، ئۇ كىشىنىڭ قولىدىن بىر توغرام نان ئېلىپ يېيە-
لەيدۇ .« ئېمىشنى بىلگەن قوزا ئىككى ئانىنى ئېمەر ، ئېمىشنى بىلمىسە ئۆز
ئانىسىمۇ تېپەر » ، مەن بولسام ئاغزىمنى يۇمشاق قىلىپ پادىشاھنىڭ ئەم-
رىنىمۇ تۇتىمەن ، ئۆز نەپسىمنىمۇ خۇش قىلىمەن . مەن ئاۋۋال پادىشاھ-
نىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسى ئاستىدا ئۆزۈمنى غەم-
لەيمەن . پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆزىنى غەملىمىگەنلىكنىڭ ئۆزى ،
ئاللانىڭ بەرگىنىنى قوبۇل قىلمىغاندەك بىر ئىشتۇر ، — دېدى .

تۇرۇمتاي قىلغان سۆزلىرىگە پۇشايمان قىلىپ :

— مەنمۇ كۆرگەن كۈنۈمگە شۈكۈر قىلماي ، ئۆزلىرىگە ئاقسا-
قاللىق قىلىپ قويۇپتىمەن . قەدىمدىن قالغان : « ئارغىماق ئات بول-
ماس : قۇلى ئازسا ، خوجىسى باقماس » دېگەن بىر تەمسىل بار ئىكەن .
بۇ قۇللار ھەر قانچە ئازسىمۇ ، خوجا بولغۇچى كىشى كەڭ قورساقلىق
بىلەن كۆرمىگەن بولۇپ ، ئەپۇ قىلىشىنى كېرەك دېگەنلىكتۇر . قۇلنىڭ
خاتالىقى قانچە ئېغىر بولسىمۇ ، پادىشاھلارنىڭ كەڭچىلىكى شۇنچە چوڭ
بولىدۇ . ئالەم قۇياش بىلەن يورۇپ تۇرۇقلۇق ، ئاينىڭ زەررىچىلىرىنىمۇ
قولدىن بەرمەيدىغانلىقىنى ، ئاپتاپنىڭ جۇدىنىمۇ بولىدىغانلىقىنى ، ئادەم-

لەر كۆزىنىڭ مال ـ دۇنياغا تويۇپ ئۆتمەيدىغانلىقىنى ئويلىماپتىمەن . سۆزۈمنى ئېغىر ئالمىغايسىز ، مەنمۇ خۇددى يادىكار جۇۋىچىدەك تېتىقسىز سۆزلەپ قويغانلىقىمنى بىلدىم ، ــ دەپ ئەپۇ سورىدى . كاردان دېدىكى :

ــ ئى تۇرۇمتاي تېز پەرۋاز ! يادىكار جۇۋىچى قانداق بولغانىكەن ؟ بايان قىلغىن .

تۇرۇمتاي « خوپ ! » دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى :

## يادىكار جۇۋىچى ھېكايىسى

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا ئادىمزات ئارىسىدا يادىكار بۇلاتقى دەپ بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن . بۇ ئادەم كىچىك چېغىدا ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ پەرۋىشىدە چوڭ بولۇپتۇ . ئۇلار ئاز ـ تولا ئوقۇتۇپ ساۋاتىنى چىقىرىپ قويغاندىن كېيىن ، ئۇ نەگىلا بارسا لاپ ئۇرۇپ ، تۇغقانلىرىغا تۇزكورلۇق قىلىپ باشقا بىر يۇرتقا بېرىپ ياشاپتۇ . ئۇ يەرگە بېرىپمۇ ھاپىزلىق قىلىپ يۈرۈپ كىشىلەرگە سەت كۆرۈنۈپ تۇرغۇدەك يەر تاپالماي ، ئاخىر بىر جۇۋىچىغا شاگىرتلىققا كىرىپ ھۈنەر ئۆگىنىپ ، يادىكار جۇۋىچى ، دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولۇپتۇ ، ئەمما ھۈنەرنى ياخشى ئۆگىنەلمەپتۇ .

ئۇ ھەم دۆت ، ھەم يالغانچى ئىكەن ، يالغانچىلىق قىلغاندىمۇ قىلغان سۆزلىرى ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپ ، بىر كىمنى ئىشەندۈرەلمەپتۇ . ئۇ ئۆزىگە گاھىدا ئۆتكۈر سوپى دەپ ئات قويۇۋالىدىكەن ، گاھىدا دانىشمەن روزىگار ئاتايدىكەن . ئۇ لاپ ئۇرغىلى تۇرسا ، كىشىلەرگە :

ــ مەن ئون يېشىمدا ھەزرىتى نوھ ئەلەيھىسسالام توپاندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كېمە ياسىغىلى تۇرغاندا ياغاچ توشۇپ بەرگەنىدىم . ئون بەش يېشىمدا ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى لەنىتى نەمرۇت مەنجاناققا سېلىپ كۆيدۈرمەكچى بولغاندا پۇتىنى تۇتۇشقانىدىم . يىگىرمە بەش يېشىمدا خوجا ئەھمەت يەسەۋىنىڭ قەبرىسىنى قوپارغاندا لاي توشۇپ ،

خىش سۇنۇپ بەرگەنىدىم ، — دەيدىكەن . ئاڭلىغۇچىلار :

— يادىكار ئاكا ، مۇنداق يالغان سۆزلىمەڭ ، سۆزلىگەندىمۇ ، شۇنداقمۇ لاپ ئۇرامسىز ؟ — دېسە :

— ئەگەر مەن يالغان سۆزلىگەن بولسام خۇدا ئۇرسۇن ، — دەپ قەسەم قىلىپ تۇرىدىكەن . شۇ سەۋەبتىن ئۇ راست سۆزلىسىمۇ كىشىلەر ئۇنى يالغان ھېسابلاپ ئىشەنمەيدىكەن . ئەگەر ئۇنىڭ تىككەن جۇۋىسىغا قارايدىغان بولسا ، ھەر بىر تىكىشنىڭ ئارىلىقىدىن بارماق ئۆتۈپ كېتىدىكەن . خېرىدارلار :

— ۋاي ئۇستام ، بۇ قانداق تىكىش ؟ — دەپ سوئال قويسا ، خىجىل بولماستىن :

— مۇشت ئۆتمىسە ياخشى تىكىش ، — دەپ ھەق تەلەپ قىلىدىكەن . ئۇنىڭ ئۇستىگە ، ئۇ ئۆزىنىڭ دۆتلۈكىگە باقماي ، خالايىققا سۇننەتتىن ئەمرى مەرۇپ قىلغۇچى ئىكەن . ئەمما ئۆزى تاھارەتتە قولىنى قەيەرگىچە يۇيۇشنىڭ پەرز - سۇننەتلىرىنى بىلمەي ، ئۈچ بارمىقىنى يۇيۇپ ، ئىككى بارمىقىنى ئايرىپ قويىدىكەن . ھەم ئەخمەق ئىكەن ، كىم سۆزلىسە قوشۇق سېلىپ كىشىنىڭ چىشىغا تېگىدىكەن . ئۆزىنى بىلمەي كىشىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ ، مەسلىھەت بېرىمەن دەپ خاپىچىلىق تېپىۋالىدىكەن . مەنمۇ بۇگۈن يادىكار جۇۋىچىدەك دۆتلۈك قىلىپ ، مەسلىھەت بېرىمەن ، دەپ يارىماس سۆزلىرىم بىلەن سىلىنى خاپا قىلىپ قويدۇم ، شۇڭا ئۆزۈمنى يادىكار جۇۋىچى قاتارىغا تىزىپ قويدۇم ، دېدى . كاردان تۇرۇمتاي تېز پەرۋازنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قەھرى غەزەپلىرى يېنىپ :

— « ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەپتۇ » دېگەن تەمسىل بار . گۇناھىڭدىن ئۆتتۇم . سەن ئۆزۈڭنىڭ دۆتلۈكىڭدىن ، بېشىڭغا ئىش كەلمىگەنلىكىدىن ، سەپەرگە چىقىپ باقمىغانلىقىڭدىن ، بۇ سۆزلەرنى ئېيتتىڭ ، تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى ئەقىلسىزلەر ھەرگىز بىلەلمەيدۇ ، سەن مېنىڭ بىلەن سەپەرگە چىقساڭ ، كۆپ تەجرىبىلەر ھاسىل قىلىسەن ، — دەپ ، كاردان تۇرۇمتاي تېز پەرۋاز بىلەن تەييارلىقنى قىلىپ

يولغا چىقتى .

بۇلار نەچچە مەنزىل يول يۈرۈپ كەيقىباد قەدىمكى شەھىرىگە كېلىپ ، بايقۇشنىڭ ئۆۋىسىغا قوندى . بايقۇش كاردانىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھال - ئەھۋال سوراپ ، خۇشال - خۇراملىق بىلەن قارشى ئالدى . بىرىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىنى قېقىپ مېھمانخانىسىغا باشلىدى . ئىسىل بىساتلار سېلىپ مېھمانىنى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ ، ئوچاققا ئوت قالاشقا باشلىدى . بۇ يەسىل قىش مەزگىلى بولغاچقا ، سوغۇقنىڭ ئاچچىقى جاندىن ئۆتۈپ تۇراتتى . ئوتۇننى دۆۋىلەپ پۈۋلەشكە باشلىدى . ئەمما ئوت تۇتاشماي ، يانمىدى . بايقۇش مېھمانىنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ :

— كۆردىڭىزمۇ قىرلىقنىڭ كاساپىتىنى ؟ پۈۋلىسەم يەل قېچىپ ، ئالدىرىغاندا ئوتمۇ يانمايۋاتىدۇ . « ئالدىرىغان ئارقىدا قالار » دېگەن شۇ - دە . — دەپ ھەسرەت چەكتى .

كاردان دېدىكى :

— رىۋايەتتە كەلتۈرۈلۈشىچە : « شەيخنىڭ ھۈنىرى بولمىسا . خانىقا بىلەن تەڭ » دېگەن تەمسىل بار ئىكەن . قولىدىن ئىش كەلمىگەن ئادەم تام بىلەن تەڭدۇر . ئوت قالاشنى بىلسە ، مۇزغىمۇ تۇتىشىدۇ . قالاشنى بىلمىسە قاقشالغا ياقسىمۇ بىكار ، سىز ئوڭلاپ ئوتنىمۇ قالىيالمىغان تۇرۇقلۇق قانداقمۇ بىز بىلەن سۆزلىشەلەرسىز ؟

— ئى ئەزىز مېھمان ، — دېدى بايقۇش ، — « راستىنى ئېيتسام ئۆرىسىز ، يالغان ئېيتسام تۆرىسىز » دەپ ، سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىزنى قىلىپ نەچچە ئېغىز تەكەللۇپ قىلىپ قويسام كۆرەڭلەپ كەتمەك . « موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە » دېگەن گەپ بار . ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمىز . دەرۋەقە سىز بولسىڭىز شەھەردىن كەلدىڭىز ، مەن بولسام سەھرادا تۇرىمەن . سەھرا دېگەن مۇشەققەتلىكتۇر ، شۇڭا ئۇ كىشىنى ئەقىلدىن ئازدۇرۇپ قويىدۇ . ئەمما تەجرىبە كۆپرەك بولىدۇ . سەھرالىق بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشتا « سۇ كۆرمەي ئىشتان ساپتۇ » دېگەندەك ، ئالدىراپ غەلىبىدىن تەمە قىلىپ كەتمەسلىك كېرەك . « كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق » بولۇپ قالمىسۇن . « ئىشنى كەلگەندە كۆرۈك ، دوپپىنى

كىيگەندە » دەپ . ھەر ئىشقا جەريان كېرەك . « ئالدىرىغان يولدا قالار » — دەپ ، ئۇتنى تۇتاشتۇرۇپ گۇلخان يېقىۋەتتى . داپ ، غېجەك ، قالۇن ، راۋابلار بىلەن سازەندە مۇقامچىلارنى كەلتۇرۇپ ، ئۇسسۇلچى ، قىزىقچىلارنى تەكلىپ قىلدى . مېھماندارچىلىق ئەسۋاپلىرىنى تەييارلىدى . سازەندىلەر سازنى قۇلاقلىرىغا تۇتۇپ تەڭشەپ چېلىشقا باشلىدى . مېھمانلار گۇلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ بىردەم مەيدىسىنى ، بىردەم دۇمبىسىنى قاقلاپ ھۇزۇر قىلماقتا ئىدى . نەغمە ـ ناۋانىڭ ساداسى پەلەككە يېتىپ ، مالائىكىلەرنىمۇ ئويغىتىۋەتتى .

مۇشۇنداق بىردەم ھۇزۇرلانغاندىن كېيىن ، كاردان بايقۇشنى چەتكە تارتىپ :

— بۇرادەر ئىككىمىز ئايرىم سۆزلىشۋالساق قانداق ؟ — دەپ سورىدى .

بايقۇش دېدىكى :

— قەدىمدىن قالغان : « سۆزنى قىلغىن ئوقۇغانغا ، جانىي ـ جانغا سوققانغا ؛ ئېيتىپ سۆزنى نېمە قىلىسەن ، ئانىسى يامان تۇغقانغا » دېگەن مەسەل بار . سىزدەك ياخشىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا ھەر قاچان تەييارمەن ، مۇنداق بىر بېيىتنى ئاڭلىغانمەن :

بېيت

ئادەمنىڭ نەسلى بىردۇر بىر ـ بىرىدىن پەرقى با ،
بىرسى باشنىڭ ئاغرىقىدۇر ، بىرى كۆزگە تۇتىيا .

سىز بولسىڭىز يىراقتىن كەلگەن مېھمان ، ھەم بىز ئۇچۇن تۇتىيادۇرسىز .

بېيت

ئەگەر سۆز جانىبىدا قىلمىسا سۆز ،
ئۇنى سۆز دېمىگىن ئى مەجلىس ئەفرۇز .

سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز بىز ئۈچۈن پايدىلىقتۇر ، ئەمما ھەددىدىن ئاشقان سۆزلەر بولسا ، سۆز دېگىلى بولمايدۇ .

كاردان ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ :

— ئى بۇرادەر بايقۇش ، بىز بولساق مالىك شاھنىڭ كىشىلىرىدۇرمىز ، ئاڭلىغان خەۋەردە ، قىزىڭىز كۈنۈش بانۇ ئايىمنى ياپلاق قۇشنىڭ ئوغلى كۆلانگىر سۇلتانغا بەرمەكچى بولۇپسىز . « سالغان تويلۇقنى ئۆز قولىقىم بىلەن ئاڭلاپ كېلەي » دەپ كەلدىم . ئىش قىلىپ سالغان تويلۇق ئىسراپ بولمىغۇدەك دەرىجىدە مۇۋاپىقراق بولسا ئىكەن دېمەكچىمۇسىز ، — دەپ ، گېپىنى تاماملىدى .

— ئوبدان بولۇپتۇ ، — دېدى بايقۇش ، — « قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونچۇڭغا » دېگەن تەمسىل بار . قىزىمغا ئۆز قېرىنداشلىرىمدىن لايىق چىقىپ قالار . ياپلاقنىڭ ئوغلىنىڭ كۈيئوغۇل بولۇشىنىڭ ھاجىتى يوق . ئۇنىڭدەك غەيرىيدىن تەمە كۈتىدىغان تەمەخورنىڭ بالىسىغا نېمدەپ بەرگۈدەكمەن ؟

— ئى بايقۇش ، كونىلارنىڭ « ياتقا بەر قىزىڭنى ، ياتتىن ئال سۆزۈڭنى » دېگەن تەمسىلى بار . ئۇرۇق - تۇغقان ۋە ياكى يېقىن بۇرادەرلەر بىلەن قۇدا بولۇشمۇ ئوبدان ئەمەس . «قىز بالا — قىزىل بالا » دېگەن تەمسىل بار . قاملاشىسىغۇ ياخشى ، ئەگەر ئۇنىڭ جاھىللىقى تۇتىدىغان بولسا ، مىڭ ئادەم نەسىھەت قىلغان بىلەنمۇ ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلىدۇ . ئۇ چاغدا ، ئارىلىقتا ئاداۋەت پەيدا قىلىپ قويىدۇ . « ئەر تاللىغان يەردە قالار » ، « قىزنى ئاشىقىغا بەر » دېگەن مەسەل بار . قىز چوڭ بولغاندا ساقلىماق تەس . « قىز ساقلىغۇچە ، تۇز ساقلا » دەپ بېشىغا كەلگەنلەر دېگەن . « خوتۇن خەققە ئاتا بولغان لاتا بولىدۇ » ، قىز بالا ماقۇل بولغانىكەن ، دېگىنىگە بېرىۋېتىش كېرەك ، — دەپ كاردان كۆپ قېتىم نەسىھەتلەر قىلدى . بايقۇش دېدىكى :

— « تاشمۇ ئۆز جايىدا ئەزىز »، بۇنى بىلگەنلەر ئۆز جايىدىن ئايرىلمايدۇ . « ھەر كىمنىڭ تايى بار ، كۆڭلىدە گۇمانى بار »، ھەر

ئىشنى ئالدىدا ئوبدان ئويلاش لازىم . ئالدىراپ ئىش قىلىپ قويۇپ ،
گەپنى ئارقىدىن قىلغان بىلەن ۋاقتى ئۆتـكەن ئىش ئـورنىغا كەلمەيدۇ .
« گـەپ يۈزدە ياخشى ، ئۇسسۇل تۈزدە » دەپتىكەن . مەن كۆڭلۈمدى-
كىنى دېسەم ، « دوستۇمنى دەپ بويۇمدا قالدى » دەپ ، ئۆزۈمگە خاپى-
لىق تېپىۋالسام ئوبدان ئەمەس .

كاردان دېدىكى :

— ئى بۇرادەر ، سەن قەدىمكىلەرنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىنى دېگەن
بىلەن ئۇنىڭدەك بولالمايسەن . ئۇ زامانلاردا تۆگە ياغاق چىچاتتى . ھازىر
ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ . « ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى » ،
بىلىشىمچە ، ياپىلاقنى ياراتمايدىكەنسەن ، ئەمما ئوغلىنى ياخشى كۆرىدى-
كەنسەن ، « ھەسسىنكام ئاچچىق ، ئامۇتى تاتلىق » دېگەن شۇ ئەمەسمۇ .
بۇنىڭدەك قىلىش ئوبدان ئەمەس ، ئەلۋەتتە . « گۈلنى سۆيگەن تىكەننى
سۆيەر » ، « ئىگىسىنى سىغىنساڭ ئىتقا سۆڭەك تاشلا » دېگەن گەپ
بار . ئوغلى يارىغانىكەن ، ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ ياخشى كۆرۈش لازىم . سەن
كىشىنىڭ ئەيىبىنى كۆرىدىكەنسەن ، ئەمما ئۆزۈڭنىڭ ئەيىبىنى كۆرمەي-
دىكەنسەن . « ئۆچكىنىڭ ئوچۇق قالسا گەپ يوق ، قوينىڭ ئوچۇق
قـالسا ، ھاي ـ ھايت » دېگەندەك ، ئۆزۈڭنىڭ ئەيىبلىرىگە گەپ يوق ،
بـاشقىلارغا گۇناھ قويماقچىمۇ ؟ ئادىمىزات ئارىسىدا ھوشۇر يورۇق دەپ
بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ ، يولدىن بىر ئەينەك تېپىۋاپتۇ . ئۇنى ئېلىپ
يۈزىگە شۇنداق قارىغانىكەن ، ئۆزىنىڭ سەت تەلەتىنى كۆرۈپتۇ . شۇئان
ئەينەكنى يەرگە ئۇرۇپ پارە ـ پارە قىلىپ : « سەن مېنى سەت قىلىۋەت-
تىڭ ، ئۆزۈڭ ياخشى نەرسە بولساڭ ، يولغا تاشلانمىغان بولاتتىڭ »،دەپ
بىر مۇنچە گۇناھلارنى ئارتىپتۇ . سەنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئەقىل ـ
پاراسەتسىز بولمىغان بولساڭ ، ئۆزۈڭنىڭ ئەيىبىنى كۆرۈپ ، باشقىلارنىڭ
ئەيىبىنى كۆرمىگەن ۋە يوشۇرغان بولار ئىدىڭ .

— ئى كـاردان ، — دېدى بايقۇش ، — سېنىڭ نەسىھەتلىرىڭگە
مـوھـتاج ئەمەسمەن ، دېگەن سۆزلىرىڭ يېنىمدىن يەلدەك ئۆتۈپ ، سەل-
دەك ئېقىپ كەتتى .

كاردان ئۆنىڭ سۆزلىرىدىن ئەجەبلىنىپ سوپى ئاللا يارنىڭ :

نەسىھەت ئاڭلىماس دىلسوختە مەھبۇپ ،
كۆكەرمەس تاشقا يامغۇر ياغسا ھەم كۆپ .

دېگەن بېيىتلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈپ :

— ھەي بۇرادەر ، « يامانىنىڭ كۇچى ياپىلاققا يېتەر » دېگەننى ئۇبىدان ئۆگىنىگەن ئوخشايسەن ، شۇنىمۇ ئاڭلاپ قالغىنىكى ، « ئويلىماي سۆزلىگەن ئاغرىماي ئۆلەر » ، « چېنىمەي يېگەنلەر كۆشىمەي كېتەر » دېگەن تەمسىللەرمۇ بار . سېنىڭ مىجەزىڭ خۇددى جاھىل خوتۇننىڭ ھېكايىسىگە ئوخشايدىكەن ، — دېدى .

بايقۇش دېدىكى :

— ئى كاردان ، «يېتىپ قالغۇچە ئېتىپ قال » ، « ئېشەك - ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس » دېگەن تەمسىل بار . مەن كىشىنىڭ سۆزىگە كىرىشنى ياقتۇرمايمەن . كىشىلەر قىل دېگەننى قىلمايمەن . قىلما دېگەننى قىلىمەن . جاھىل خوتۇننىڭ ھېكايىسى قانداقمۇ مېنىڭ مىجەزىمگە ئوخشىسۇن ؟

— ئۇنداق بولسا ، سەن بايان قىلغىن ، مەن ئاڭلاپ باقاي .

كاردان ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ ھېكايىسىنى باشلىدى :

## جاھىل خوتۇن ھېكايىسى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ، بىر جۇپ ئەر - خوتۇن ئۆتكەنىكەن . خوتۇن شۇنداق جاھىل ئىكەنىكى ، باشقىلارنىڭ سۆزى خۇددى تاشقا سۇ ئۆتمىگەندەك پەقەت كار قىلمايدىكەن . ئەقىل - پاراسەتتە پايدا - زىياننى پەرق ئېتەلمەيدىكەن ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ، قىلىڭ دېگەننى قىلماي ، قىلماڭ دېگەننى قەستەن قىلىدىكەن . شۇ سەۋەبتىن ئۆيىدە جېدەل ئۆكسۈمەيدىكەن . ئېرى بىچارە ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۇنىڭ بۇ يامان مىجەزىنى

ئۆزگەرتەلمەي ، بۇ خوتۇننى ئەمدى قانداق قىلسام بولار ، دەپ ئويلاپ ئولتۇرسا خوتۇنى كېلىپ :
— مەن بۈگۈن ئاپامنىڭ ئۆيىگە ئازنىلىققا بارىمەن ، — دەپتۇ . ئېرى :
— بولمايدۇ ، كېلەر ھەپتە بېرىڭلار ، — دەپتۇ . شۇڭا خوتۇننىڭ جاھىللىقى تۇتۇپتۇ ـ دە :
— با ... رىمەن ! قانداق قىلاتتىڭ ! — دەپتۇ . ئېرى :
— بارساڭلار ، بېرىڭلار ، ئەمما پالانى يەردىكى زەيلىكنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتمەڭلار جۇمۇ ! — دەپتۇ . خوتۇنى :
— ئاشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتىمەن ، قانداق قىلاتتىڭ ؟ — دەپتۇ . ئېرى :
— بوپتۇ ، ئۆتسەڭلار ئۆتۈڭلار ، لېكىن كۆۋرۈكنىڭ چىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە لىڭشىتماڭلار جۇمۇ ! — دەپتۇ . خوتۇنى :
— راسا لىڭشىتىپ ئۆتىمەن قانداق ؟ — دەپتۇ . ئېرى :
— نېمە قىلساڭلار قىلىڭلار ، لېكىن مېڭىشتا ياغىچاقنى دۈمبەڭلىگە ئارتىپ ، ئارغامچا بىلەن مەھكەم تېڭىۋالماڭلار جۇمۇ ؟ — دەپتۇ . خوتۇنى :
— ئەجەب ئوبدان دېدىڭا ، ياغىچاقنى دۈمبەمگە ئارتىپ ، ئارغامچا بىلەن ئۆزۈمگە تېڭىپ يەشكۈسىز قىلىۋېتىمەن ، — دەپتۇ .
ئېرى « بۇ خوتۇننىڭ ئەدىپىنى ئەمدى بېرىدىغان بولدۇم » دەپ قاراپ ئولتۇرسا ، خوتۇنى ياغىچاقنى دۈمبىسىگە تېڭىپ ، ماڭماڭلار دېگەن يول بىلەن ئۆتمەڭلار دېگەن كۆۋرۈككە قاراپ مېڭىپتۇ . بۇنى كۆرگەن ئەر چېغىر يول بىلەن ئۇدۇللاپ ھېلىقى كۆۋرۈككە يېتىپ بېرىپ ئاستىغا كىرىپ كۆۋرۈكنىڭ لىم ياغىچىنى ھەرىدەپ كىچىككىنە يېرىنى قالدۇرۇپ قويۇپ ، ئاندىن بېرىپ بىر يەرگە يوشۇرۇنۇپ ماراپ ئولتۇرۇپتۇ . بىر كەمدىن كېيىن خوتۇنى تاشنى كۆتۈرەلمەي ھېرىپ ، پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ دېگەندەك ئاران كەپتۇ . كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ :

— ئېرىم بۇ كۆۋرۈكنى لىڭشىتماڭلا ، دېگەنىدى ، بىر لىڭشىتىۋېتەي ، — دەپ ، بىر لىڭشىتقانىكەن ، كۆۋرۈكنىڭ ياغىچى سۇنۇپ كېتىپ خوتۇن چوڭقۇر زەيلىككە چۈشۈپ كېتىپتۇ . خوتۇن ئالاقزادە بولۇپ ، ھەدەپ تۆپىگە ئىنتىلىپتۇ ، دۇمبىسىگە تاڭغان تاش تېگىگە تارتىپتۇ . ھاپ ، دېسە ، ھاپ ، دەپ ، بىر ئۆرلەپ ، بىر چۆمۈپ ، «ۋاي ئادەم بارمۇ ! » دەپ تووۋلىغىلى تۇرۇپتۇ . ئاندىن كېيىن ئېرى كېلىپ سۇدىن سۇزمەي تۇرۇپ سوراپتۇ :

— يەنە جاھىللىق قىلامسەن ؟

— ۋاي قىلمايمەن .

— نەسىھەت ئاڭلامسەن ؟

— ۋاي ئاڭلايمەن .

— قىلما دېگەننى قىلامسەن ؟

— زىنھار قىلمايمەن .

— ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟

— خاتا قىپتىمەن ، ئەمدى ئۇنداق قىلمايمەن ، — دەپ تووۋا قىلغاندىن كېيىن سۇدىن سۇزۇپ قويۇپتۇ . خوتۇن زەيلىك ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپ بۇرنىغا سۇ كىرگەن كۈندىن باشلاپ شۇنداق ئوبدان بولۇپ كېتىپتۇكى ، ئەسكىلىكىنى قايتا تەكرارلىماپتۇ . ئۇندىن كېيىن بىرەر ئادەم نادانلىق قىلسا ، «ئۇنىڭ بۇرنىغا تېخى سۇ كىرمىگەن » دېگەن سۆز شۇنىڭدىن قاپتۇ .

— ئى بايقۇش ، سەنمۇ جاھىل خوتۇندەك بۇرنۇڭغا سۇ كىرمىگۈچە سۆزگە كىرمەيدىغان ئوخشايسەن ، دېدى . بايقۇش :

— ئى كاردان ، ھېكايەڭ ئىبرەتلىك ئىكەن ، ئەمما توي ئىشى ھەركىمنىڭ ئارىلىشىدىغان ئىش ئەمەس . « ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا ، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە » دۇر . ئىشنى ئاۋۋال پۇختا قىلىپ ، ئارقىدىن پۇشايمان قىلماسلىق لازىم . مەنمۇ ھەم دانىشمەن يىگىت بىلەن دېھقاننىڭ ھېكايىسىدىكىدەك كۈيئوغۇل بولغۇچىنىڭ ئەقلىنى سىناپ ، ئاندىن قىزىمنى بېرىمەن ، — دېدى .

كاردان قۇش دېدىكى :

— دېھقان بىلەن دانىشمەن يىگىت ھېكايىسى قانداق بولغان-كەن ؟بايان قىلغىن .

بايقۇش ھېكايىسىنى باشلىدى :

## دېھقان بىلەن دانىشمەن يىگىت ھېكايىسى

رىۋايەت قىلىنىشىچە ، بۇرۇنقى زاماندا بىر دېھقان بار ئىكەن ، ئۇ كىچىك چاغلىرىدا كۆپ ئوقۇيالمىغان بولسىمۇ . ھەر قانداق ئىش قىل-ماقچى بولسا « يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس » دېگەندەك ناھايىتى پۇختا ئىش قىلىدىكەن ، قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلمايدىكەن . ئەھلىمەھەللە ھەم ئىش قىلماقچى بولسا ، ئۇنىڭ مەسلىھەتىسىز قىلمايدىكەن . ئەمەلىيەتتە ، شۇنىڭ دېگىنىدەك چىقىدىكەن . شۇڭا ئۇنىڭ نامى « ئاقىل دېھقان » دەپ ئاتىلىپ ، يۇرت ئىچىدە مەشھۇر ئىكەن . ئۇنىڭ دۇنيالىقتا بىرلا قىزى بار ئىكەن . قىزى چوڭ بولۇپ ياتلىق قىلىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەپتۇ . يېقىن ـ يىراقتىكىلەر قىزنىڭ ئوبدان چوڭ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ، سۆز سېلىپ ئەلچى ئەۋەتىشكە باشلاپتۇ . قىزنىڭ دادىسى بولسا ، ئەلچى-لەرنى ئوبدان مېھمان قىلىپ بولۇپ ، سىلەر بېرىپ يىگىتنىڭ ئۆزىنى ئەۋەتىڭلار ، دەپ قايتۇرۇپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ، يىگىتلەر ئۆزلىرى كېلىشكە باشلاپتۇ . ئاقىل دېھقان كەلگەن يىگىتلەرنى سىناپ ، بىر داستىخانغا تۆت نان يۆگەپ ، ئەڭ ئاستىغا بۇغداي نېنى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوناق نېنى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارپا نېنى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېرىق نېنى تىزىپ قويۇپتۇ . كەلگەن يى-گىتلەر بولسا ، قېيناتا بولغۇچىغا ئۆزىنى ئەدەپلىك كۆرسىتىش ئۈچۈن تارتىنىپ ئولتۇرۇپ ، تىزىلغان نانلارنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى تېرىق نېنىنى يەپتۇ . بۇنى كۆرگەن دېھقان لايىق بولۇپ كەلگەن يىگىتلەرگە : قىزىمنى بېرىمەن ياكى بەرمەيمەن دېمەي قايتۇرۇپتۇ . كۈنلەردىن بىر كۈنى بىر يىگىت لايىق بولۇپ كەپتۇ . بۇنىڭغىمۇ يۇقىرىقىدەك قىلىپ بىر داستىخانغا

تۆت نانى تىزىپ ئالدىغا قويۇپتۇ . بۇ يىگىت دانىشمەن ئىكەن . ناننىڭ تىزىلىشىغا قاراپ ،« بۇ ناننىڭ تىزىلىشىدا بىر سىر بار ئىكەن » دەپ ئويلاپ :

بۇغداي ، قوناقتىن ئالتە ئايلىق كىچىكسىز ،
ئالدىراپ ـ تېنەپ تۆپىگە چىقىپسىز .

دەپ ، تېرىق نېنىنى داستىخاننىڭ بىر بۇرجىكىگە ئىتتىرىپ قويۇپتۇ . ئاندىن كېيىن :

مىجەزىم سوغۇق ئىدى ئارپا ياراشماس ،
كۈيئوغۇلنىڭ ھۆرمىتى بۇنىڭدا ئاشماس .

دەپ ئارپا نېنىنى داستىخاننىڭ يەنە بىر بۇرجىكىگە ئىتتىرىپ قويۇپتۇ ، ئاندىن كېيىن :

سېمىز كالا قوشقا ياخشى ،
ئورۇق كالا پېتىققا ،
بۇغداي نېنى چايغا ياخشى
قوناق نېنى قېتىققا .

دەپ قوناق نېنىنىمۇ داستىخاننىڭ بىر بۇرجىكىگە ئىتتىرىۋېتىپ ، بۇغداي نېنىنى ئېلىپ چايغا سېلىپ يەپ مېھمان بولۇپتۇ . قىزنىڭ دادىسى بۇنى كۆرۈپ : « رەڭگىرويى كۆرۈمسىز بولسىمۇ ، ئەقىل ـ پاراسەتلىك ، دانىشمەن ئىكەن » دەپ ، قىزىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ . ئى كاردان ، « سىنىمىغانغا سىر تۆكمە » دېگەن گەپ بار . كۆلانگىر سۇلتاننى ئانچە چۈشەنمەيمەن ، دېدى .

بايقۇشنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ كاردانىنىڭ زۇۋان خەزىنىسىدىن غەزەپ ئوتى لاۋۇلداپ يېنىپ ، ۋۇجۇدىغا تۇتاشقان ئوتنىڭ تۈتۈنلىرى پەلەككە يەتتى . ئۇنىڭ غەزىپى ئالدىدا زۇلمەتنىڭ دەھشەتلىرىمۇ باش

ئۇرۇشقا خىجالەت بولۇپ ، قار ـ يامغۇر ، بەلكى قاراڭغۇ ۋە توپانمۇ ھەيران قالار ئىدى . ئۇ بايقۇشقا قاراپ :

— ھەي قۇياش جامالىڭنىڭ جىلۋىسىدىن مەھرۇم ! « ئىت كاللىسى تاۋاقتا تۇرماس » دېگەن راستكەن . مەن سېنىڭ نام ـ شەرىپىڭنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم ، ئەپسۇسكى ، كۆرگەنلىرىم ئاڭلىغىنىمدەك بولۇپ چىقمىدى . مەن شۇنچە يىراقتىن كەلسەم ، قىلغان مۇئامىلەڭ شۇمۇ ؟ سەن خۇددى ئوتۇنچىنىڭ يولۋاس شاھنى ھاقارەتلىگىنىدەك مېنى كۆزگە ئىلماي ھاقارەت كەلتۈردۈڭ ، — دېدى . بايقۇش ئېيتتىكى :

— يولۋاس بىلەن ئوتۇنچى قانداق بولغانىكەن ؟

— ئاگاھ بولغىنكى ، — دەپ كاردان ھېكايىسىنى باشلىدى :

## يولۋاس بىلەن ئوتۇنچى ھېكايىسى

رىۋايەتچىلەرنىڭ ھېكايە قىلىشىچە ، بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەم ئۆتكەن بولۇپ ، بۇ ئادەمنىڭ بالىلىرى كۆپ ، تاپاۋىتى يوق ، ناھايىتى كەمبەغەل ئىدى . ئۇنىڭ بار ـ يوقى بىرلا ئېشىكى بار بولۇپ ، جاڭگالغا بېرىپ ئوتۇن ئەكېلىپ سېتىپ كۈن كەچۈرەتتى . شۇنداق قىلىپ ، بۇ ئادەم ھەر كۈنى توشۇۋېرىپ ، نەچچە يىللاردىن كېيىن بۇ جاڭگالنىڭ ئوتۇنى تۈگەپ كەتتى ، ئۇنىڭدىن نېرىراق جايدا يەنە بىر ئورمانلىق بولۇپ ، ئوتۇنلىرى ناھايىتى خىل ئىدى ، ئەمما بۇ جايدا يولۋاس بار ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ئوتۇن چىقىدىغان يەر يوق بولۇپ ، ئوتۇنچى ھېلىقى جاڭگالغا كىرەي دېسە ، يولۋاستىن قورقتى ، ئەگەر كىرمىسە باشقا جايدا ئوتۇن بولمىغاچقا ، ساتقىلى نەرسە يوق ، خوتۇن ـ بالىلىرى ئاچ قالاتتى . ئاخىر نائىلاجلىقتىن يولۋاس بار جاڭگالغا كىرمەكچى بولدى ـ دە ، ئېشەكنى ھەيدەپ جاڭگالغا باردى ، بىر چەتتە ئوتۇن ئىزدەپ يۈرگەندى ، قۇلىقىغا بىر نەرسىنىڭ ئىڭرىشىغان ئاۋازى ئىشىتىلدى . ئوتۇنچى يەنە بىر ئاز ماڭغانىدى ، قارىسا ، يوغان بىر يولۋاس چاتقالنىڭ ئارىسىدا ئىڭراپ يېتىپتۇ . ئوتۇنچى بۇنى كۆرۈپ ، ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاپ

باردى . كۆردىكى ، يولۋاسنىڭ بىر قولى ئېغىر زەخىملىنىپتۇ ، يولۋاس ئوتۇنچىنى كۆرۈپ ، قولىنى ئاستا كۆتۈرۈپ كۆرسەتكەندى ، ئوتۇنچى يولۋاسنىڭ قولىغا بىر تال ياغاچ كىرىپ ، تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا رەھىمى كېلىپ ، قولىغا كىرگەن ياغاچنى ئېلىۋېتىپ ، ئىچكىلى ئېلىۋالغان سۇيى بىلەن يۇيۇپ تازىلاپ ، ئۇچىسىدىكى كۆڭ- لەكتىن بىر پارچە يىرتىپ ئۇنىڭ قولىنى تېڭىپ قويدى . ئاندىن كېيىن ئۆز يولىغا ماڭماقچى بولۇپ تۇرغانىدى ، بىردىنلا يولۋاسقا زۇۋان كىرىپ :

— ئى ئادەم ! نېمە مەقسەت - مۇددىئالىرىڭ بار ، ھەر قانداق ھاجىتىڭ بولسا ئېيت ، قىلغان ياخشىلىقلىرىڭنى قايتۇرغايمەن ، — دېدى .

ئوتۇنچى يولۋاسنىڭ سۆزلىگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى ، ئۆز - ئۆزىگە : « بۇ بىر مۆجىزىدۇر ، مۇشكۇلۇم ئاسان بولىدىغان بولدى » دەپ ئويلاپ :

— ئى يولۋاس باتۇر ، مېنىڭ ھالىمنى بىلمەكچى بولساڭ ، مەن يوقسۇل ئوتۇنچىدۇرمەن . ھەر كۈنى بىر ئېشەك ئوتۇن ئاپىرىپ سېتىپ ، شۇنىڭ پۇلى بىلەن خوتۇن - بالىلىرىمنى بېقىپ كەلگەنىدىم . ئەمدى- لىكتە ، مەن ئوتۇن ئالىدىغان جاڭگالنىڭ ئوتۇنلىرى تۈگەپ كەتتى . جان بېقىشنىڭ باشقا ئامالىنى قىلالماي ، بۈگۈن بۇ يولۋاسلار ماكانىغا كېلىپ سىزنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم . بۇ يەردىن ئوتۇن ئېلىپ كې- تەلەيمەنمۇ ۋە ياكى ئىككىنچى بىر يولۋاسنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ ناشتى- لىق بولىمەنمۇ ، بۇنى بىلمەيمەن ، — دېدى .

يولۋاس ئوتۇنچىدىن بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ :

— ئى رەھىمدىل ئادەم ، مەن بولسام مۇشۇ دىيار يولۋاسلىرىنىڭ پادىشاھىدۇرمەن . يولۋاسلار جىنسىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئىتائىتىمدىدۇر . سەن بۈگۈن مېنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭ . شۇنداق پەرمان قىلىمەنكى ، بۇ- گۈندىن باشلاپ قورقماي ئوتۇنۇڭنى توشۇۋەرگىن ، ھېچقانداق يولۋاس ساڭا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ ، سۆزۈڭنى ئاڭلايدۇ . ئىككىمىز

دوست بولايلى ، — دېدى . ئىككىسى دوست بولۇشقا بىر - بىرىگە قول بېرىشىپ ، قەسەم قىلىشتى . شۇ كۈندىن باشلاپ ، بۇلار يېقىن دوستلار-دىن بولۇپ قالدى . ھەر كۈنى ئوتۇنچى كېلىپ بولغۇچە يولۋاسلار ئو-تۇننى بىر يەرگە دۆۋىلەپ تەييار قىلىپ تۇراتتى . ئوتۇنچى ھېچ جەبىر كۆرمەي ئوتۇننى ئېشەككە ئارتىپ ئاپىرىپ سېتىپ ، ھال - كۈنى كۈن-دىن - كۈنگە ياخشىلىنىشقا باشلىدى . مۇشۇنداق بىر قانچە مەزگىللەر ئۆتكەندە ، ئوتۇنچىغا بىر كېسەل تەگدى - دە ، كۈندىن - كۈنگە ئې-غىرلاشقىلى تۇردى . تېۋىپ چاقىرىپ كۆرسەتكەندى ، ئۇنىڭ تومۇرلى-رىنى تۇتۇپ كۆرۈپ بېقىپ :

— يولۋاس شاھىنىڭ ئوڭ قۇلىقىنى كېسىپ قاينىتىپ بەرسە ، ساقىيىدىكەن . ئۇنىڭدىن باشقا چارە داۋا بولمايدۇ ، — دېدى . ئوتۇنچى « ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ؟ » دەپ ئويلاپ ، ئۆمرىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ تۇرغانىدى ، يولۋاس شاھ كىرىپ كەلدى . ئۇ ئوتۇنچىنىڭ خېلى مەز-گىللەردىن بۇيان ئوتۇنغا بارمىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ كەلگەنىدى . تېۋىپ-نىڭ بۇيرىغان غان دورىسىنى ئاڭلاپ ، شۇئان ئاغىنىسى ئۈچۈن ئوڭ قۇلىقىنى كېسىپ بەردى ۋە يەنە ئالىي دورىلارنى ئېلىپ كېلىپ ئوتۇن-چىنى قۇتقۇزۇۋالدى . ئۇندىن كېيىن بۇلارنىڭ دوستلۇقى ئېشىپ ، بىر — بىرىنى داۋاملىق يوقلاپ تۇرىدىغان بولدى . يولۋاسلار ئوتۇننى توشۇپ ئوتۇنچىنىڭ ھويلىسىغا كەلتۈرەتتى . شۇنداق قىلىپ ، ئوتۇنچى پات پۇرسەتتىلا بېيىپ ، كىشىلەرگە ئانچە پىسەنت قىلمايدىغان بولدى . بىر كۈنى يولۋاس شاھ كۈتۈپ تۇرسا ، ئوتۇنچى كەلمىدى ، يولۋاس شاھ : « يەنە نېمە ئىش بولغاندۇ ؟ » دەپ ئويلاپ ، يوقلاپ بارغانىدى ، ئو-تۇنچى ئۆيىگە مېھمان چاقىرىپ ، بىر نەچچە كىشىلەر بىلەن سۆھبەت قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ . يولۋاس كىرىپ ئوتۇنچىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانىدى ، ئوتۇنچى سەسكىنىپ بويىنىنى تولغاپ :

— سەن بەك سېسىق ئىكەنسەن ، ماڭا يېقىنلاشماي نېرى ئول-تۇر ، — دەپ ئورنىدىن قوزغىلىپ ، ئۆزىنى چەتكە ئالدى . يولۋاس بولسا ، ئوتۇنچىنىڭ قىلغان ھاقارىتىدىن نومۇس قىلىپ ، سورۇندىن

چىقىپ كەتتى . ئەمما شۇ كۈندىن باشلاپ يولۋاس شاھقا بىر كېسەل تەگدىكى ، دوستىنىڭ قىلغان ھاقارىتى ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئورۇن ئېلىپ كۈندىن ـ كۈنگە ھالى زەئىپلىشىشكە باشلىدى . يولۋاس شاھ ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاپ زەھەر يۇتۇپ ئولتۇراتتى . ئوتۇنچى كېلىپ سالاملاشتى ، ئاندىن كېيىن :

— ئى يولۋاس شاھ ، ئەھۋالىڭ نېچۈك ؟ چىرايىڭ زەئىپتۇر ، سەۋەبى نېمە ؟ — دەپ سورىدى . يولۋاس :

— ئى بۇرادەر ، مەن سېنى كۈتۈپ تۇرغانىدىم . پالتاڭنى ئېلىپ كەل . — دېدى . ئوتۇنچى پالتىنى ئېلىپ كەلدى ، يولۋاس :

— گەۋدەمگە چاپ ! — دېدى . ئوتۇنچى :

— ئى بۇرادەر ، بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟ — دېدى . يولۋاس :

— تېز چاپ ! بولمىسا يەۋېتىمەن ، — دەپ غەزەپلەندى . ئوتۇنچى قورقۇپ ، ئىلاجسىزلىقتىن يولۋاس شاھنىڭ گەۋدىسىگە پالتا سالدى . قان شارقىراپ راۋان بولدى . يولۋاس يىقىلدى . ئۇ ئوتۇنچىغا :

— ئەمدى كەتسەڭ بولىدۇ ، — دەپ رۇخسەت قىلدى .

ئوتۇنچى پالتىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆز ئىشىغا كەتتى .

ئارىدىن ئۇزاق يىللار ئۆتتى ، ئوتۇنچى بولسا ، يولۋاسنى ئۆلدى ، دەپ ئىزدىمىگەندى . بىر كۈنى بۇلار بىر جاڭگالدا ئۇچرىشىپ قالدى . ئوتۇنچى يولۋاس شاھتىن ھال سوراپ :

— ئى بۇرادەر ، جاراھىتىڭ قانداق بولدى ؟ — دېدى . يولۋاس ئېيتتىكى :

— چاپقان يېرىڭگە قاراپ باق ، كۆرگەندە بىلىسەن .

ئوتۇنچى قارىسا ، چاپقان يەرنىڭ ئىزىمۇ قالماپتۇ . بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ :

— مەن چاپقان يېرىڭنىڭ ئىزىمۇ قالماپتۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى .

— ئۇنداق ئەمەس ، ئەمدى يۈرىكىمنى يارغىن ، — دەپ ئەمىر قىلىپ غەزەپلەندى . ئوتۇنچى پىچاق بىلەن ئۇنىڭ كۆكسىنى يارغاندى ،

ئۇنىڭ يۈرىكى زەرداپ بولۇپ سىيىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئوتۇنچى:

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى. يولۋاس ئېيتتىكى:

— ئى بۇرادەر، بۇ سېنىڭ بىر قېتىملىق ھاقارىتىڭدىن پەيدا بولغان زەرداپتۇر. پالتا بىلەن چاپقان يېرىڭ ساقايدى، ئەمما ھاقارەت بىلەن ئاغرىغان كۆڭلۈم ساقايمىدى. تىغ يارىسى ساقىيىدىكەن، دىل يارىسى ساقايمايدىكەن، — دەپ كۆز يۇمدى.

بۇ ھېكايەتنى شۇنىڭ ئۈچۈن مىسال كەلتۈردۈمكى: « ئەسكى ئۆزىنى بىلمەس، ياخشىنى كۆزگە ئىلماس» دەپ، ماڭا ئىشەنمەي گەپ يورغىلىتىپ، ھاقارەت قىلدىڭ. يولۋاس ئوتۇنچىنى قويۇۋەتكەندەك، مەن سېنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيمەن، — دېدى.

بايقۇش مېھماننى رەنجىتىپ قويغىنىغا كۆپ خىجالەت بولۇپ:

— مەندىن ئۆتتى، ئەپۇ قىلغىن، « ئىت قىلغاننى ئىتارچى قىلماس» دېگەن تەمسىل بار. ئېھتىمال مەن بىلمەسلىكىمدىن باشقىلارنى ئەيىبلەپ، ئۆز ئەيىبىمنى يوشۇرۇپ، كۆلكىگە قالغان تۆگىدەك بولۇپ قاپتىمەن، — دەپ كەچۈرۈم سورىدى. كاردان دېدىكى:

— ھازىرچە بولدى قىلاي. قېنى، كۆلكىگە قالغان تۆگە قانداق بولغانىكەن؟ بايان قىلغىن!

## كۆلكىگە قالغان تۆگە ھېكايىسى

بۇرۇنقى زاماندا بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ كەسپى تۆگىچى ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ كىرا ئۇقۇشۇپ، باشقا بىر شەھەرگە سەپەر قىلماقچى بولۇپتۇ. يۈك - تاقنى تەييارلاپ قوتانغا كىرسە، تۆگىسى كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ تۆگىسىنى ئىزدەپ بارسا، بىر جاڭگاللىقتا يانتاق تېرىپ يۈرگەنىكەن. تۆگە ئىگىسىنى كۆرۈپ يەنە قېچىپتۇ، ئىگىسى قوغلاپتۇ، تۆگە قېچىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تۆگە بارغانسېرى يىراقلاپ كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. بۇ ۋاقىت زىمىستان پەسلى بولۇپ، ئول كۈنى

قار ـ يامغۇر ھەددى ـ ھېسابسىز يېغىپ ، ھەممىلا جاي ماگغۇسىز پاتـ
قاقتا تولۇپ كەتكەنىكەن . تۆگە بولسا ، ئىگىسىدىن قېچىپ پاتقاقتا تېپىـ
لىپ گاھى يىقىلىپ ، گاھى قوپۇپ بىر شورلۇق جەزىرىدە تۈكلىرى تاـ
مامەن پاتقاقتا مىلەنگەن ھالدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتسا ، ئالدىغا بىر تۈلكە
ئۇچراپتۇ . بۇلار سالاملاشقاندىن كېيىن تۈلكە تۆگىدىن ھال سوراپ :
— ئى مۆتىۋەر بۇرادەر ، ھارمىغايسىز . قايدىن كەلدىڭىز ؟ —
دەپ سوراپتۇ . تۆگە :
— غۇسسۇل قىلغىلى بارغانىدىم . مۇنچىدىن كېلىۋاتىمەن ، —
دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . تۈلكە :
— راست ئېيتتىڭىز ، بېشىڭىزدىن ـ ئايىغىڭىزغىچە تۈك ـ تېرىـ
لىرىڭىزنىڭ شۇنداق پاكىز بولۇپ كەتكىنىگە قاراپ ، مۇنچىكەش ئۆلگەن
ئوخشايدۇ ، ئۇنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ ھۆل بولمىغان يېرى قالماپـ
تۇ ، دەپ گۇمان قىلغانىدىم . پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بارى ـ يوق سۇـ
نىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىۋېتىپسىز ـ دە ، — دەپتۇ . تۆگە تۈلكىنىڭ كىـ
نايە سۆزلىرىنى بىلمەي :
— رەھمەت سىزگە ، — دەپ يولىغا راۋان بولۇپتۇ ، تۈلكە ئۇنىڭ
بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ :
— ئۇستۇبېشىدا شۇنچە پاتقاقلار يېپىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرمەي ،
بۇ ئەخمەقنىڭ يەنە ئۆزىنى پاكىز دەپ ھېسابلاۋاتقىنىنى كۆرـ
مەمدىغان ، — دەپ بىردەم كۈلۈپتۇ . مەن ھەم پاتقاققا مىلەنگەن تۆگىـ
دەك ، ئۆزۈمدىكى نۇقسانلارنى كۆرمەپتىمەن . ئاڭلىشىمچە ، ئادىمىزاتلار
ئارىسىدا بىر ئادەم بار ئىكەن ، ئۇ قەيەردە بىر باغنى كۆرسە ، باشقىلارغا
: ئۇ باغنى دەسلەپتە مەن بىنا قىلغانىدىم ، دەپ ماختىنىدىكەن . شۇنداق
قىلىپ بۇ ئادەم ئەمەلىيەتتە باغ قىلىپ باقماي تۇرۇپ « بارات باغۋەن »
دەپ نام ئېلىپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان يەنە بىر باغۋەن كىشى ئۇنى ئۆزىگە
ئۇستاز تۇتماقچى بولۇپ تەكلىپ قىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ قىلغان بېغىنى ئۇـ
نىڭغا تاپشۇرۇپ ، ئوبدان پەرۋىش قىلىشنى تاپىلاپتۇ . بۇ باغدا ئون
بەش تۈپ نوتا ئۆرۈك بار بولۇپ ، ھەممىسى ياخشى سورتقا ئۇلىنىپ

مېۋە بەرگەنىكەن . بارات باغۋەن ئۇنى كۆرۈپ :

— ھەر يىلى بىر خىل مېۋە بەرسە ئۇنىڭ نېمە قەدىرى بولسۇن ، — دەپ كېسىپ ، ئاچچىق ئۆرۈككە ئۇلاپتۇ . باغ ئىگىسى كېلىپ ئۇنىڭدىن :

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ ؟ — دەپ سورىسا ، ئەقلىمنى ئىشقا سالغىنىم ، باغۋەن دېگەن كىشى قىلمىغان ئىشنى قىلىشى كېرەك ، — دەپ ئۆزىنى ئەقىللىق باغۋەن ھېسابلاپتۇ . باغ ئىگىسى شۇئان ئۇنى باغدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ .

يەنە بىر ھېكايىدە :

ئەبۇ يۇسۇپ رەۋھى خانىقادا بىر نەچچە يارەنلىرىگە دەرس ئۆتۈپ ئولتۇرغانىكەن ، بىر ئەخمەق كېلىپ ئىشىكنى قاتتىق مۇشتلاپ تۇرۇپ چاقىرىپتۇ . ھېلىقى ئىمام ئۆز كارامەتلىرى بىلەن كۆرۈپ ، يارەنلىرىگە :

— بۇ كەلگەن ئادەم ئۈچ خىسلەتتىن تاشقىرى ئەمەس . ئۇنىڭ بىرىنچىسى : بويى ئېگىز ، ئىككىنچىسى : ساقىلى مىراخورنىڭ ساقىلىدەك ئۇزۇن ، ئۈچىنچىسى : بىمەنە سۆزلەرنى تولا قىلىدىغان ئادەم . بۇنداقلارنىڭ ھەممىسى ئەخمەق كېلىدۇ . ئەمدى ئېلىپ كىرىپ كۆرۈپ بېقىڭلار ، — دەپتۇ . يارەنلىرى ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا ، ئۇنىڭ تەقى — تۇرقى ئىمام دېگەندەك چىقىپتۇ . ئىمام ئۇنىڭدىن :

— نېمە سوئالىڭ بار ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— تەقسىر ، تەقدىر بىلەن گۈل ئەۋجىگە كۆيئوغۇل بولغانىدىم . تولا ئۇرۇشۇپ ئۇنىڭ قىزىدىن كۆڭلۈم قالدى . ئۇرۇشقاندا ئەمدى قىلمۇتكەنىدىم . ئەمدى قېيناتام ياراشتۇرۇپ قويماقچىمىش . ئۇ كەلسە مەن ئۇنىڭ قىزى بىلەن ئويناشقان ۋاقتىمدا ئۆز قولى بىلەن ياردەم بەرمىسە مۇ ، گۇناھ كاپارەت بولۇرمۇ ؟ — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم .

ئىمام يارەنلىرى بىلەن بۇ ئەخمەقنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ ۋە شۇئان ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ . « يالغان سۆزنى ئېيتسا بولۇر ، ئېيتقۇچى دانا بولسا » ، « ئۇلۇغلۇق ئولدۇركى ، ئالمىغاي ، بەرگەي ، ھانىنات ئولدۇركى چاچمىغاي ، تەرگەي » ، « ئەقىلسىزنىڭ ئېپى

يوق ، تىگىشىغۇدەك گېپى يوق » دېگەن مانا شۇ . مەن ئەقىلسىزلىقىمدىن دانالىق قىلىمەن دەپ ئەخمەقلىق قىلىپ قويۇپتىمەن . ئۇرۇق - تۇغقان ، قېرىنداشلىرىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، ئاندىن جاۋابىنى بېرەي ، دېدى .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى كاردان ، — پەج ۋە پەلەج تەمسىزدەك مەسلىھەتلىشىۋالاي ، دەپ بىزنى ئارا يولدا قويمىغىن .

— ئى كاردان ، پەج ۋە پەلەج دېگەن كىم ؟ ئۇ قانداق قىلغانىكەن ؟ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرسەڭ ، — دەپ ئىلتىماس قىلدى بايقۇش .

كاردان ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا ماقۇل بولۇپ ، ئەخمەقلەرنىڭ ھېكايىسىنى بايان قىلدى :

## پەج ۋە پەلەج ھېكايىسى

بار ئىدى بىر نەچچە تېتىقسىز ئەخمەق ،
قىلىشى گەپ توشۇپ ئادەملەر چاقماق .
ھەممىسى ئېگىز بوي ، مىراخور ساقال ،
سۆزلىرى كۆلكىگە بولاتتى ماقال .
سۆزىنىڭ راستى يوق ھەممىسى يالغان ،
يوق ئىدى يالغاندىن ئايرىلىپ قالغان .
قىلىقى قارىساڭ ، بىر - بىرىدىن ماز ،
بۇنىڭدەك ئەخمەقلەر يەنە يەردە ئاز .
بىلمەسنى كۆرسە ئۇ ، دەيتتى مەن پىركار ،
كۆڭلىرى كاسىلداپ ئۆتەتتى بىكار .
بۇلارنىڭ ناملىرى ئىدى پەج - پەلەج ،
ئەخمەقلىق ، يالغان سۆز ئىدى خەج - خەرەج .
ئۇلارنىڭ سۆزىدىن چىقار ئىدى بۇس ،
تېتىقسىز ، لاۋزا ، يوق ئىدى نومۇس .

ئاتايتتى ئۆزىنى موللا ۋە تەقۋا ،
يۇرتىغا ئاغالىق تالىشىپ لەقۋا .
ھەممىگە يالغان سۆز قىلىپ ئۇ قىڭغىر ،
يالغان يەپ قورسىقى بەئەينى سىير .
ئالۇر گاھ ئۆزىنى موللا ، دەپ « ئامىن » ،
كىشىنىڭ رىزقىغا بولاتتى زامىن .
بىراۋنى كۆرسە ئۇ ، دەيتتى ئۆزىنى باي ،
ئۇراتتى لاپنى ئۇ ، قىلچە ئۇياتماي .
باباجان ، ھۇشۇر چۇق ۋە يەنە بىرى ،
مەمتىمىن شىرازى ، ئەھمەت نادىرى .
كىشىگە كۆرۈنۈشتە يۇرۇيتتى ئەجەب ،
تىكىلىپ ، كۆز سىلىپ ھارامنى تىلەپ .
تاپسا جالاپ ھەر كۈنى شۇنىڭغىلا بەنت ،
بىرنى بىكتىپ ، ئىككىگە قىلىپ پەنت .
بۇلار بىلەن ھەر مەسلىھەت كەچ ئىدى ،
بۇ خىل كىشىلەر شەھەر ئىچرە پەج ئىدى .
ئەخمەقنى خالايىق ئاتار پەج ـ پەلەج ،
تۇزەشكە بۇلارنى كېتەر كۆپ ھەرەج .

بايقۇش دېدىكى :

— ئى كاردان قۇش ، سەن دېگەن ئەخمەقلەردىن گاھىلىرى پېقىرغىمۇ تونۇشتۇر . سەن ئېيتقان مەمتىمىن غوجا مەنغېت مۇپتىنىڭ كاتىپىدۇر . ئۇ بىرەر ئىشتا ئۆزىدىنمۇ بىمەززە ، پەمسىز ، ئەقىلسىز ئادەملەرگە مەسلىھەت سالىدۇ . ئۇنىڭ سۆزلىرى ۋە ياكى يازغان نەرسىلىرى يالغاندىن خالىي ئەمەس . شۇنداق تۇرۇپ ئۆزىنى ھەممىدىن موللا ، دانىشمەن ، ھەممىنى بىلگۈچى ھېسابلايدۇ . شۇ سەۋەبتىن ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ ، كىم بىلەن تونۇشسا شۇنىڭ پېيىگە چۇشىدۇ .

— ئۇنداق بولسا ، ئۇنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ باققىن ، —

دېدى كاردان .

— خوپ ، — دەپ بايقۇش ئۇنى تەسۋىرلەپ ، بۇ قوشاقنى ئو-قۇدى :

ئىدى ئىسمى ئۇنىڭ مەمتىمىن مۇفتى ،
قاقشايتتى دەرد ئېيتىپ ئۇنىڭكى جۇپتى .
دەيتتى ئۇ : «ئېرىمنىڭ قىلمىشلىرى زور ،
يالغانچى ، جالاپخور ، كاززاپ ۋە تۇزكور » .
نەسلىنى سورىساڭ ئىدى قىزىل باش ،
ياخشىلىق كەلمەيدۇ ، ئۇنىڭدىن ئاداش .
تىللىرى شېكەردۇر ، دىلىدا ھەسەت ،
يېزىلغان كىتابى ھەممىسى غەلەت .
ئېتەتتى كىبىرلىك شارابىنى نوش ،
قىلاتتى راستنى يالغان ، دوكنى پەرۋىش .

— بەلى ، — دېدى كاردان ، — سېنىڭ دېگىنىڭ بىلەن مې-نىڭ دېگىنىم راستلا بىر كىشى ئىكەن ، ئوبدان تەسۋىرلىدىڭ . ئەمدى بېرىپ مەسلىھەتىڭنى قىل ، ئەمما ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالغان قېرىنداشلى-رىڭنىمۇ تاپىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمىگىن . قېرىندىشىڭنى بەك كۆپ يىغساڭ ساڭىمۇ ئاۋارىچىلىك بولىدۇ . «قېرىندىشىڭ كەلسە ـ كەلسۇن ، بۆز خالتىسى كەلمىسۇن » دېگەن تەمسىل بار . شائىرنىڭ بىر ئىبارى-سىدە :

ئاقارىپ كەلمىسە ، كۆڭلى ئاقارىپ ،
ئۇنىڭ ئالدىغا سەن ئولتۇرما بېرىپ .

دېگەنىكەن ، بەلكىم سەنمۇ بىلىدىغاندۇرسەن . « ساپال چىنە بولماس ، بىگانە ئىنى بولماس » دېگەندەك ، سېنىڭ ئىشلىرىڭ بىلەن

باشقىلارنىڭ نېمە كارى بولسۇن !؟ بـۇرۇنقىلارنىڭ « قېرىنداشىم قارا قازىنىم » ، « قېرىنداشنىڭ ئۆلسە ـ ئۆلسۇن ، قـەدىرداننىڭ ئۆلمىسۇن » ، « يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى يات ياخشى » دېگەن تەمسىللىرىدە كۆپلىگەن ھېكمەتلەر باردۇر ، « يېنىڭدا كىم بولسا ، چىرايلىقلىق شۇ ، بېشىڭنى كىم سىلىسا ، ماشايىقلىق شۇ » دەپتىكەن ، يىراقتىكى قېرىنداشلىرىمنى يىغىمەن دېگۈچە ، قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن مەسلىھەتلەشسەڭ بولماسمىدى . « قىزىمىغان كاڭدىن كات ياخشى ، كۆيۈنمىگەن تـۇغقاندىن يات ياخشى » دەپتىكەن . بىز گەپ تالىشىپ ئولتۇرۇپ ۋاقتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ، « ئىككى قاغا پوق تالاشسا ، ئۇۋچىغا پايدا » دېگەندەك ، ئىشىمىزغا ئۇچىنچى بىـراۋ ئـارىلىشىپ قېـلىپ بـۇزۇلـۇپ كەتمىسۇن .

ھەي بايقۇش ، « ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت ، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن تارت »دېگەننى بىلەمسەن ؟ « بارىدا پولدۇرۇڭ پولدۇرۇڭ : يوقىدا قاراپ ئولتۇرۇڭ » دەپ ، ھەممىنى تويدا بىراقلا يـەپ بـولۇپ ، ئەتە ـ ئۆگۈن « يېگەننىڭ ئاغزىغا ، چىشقاننىڭ قوڭىغا قاراپتۇ » دېگەندەك ، بېزىرىپ يۈرمەكچىمۇ ؟ تويلۇقنى كۆپ سالغان بىلەن ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق تـەس . قىزىڭ ئۆي تۇتسا تۇتتى ، تۇتمىسا ، زىيان ئۆزۈڭگە بولىدۇ . جاھاندا ئۈچ ئۇششۇق بار . بۇلار : ئۆلۈك ئۇششۇق ، تىرىك ئۇششۇق ، تۇتىغۇششۇق دېيىلىدۇ .

ئۆلۈك ئۇششۇق دېگەن ئۆلگەن ئۆلۈكتۇر . ئۆلگەندىن كېيىن سېنىڭ پۇلۇڭ بار ياكى يوقلۇقى بىلەن كارى يوق يېتىۋېرىدۇ . سەن ئۇنـىڭ نەزىر ـ چىرىغىنى بەرمەي تۇرالمايسەن . ھەر قانچە قەرز بولۇپ كەتسەڭمۇ ئۇ ساڭا ياردەم بېرەلمەيدۇ ، كەلگۈلۈك ساڭا كېلىدۇ .

تىرىك ئۇششۇق دېگەن ، ئۆيۈڭگە كەلگەن چاقىرمىغان مېھماندۇر . پۇلۇڭ بار ـ يوقى بىلەن كارى يوق ئولتۇرىدۇ ، ئۆيۈڭدە بىر نەرسە بولسىغۇ مەيلى ، ئەگەر يوق ۋاقتىدا كېلىپ قالسا ، سېنى ئېغىر خىجالەتكە قالدۇرىدۇ . نەدىن تاپساڭ تېپىپ ، ئـۇنى كـۇتـۇشـۇڭ كېرەك . يـەپ ـ ئىچىپ كېتىدۇ ، خىـجالىتىڭ بىلـەن كارى بولـمايـدۇ .

قەرز ساقا قالىدۇ .

يەنە بىرسى ئۆتىغۇشۇق ، بۇ قىز بالىنى كۆرسىتىدۇ . ياتلىق قىلغاندىن كېيىن يىگىتنىڭ ئۆيىدە تۇرسا تۇردى ، ئەگەر تۇرغىلى ئۇنىمىسا ، مىڭ ئادەم يالۋۇرغان بىلەنمۇ ئۇنىماي ئولتۇرۇۋالىدۇ . تۇغقانىنى يات ، دوستىنى دۈشمەن قىلىۋېتىدۇ . ئۇ چاغدا ھەر ئىككى تەرەپكە زىيان بولىدۇ ، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ پەرۋايى بولمايدۇ .

مەن بۇ مىسالنى شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۇمكى ، كىشىنىڭ دەرىدىگە كىشى يەتمەس دەپ ، « گۆشمۇ كۆيمىگۈدەك ، پىيازمۇ كۆيمىگۈدەك » مۇۋاپىق تويى قىلغان تۈزۈك . « تاز ئۆچكە مۆڭگۈز تىلەپ قۇيرۇقىدىن ئايرىلىپتۇ » ، « سولتەك ئېشەك قۇيرۇق تىلەپ قۇلىقىدىن ئايرىلىپتۇ » دېگەندەك ، يوقنى قولغا كەلتۈرىمەن دەپ ، باردىن قۇرۇق قالمىغىن .

— ئى كاردان ، — دېدى بايقۇش ، — تاز ئۆچكە بىلەن ئېشەكنىڭ ۋەقەسى قانداق بولغانىكەن ؟

كاردان بۇ ھېكايىنى باشلىدى :

## تاز ئۆچكە بىلەن سولتەك ئېشەك ھېكايىسى

بىر ئادەمنىڭ بىر ئۆچكىسى بىلەن بىر ئېشىكى بار ئىكەن . ئەمما ئۆچكىسى تاز ، ئېشىكى سولتەك ئىكەن .

بىر كۈنى ئۆچكە ئېشەك ئالدىدا غازاڭ تېرىپ يەپ يۈرسە ئېشەك يەرگە تەلمۈرۈپ ئوتمۇ يېمەي ، قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ پات - پات ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ، ھەسرەت چەككىلى تۇرۇپتۇ . ئۆچكە يەنە قارىسا ، يەنە شۇنداق تۇرۇپتۇ . مۇشۇنداق بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ ، ئېشەكنىڭ روھىي ھالىتى كۈندىن - كۈنگە ناچارلاشقىلى تۇرۇپتۇ . ئۆچكە ئويلاپتۇكى : « بۇ ئاداش نېمە بولغاندۇ ، بىر كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچكەن تۇرۇقلۇق كارىم بولمىسا بولماس ، بىر ھال سوراپ باقاي » دەپ :

— ئى ئېشەك ئاداش ، نېمە بولدۇڭلار ؟ كۈندىن - كۈنگە غەمگە

غەرق بولۇپ ھېچ نەرسە يېمەس ۋە بىراۋغا بىر نېمە دېمەس بولۇپ كەتتىڭلار. «مۇڭ تۆككىلى قوشناڭ ياخشى» دەپتىكەن، دەردىڭگە دەرمان بولۇپ قالسام ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ.

ئېشەك دەپتۇكى:

— ۋاي ئاداش، سىلەر سورىمساڭلا، مەن ئېيتمىسام ئوبدان بولار ئىدى. دېسەم گەپ تولا، مەن بولسام ئالەمدە كۆپ سانى تەشكىل قىلىدىغان، نام-نىشانىم مەشھۇر بىر باتۇردۇرمەن. جۇغۇم كىچىك بولغان بىلەن ئەڭ كۈچلۈك ھايۋانلارغا يولباشچىلىق قىلىمەن. مەن يېتىلەپ ماڭمىسام كۈچلۈك تۆگىمۇ ئۆز يولىنى تېپىپ ماڭالمايدۇ، ئۇنىڭ نوختا چۇلۋۇرلىرى مېنىڭ قۇيرۇقۇمدىدۇر، مەلۇمكى. كارۋان تۆگىلىرى ئېشەكنىڭ ئىتائىتىدە بولغاچقا، ئېشەك ماڭسا ماڭالايدۇ، ماڭمىسا، جايىدا جىم تۇرماي ئامالى يوق. ئۇلارنىڭ بوجىسى مېنىڭ قۇيرۇقۇمدا بولغانلىقى ئۈچۈن ھەتتا ئۇنى توختىتىپ تۇرۇپ ئالدىغا سىيىۋەتسەمۇ، مېنى ھېچنېمە قىلالماي ئاران بۇرنىنى قاچۇرۇپ بويىنىنى ئۇيان-بۇيان تولغاپ «پۇف» دەپ تۇرىدۇ. ئادەملەرمۇ مېنىڭ قەددى-قامىتىمگە نەزەر سېلىپ، مەندىن ھۆسن تالاشقۇسى كېلىدۇ. شۇڭا بىرەر نەرسىنى ئوخشاتماقچى بولسا، مېنىڭ ئەزالىرىمغا ئوخشىتىدۇ. غەزىپىم كەلگەندە بىر نەرە تارتىدىغان بولسام، مېنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازىمدىن بۆشۈكتىكىدىن تارتىپ، تۆشۈكتىكىگىچە ھەممە جانلىقلار ئويغىنىپ، ئىتلار غىڭشىپ باش ئاغرىقىدىن يۇملاپ كېتىدۇ. مەن ئاشۇنداق سالاپەتلىك، قاملاشقان، ھەيۋەتلىك يارىلىپ، نېمە ئۈچۈن قۇيرۇقسىز سولتەك بولۇپ قالغاندىمەن؟ ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تېقىمىمدىن ئاشمايدۇ، پۆپۈكلىرى قىسقا بولغاچقا، ئۈستۈۋېشىدىكى توپا-توزانلارنى سۈپۈرۈشكە يەتمەيدۇ. گاھىدا پاشا چېقىپ بۇرۇنلىرىم ئىششىپ، بەدەنلىرىم قاپىرىپ كېتىدۇ. «ئۆزى يەپ ئۆزى ماختاپتۇ» دەپ، بىز ئۆز جىنسىمىزدىن شۇنچە پەخىرلىنىپ يۈرۈپ، قۇيرۇقنىڭ قىسقىلىقى بەدەن قۇرۇلۇشىمىزدىكى نۇقسان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماپتىمىز. شۇ سەۋەبتىن «خۇدايىم ھەممە يېرىمىزنى ساغلام، يوغان، كۈچلۈك ۋە كۆركەم يارد-

تىپ ، قۇيرۇقۇمىزنى نېمە ئۈچۈن سولتەك يارىتىپ قويغاندۇ » دەپ ئە-
ـويـلاپ گېـلىمدىن ھېچنېمـە ئـۆتمـەي ، كـۆگـۈل يېرىمچىلـىقىدا
تۇرۇۋاتىمەن .

— ھەي ئاداش ، — دەپتۇ ئۆچكە ، — « دەردى يوق يەر يوق »
دېگەن راستكەن . سىلەرغۇ سولتەك بولساڭلارمۇ ، ھەممىڭلار ئوخشاش
سولتەك بولغاچقا ، ئانچە چېنىپ كەتمەيدۇ ، مېنى دېمەمسىلەر ؟ ھەممە
ئۆچـكىلەرگە خۇدايىم مۈڭگۈز بېرىپ ، مېنى تاز يارىتىپ قويۇپتۇ . مېنى
ھـەممىسى « تاز ئۆچكە » دەپ ئاتايدۇ . كىشىگە « تاز » دەپ ئاتىلىش-
تىـنمۇ چوڭ ھاقارەت بولامدۇ ؟ ھەتتا ئادەملەر ئارىسىدىمۇ شۇنداق ، ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە قۇيرۇقلىرىمنى دېمەمسىلەر ؟ كىچىك ياراتقىنىغا قارىماي ،
يۇقىرىغا قايرىلىپ تۇرىدىغان قىلىپ يارىتىپ شەرمەندە قىپتۇ . ئېيتىپ
كەلسەم سىلەرنىڭ دەردىڭلار مېنىڭ دەردىمگە ياماق بولالمايدۇ . بىز
بۇنداق ھەسرەت چېكىپ يۈرسەك ھېچ ئىش ھەل بولمايدۇ ، ھازىر مەك-
كىنىڭ يولى ئوچۇقمىش ، پۇلدار سودىگەرلەر ۋە ئات ـ ئېشەكلەرمۇ بې-
رىپ ھەج قىلىپ ، مۇراد تىلەپ كەلگىلى تۇرۇپتۇ . ئىككىمىزمۇ بېرىپ ،
ھەج قىلغاچ ئارزۇلىرىمىزنى تىلەپ كېلەيلى ، ئېھتىمال ساڭا قۇيرۇق ،
ماڭا ھەم قۇيرۇق بىلەن مۈڭگۈز ئاتا قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس .

ئېشەككە بۇ مەسلىھەت يېقىپتۇ :

— ھەجگىغۇ بارارمىز ، نېمە يەپ ، نېمە خەجلەپ بارىمىز ؟

— نېمە خەجلەپ باراتتۇق ، كېچىسى بوشىنىپ چىقىپ سەپەر
قىلىپ ، يول ئۈستىدە ئېكىنزارلىقتىن تېرىپ يەيمىز . مەككىگە بارغاندا
ساۋابلىق ئىزدەپ يۈرگەن ئات ـ ئېشەكلەر تولىمىش ، شۇلاردىن تىلەپ
يەيمىز ، كىشلەر بارسا ، بىيىپ كېتىدىكەن . بىز نېمە ئۈچۈن جاننىمۇ-
ـاقالمىغۇدەكمىز ؟ گېپىمگە كىرىپ مەن بىلەن ماڭساڭ ، قالغان ئىشقا
مەن بار ، — دەپتۇ ئۆچكە .

شۇنداق قىلىپ ، بۇلار يولغا چىقىپتۇ ، كېچىچە يول يۈرۈپ ، تاڭ
ئاتقاندا قارىسا ، بىر بۇغدايلىققا كېلىپ قاپتۇ . قورساقلىرىمۇ ئاچقانىكەن ،
بـۇغدايلارنى راسا ئىشتىھا بىلەن يېگىلى تۇرۇپتۇ . ئەمدىلا قورساقنى

تويغۇزۇپ ، ماگايلى دەپ تۇرۇشىغا دېھقان بالىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ كې-
لىپ قوغلاپ يۇرۇپ تۇتـۇۋېلىپ ، ئېشەكنىڭ قـۇلىقىنى كېسىۋېتىپتۇ .
« ئۆچكىنىڭ نېمىسىنى كېسىۋەتسەم بولار » دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا نەۋ-
رىسى كېلىپ :

— تەپكۈچ ئېتەتتىم ، — دەپ ئۆچكىنىڭ قۇيرۇقىنى تالىشىپتۇ .
شۇنداق قىلىپ ، ئۆچكىنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىپ ، ئىككىسىنى ھەيدىۋې-
تىپتۇ . ئۇلار يوقنى تاپىمەن دەپ بارنىمۇ ساقلىيالماپتۇ .

ئى بايقۇش ، بۇ ھېكايىدىن ئىبرەت ئالغىنىكى ، قولۇڭدا بارغا
شۇكۇر قىلماي ، ئاچ كۆزلۈك قىلىپ ھەممىدىن ئايرىلىپ قالمىغىن .
خەلق ئىچىدە : « ئاز يېگەن تولا يەيدۇ » ، « تولا يېگەن بۆرىنىڭ قوگى
كامار » دېگەن تەمسىل بار . سەن ئەسكى خارابىلىككە ئورۇنلىشىۋېلىپ
ئۆزۈڭنى كەيقىباد چاغلاپ ، بىزنى كۆزگە ئىلغۇڭ كەلمىدى . ساڭا
مۇنچە مەنمەنلىكنىڭ نېمە ئىشى ؟ « تازنىڭ نېمىسى بار ، تۆمۈر تارغى-
قى » . سەنمۇ كىشىنىڭ ئالدىغا بارمايمەن دېيەلمەيسەن . « بارمايمەن
دېگەن تۇگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ » دېگەن گەپ بار . باشقىلارغا
نېمە قىلساڭ ، ساڭىمۇ قىلغۇچى چىقىدۇ ، « بـۇ ئـالەم ئـۆتنە ئالەم » ،
« قاشقا سانىساڭ كۆزگە ، كىشىگە سانىساڭ ئۆزگە » ، « كىشىنى چاققان
ئۆزىنى چاقىدۇ ، ئۆزىنىڭ تېنىگە ئوتنى ياقىدۇ » ، « ئالدىرىماڭ يارەي ،
سىزگىمۇ بىر كۈن بارەي » . سېنىڭ ئوغۇللىرىڭمۇ چوڭ بولۇۋاتىدۇ ،
تاماشانى شۇ ۋاقىتدا كۆرىمىز ، دەپ ھېكايىسىنى تۈگەتتى .

— ئى بۇرادەر ئەزىز ! — دېدى بايقۇش ، — مەن مۇنچە جا-
ھىللىق قىلىپ تۇرۇۋۋالمايتتىم . سېنىڭ نەسىھەتلىرىڭگە قايىلمەن . ئەمما
راستىنى ئېيتقاندا بۇ ئىشقا خوتۇنۇم ئۇنىمايۋاتىدۇ . ئەگەر ئۇنى سۆزگە
كىرگۈزەلىگەن بولسام ، « بەرمەس قىزنىڭ تويى ئېغىر » دېگەندەك ،
تويلۇقنى ئېغىر سېلىپ تۇرۇۋۋالمايتتىم . ئەپسۇسكى ، « چاقنى بۇزغان
خانىسى ، قىزنى بۇزغان ئانىسى » دەپ ، بۇ ئىشتا خوتۇنۇمنىڭ دېگىنى
ھېساب . ئۇنىڭدىن سوراپ ، ئاندىن كېيىن جاۋابىنى بېرەي .

كاردان بايقۇشنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ھەيـران بـولغـانـلىقتىن

قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە دېدىكى :

— ئى ئەخمەق ، بايقۇش ! « خوتۇنمۇ خوتۇن ، خوتۇننىڭ سۆزىگە كىرگەنمۇ خوتۇن »دۇر . بىر خوتۇننى گەپكە كىرگۈزەلمىدىم دېگىلى نومۇس قىلمىدىڭمۇ ؟ خوراز چىلىكمۇ بولالامىسەن ؟

— ئى كاردان ، خوراز قانداق قىلغانىكەن ؟ بايان قىلساڭ ، — دەپ ئىلتىماس قىلدى بايقۇش .

شۇنداق قىلىپ ،كاردان ھېكايىسىنى باشلىدى :

## باي بىلەن خوراز ھېكايىسى

بۇرۇنقى زاماندا بىر باي ئۆتكەنىكەن . بۇ باي ھايۋاناتلارنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن ، ئەمما بۇ سىرنى كىشىگە دەپ قويسا ، شۇئان ئۆلۈپ كېتىدىكەن . شۇڭا بۇ باينىڭ ھايۋانلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغانلىقىنى ئۆ-زىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىكەن .

باينىڭ بىر ئېشىكى بىلەن بىر توپاق كالىسى بار بولۇپ . بىر كۈنى يەر ھەيدىمەكچى بولۇپ توپاقنى ئېلىپ چىقىپ قوش قىپتۇ . كەچقۇرۇن قوشنى چىقىرىپ ھەيدەپ كېلىپ توپاقنى ئېغىلغا سولاپ قويۇپتۇ . توپاق ھېرىپ كەتكەنلىكتىن ، كېلىپلا ئوتمۇ يېمەي پۇشۇلداپ ياتسا ، ئېشەك ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ :

— ۋاي ئاداش نېمە شۇكلەپ كەتتىڭلار ، نېمە ئىش يۈز بەر-دى ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— نېمە ئىش بولاتتى ، ئەتىگەندە قوشقا قاتقانچە قوشتىن ئەمدى چىقاردى ، « ئۇش ! » دەپمۇ بىرنى ئۇردى ، « كە ! » دەپمۇ بىرنى ئۇردى ، ئۇرۇۋېرىپ ئون جېنىمدىن بىرنى قويدى . بەدەنلىرىم ئاغرىپ ، پۇتلىرىم سىرقىراپ ، تۇرغۇدەك ھالىم قالمىدى . شۇڭا سېنىڭ كۆزۈڭگە شۇكلەپ كەتكەندەك كۆرۈنگەن بولسام كېرەك ، — دەپتۇ توپاق .

— ئۇنداق بولسا ، — دەپتۇ ئېشەك ، — بۇنىڭ تەدبىرى ناھايىتى ئاسان . ھازىردىن باشلاپ ئوتمۇ يېمەي ، سۇمۇ ئىچمەي يېتىۋالا ، باي

كۆرسە «كالام ئاغرىپ قاپتۇ » دەپ قوشقا قاتمايدۇ .
بۇلارنىڭ سۆھبىتىنى باي ئېغىلنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئاڭلاپ قاپتۇ . ئەتىسى يەنە قوش قاتماقچى بولۇپ ئېغىلغا كىرسە كالىسى ھەلەپمۇ يې- مەي ، سۇنىمۇ ئىچمەي ، كۆزىنى يۇمۇپ پۇشۇلداپ يېتىپتۇ . باي بۇ ھالنى كۆرۈپ كالىنى شۇ پېتى قويۇپ ، ئېشەكنى ئېلىپ چىقىپ قوشقا قېتىپتۇ . ئاجىز ئېشەك قوشنى سۆرىيەلمىگەنچە باي ئۇنى ئۇرىۋېرىپ ئۆلتۈرۈپ قوياي دەپتۇ . كەچ بولغاندا قوشنى چىقىرىپ بولۇپ ئۇستىگە مىنىپ كېلىپ ئېغىلغا سولاپ قويۇپتۇ . توپاق قارىسا ، ئېشەكنىڭ قۇلاق- لىرى سالپىيىپ ، ماڭقىلىرى ساڭگىلاپ ، ئاران دەسسەپ قاپتۇ . توپاق كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ :
— ئېشەك ئاداش ، غەمكىن كۆرۈنىسەن ، مىجەزىڭلا يوققۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ . ئېشەك دەپتۇكى :
— مىجەزىمغۇ بار ئىدى ، بۈگۈن بىر شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ قال- دىم . باي غوجام بىر قاسساپ بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۇنىڭغا : « مېنىڭ بىر توپاق كالام بار ئىدى ، ئەتە ئەتىگەندە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى سېتىپ بەرسىڭىز »، دەپ پۈتۈشتى . ئىككىمىز بىر ئېغىلدا قان - قېرىنداشتەك ياشاپ كەلگەنىدۇق ، بۇ شۇم خەۋەرنىڭ دەھشىتىدىن بەدەنلىرىمگە تىت- رەك ئولىشىپ ، سېنىڭ ئۆلۈم قايغۇڭدا ھېچ ماجالىم قالمىدى . شۇڭا مىجەزىم يوقتەك كۆرۈنگەن ئوخشايمەن .
كالا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قورقۇپ ، ئېشەكتىن :
— ۋاي ئاداش ، ئەمدى قانداق قىلارمەن ؟ — دەپ سوراپتۇ .
— قانداق قىلاتتىڭلار ، — دەپتۇ ئېشەك ، ئۆلمەي دېسەڭلار ھا- زىردىن باشلاپ ھەلەپنى تويغۇچە يەپ ، سۇنى ئىچىپ ، ئارقا - ئارقىدىن ئازناپ ، تاملارغا ئۈسۈپ ، ئۇ چەتتىن - بۇ چەتكە دۈيلۈپ ، ئويناقلاپ يۈرۈڭلار ، باي كۆرسە سىلىنى « ساقىيىپتۇ » دەپ ئويلاپ ، قاسساپ چاقىرمايدۇ .
شۇنداق قىلىپ ، توپاق ئوتنى تويغۇچە يەپ ، سۇنى ئىچىپ ، ئۇ ياقتىن - بۇياققا سەكرەپ دۈيلۈپ ، ساقايغان بولۇۋاپتۇ . ئەتىسى باي

ئېغىلغا كىرسە ، توپاق ئويناقشىپ تۇرۇپتۇ . ئۇنى ئېلىپ چىقىپ قوشقا قېتىپ يەر ھەيدەپتۇ . كەچقۇرۇن قوشنى چىقىرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن باي ھويلىسىدا ئولتۇرۇپ ئېشەك بىلەن توپاقنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەپ ئۇلارنىڭ ھىيلىگەرلىكىگە ئەجەبلىنىپ ئۆزىچە كۈلۈپ كېتىپتۇ . يېنىدا باينىڭ خوتۇنىمۇ بار ئىكەن . بۇ خوتۇن ھەممە ئىشقا چېپىلىدىكەن . بىرەر ئىش قىلماقچى بولسا ، خوتۇنىنىڭ گېپى ھېسابكەن ، باينىڭ بولسا ، گېپى ئۆتمەيدىكەن . بايمۇ خوتۇنىدىن قورقۇپ ، ئۇنىڭدىن سورىماي ھېچقانداق ئىش قىلالمايدىكەن . بۇ خوتۇن باينىڭ ئۆزىچە كۈلۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ، باينىڭ ياقىسىدىن كاپ ئاپتۇ :

— ھە نېمىگە كۈلىسىز ؟ نېمە ئىش قىلدىڭىز ؟ مەندىن نېمىلەرنى يوشۇردىڭىز ؟ ... — دەپ سوراق قىلىشقا باشلاپتۇ ، باي ئۇنى دەپتۇ - بۇنى دەپتۇ ، خوتۇنى ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ ، يۈزلىرىنى تاتىلاپ ، كۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەر ، دەپ تۇرۇۋاپتۇ . باي ھېچ ئىلاج قىلالماي خوتۇنىغا يالۋۇرۇپ ، كۈلۈشىنىڭ سەۋەبىنى ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېيتىپ بەرمەكچى بولۇپ ئاران قۇتۇلۇپتۇ . شۇ خاپىچىلىقتا تاماقنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئولتۇرسا ، باينىڭ بىر خورىزى بىر مۇنچە مېكىيانلارنى باشلاپ كېلىپ ، بىردەم ئۇنى ، بىردەم بۇنى بېسىپ پىپەگدىگىلى تۇرۇپتۇ . بۇنى كۆرگەن ئىت :

— ھەي خوراز ، « توخۇ دېگەننىڭ ئەقلى يوق ، ئەقلى بولسا يەمتى پوق » دېگەن ئەلھەق راستكەن . « ئېشەك ئۆلسە ، قوڭى غېجەك تارتىپتۇ » دەپ ، باي بىزنى بېقىپ كېلىۋاتقان تۇرسا ، ئۇ خوتۇنىنىڭ كاساپىتىدىن ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغاندا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ مېكىيان بىلەن ھەپىلەشكىنىڭ نېمىسى ؟ بىز ئۇنىڭدىن ئايرىلساق قانداق قىلارمىز ؟ — دەپتۇ .

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ ، — دەپتۇ خوراز ، — ئەر كىشى تۇرۇپ بىر خوتۇننى باشقۇرالماي ، مەخپىيەتلىكنى دەپ قويۇپ ئۆلۈپ كەتسە كەتمەمدۇ ، بۇنىڭدەك مەزلۇم ئەرلەرنىڭ بولغىنىدىن ئۆلگىنى تۈزۈك . باي ئۆينىڭ ھوقۇقىنى خوتۇنىغا بېرىپ ، ھەممىگە ئىگە قىلىپ

قويغاندىن كېيىن خوتۇنىنىڭ يۈرىكى يوغىناپ شۇنداق قىلماي قانداق
قىلىدۇ ؟ باينىڭ ئورنىدا ئەگەر مەن بولىدىغان بولسام ، بىر تال تاياقنى
ئالىمەن ـ دە ، « ئىشىمغا ئارىلىشامسەن ؟ ياقامغا ئېسىلامسەن ؟ دېمىگەن
گەپنى كوچىلاپ سورامسەن ؟ ئاقساقاللىق قىلامسەن ؟ قىلغان ئىشىمنى
بۇزۇشقا ئۇرۇنامسەن ؟ » دەپ ئۆرگىلىپمۇ ئۇرىمەن ، چۆرگىلىپمۇ ئۇرد-
مەن . قېنى ئۇ چاغدا ئۇ خوتۇن قانداق ياۋاشلاپ كېتىدىكىن ؟ ئەر بى-
غەرەز بولغاندىن كېيىن خوتۇن خەق ئەلۋەتتە ئاقساقال بولىدۇ .

باي خورازنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ « ھە ، ئىشنىڭ يولى مۇنداق
ئىكەن ـ دە » دەپ ، ئويلاپ يۈرۈپتۇ ، ئۈچ كۈنمۇ توشۇپتۇ . خوتۇن
يەنە ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ : كۈلكىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەر ؟ دەپ
تۇرۇۋاپتۇ . باي قولىغا بىر تال تاياقنى ئاپتۇ ـ دە : مانا دەپ بىرەي ،
دەپ ئۇرىۋېرىپتۇ .

خوتۇنغا تاياق راسا ئۆتكەندىن كېيىن ، « ۋاي جېنىم ئېرىم ،
ئەمدى چىشىڭغا تەگمەي ، نېمە دېسەڭلا شۇنى قىلاي ، دېمىگەن گەپنى
سورىماي ، قىلغان ئىشىڭلارغا چېپىلىۋالماي . نېمە قىلساڭلار ئىختىيا-
رىڭلار بولسۇن ، ئەمدى توۋا قىلدىم . بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسەڭلا
ئىكەن » دەپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ . شۇ كۈندىن باشلاپ شۇنداق
ياۋاشلاپ كېتىپتۇكى ، باينىڭ « قىل » دېگىنىنى قىلىدىغان ، « قىلما »
دېگىنىنى قىلمايدىغان ، جاۋابلىشىپ ، ئاقساقاللىق قىلمايدىغان بولۇپتۇ .

ئى بايقۇش ، سەنمۇ « مېنى خوتۇنۇم باشقۇرىدۇ » دەپ ئاغزىڭ-
نىڭ سۈيىنى قۇيۇپ ئولتۇرماي ، خوتۇننى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىشىڭ لا-
زىم ، دەپ ھېكايىسىنى تاماملىدى .

بايقۇش ھېكايىنى ئاڭلاپ :

— ئاپىرىن ! بۇ نېمىدېگەن دانالىق ـ ھە . بۇرۇنراق ئاڭلىغان
بولسام ، خوتۇنىنىڭ ئالدىدا مۇنچە بىچارە بولۇپ قالماس ئىكەنمەن . پەردە
ئىچىدە بىپەردە سۆزلەرنى كۆپ سۆزلەشتۇق . نەغمىنىڭ ھۇزۇرى كېتىپ
قالمىسۇن ، قالغان گەپنى كېيىنگە قالدۇرايلى ، — دېدى . ساقىلار قەدەھ
تۇتۇشقا باشلىدى . ئىچكەن شارابنىڭ نىشانىسى بۇلارنىڭ يۈزلىرىگە

يۇگۈرۈشۈپ ، قىزارتىشقا باشلىدى . نەغمىلەرنىڭ مۇڭلۇق ساداسى دىل-
لىرىنى ئېرىتىپ . ئۇلار باشلىرىنى مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئېگىلگەن شاخ-
لىرىدەك لىڭشىتىپ ، بىر - بىرىگە سۈركىشىپ مۇڭدىشىشقا باش-
لىدى . بۇلارنىڭ سۆھبەتلىرى ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا بولۇپ ، مەز-
مۇنى : « ئېلىشلىقىڭ كەلگەندە ، ئالمان بىلەن چولپان بول . بېرىشلى-
كىڭ كەلگەندە غوجام بىلەن موللام بول » دېگەندەك ، ئۆز پايدىسى
ئۈچۈن ئىدى . بىر كەمدە بەزمىلەر ئاخىرلىشىپ نەغمىلەر توختاپ ، مە-
رىكە تامام بولدى . ئەل ئايىغى ئارام ئۈچۈن ئۆتۈكتىن ئاياغ ، ياقىدىن
باش چىقاردى . ھەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن بولدى . كاردان بايقۇشتىن :
— بۇرادەر ، رۇخسەت قىلغىن ، بىز قايتايلى . تويلۇق توغرىسى-
دىكى مۇنازىرەڭنى ئەلچى قۇش ، يەنى كورقۇش كېلىپ ئۆزى ئاڭلى-
سۇن . « ئېشەك يولنىڭ قاتتىقىدا ئەمەس ، پاتقىقىدا سىنىلۇر » ، « سى-
نالغان تۆگە ئۇرۇشقا ياخشى » . بىز ئەمدى « ئۆتمىگەن قىلىچنى پوقىا
چاپ » دەپ ، ئۆز يولىمىزغا ماڭايلى . « يامان ئاتقا ياڭۇرسا . يېنىغا
تۇرسۇق باغلاتماس : يامان ئەرگە ئىش تەگسە ، يېنىغا قۇشمۇ قوندۇر-
ماس » دېگەن راستكەن ، « ئىسسىق جان ئىسسىتمىسىز بولماس »
، ياخشى بولسۇن دېسەڭ قىزىڭنى پاك ۋاقتىدا ئۇۋۇسىغا قوندۇرغىن ،
نەۋائىنىڭ بىر سۆزى بار :

ئانىسى بىلەن كۈندە ئېتىراز ئەتكەن قىز ،
بىر ئۆزگىنى ئۆزىگە ئەھلى راز ئەتكەن قىز .
قەينا يۇرتى بىلەن كۆيۈنىڭ ئۆيىنى خۇش
كۆرمەكتىن ، ئانىسى بىلەن ناز ئەتكەن قىز .

بۇ مانا سېنىڭ قىزىڭغا ماس كېلىدۇ ، بۇنى سەمىڭگە سېلىپ قو-
ياي ، — دېدى .
بايقۇش ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كەيپى ئۇچۇپ :
— ئى كاردان ، سەن مېنىڭ قىزىمنى « پاك ۋاقتىدا بېرىۋەت »
دەۋاتىسەن ، بۇ : « قىزىم مەن ساڭا ئېيتاي ، كېلىنىم سەن ئاڭلا » دې-

گەنلىك ئەمەسمۇ ؟ پاك بولماي نېمە بوپتۇ . « ياخشىلار تېپىپ سۆزلەر ، يامانلار ئەيىب سۆزلەر » دەپ قىزىمغا تۆھمەت قىلماقچىمۇ ؟ — دەپ قەھىرلەندى .

— ئەجەبمۇ ساددا ، ئەخمەق ئىكەنسەن ، — دېدى كاردان ، — سېنىڭ سۆزلىرىڭ باي ئىمىن پەمسىز بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلىدى . ئۇ بىر كۈنى بازاردىن بىر كەش سېتىۋاپتۇ . ناتونۇش بىر قاسساپنىڭ قېشىغا بېرىپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ :

— بۇ كەش مېنىڭ خوتۇنۇمنىڭ پۇتىغا لايىق كېلەرمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ . قاسساپ جاۋاب بېرىپ :

— سېنىڭ خوتۇنۇڭنىڭ پۇتىنى كۆتۈرۈپ قاراپ باقمىسام مەن ئۇنى قانداق بىلىمەن ؟ — دەپتۇ . مەنمۇ سېنىڭ قىزىڭنىڭ مىجەزىنى بىلمەيمەن . « ئېشەكنىڭ پەيلى ئىگىسىگە مەلۇم » . سەن ئەخمەق بول- غانلىقىڭ ئۈچۈن ئەخمەقلەر تەمسىلىنى كۆپرەك مىسال قىلىپ قالدىڭ . بۇنى توغرا چۈشەنگەيسەن .

— ئى كاردان ، سەن ماڭا ئاقساقاللىق قىلغۇچى بولما ، مېنى سەل چاغلاۋاتىسەن ، مېنىڭ بوۋىلىرىم بولسا ، ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەي- ھىسسالام بىلەن مۇنازىرە قىلىشقان كىشىدۇر ، — دېدى بايقۇش .

— ئى ئەخمەق ، — دېدى كاردان ، — ئاڭلىغىنىڭ :

سەن تەمە قىلما ئاتاڭنىڭ نامىدىن ،
مەن ساڭا قىلاي نەسىھەت ئاڭلىغىن .
گەرچە سەن بولساڭ ئۇلۇغلار ئوغلىمۇ ،
نەقنى سۆزلە ، يوق بىلەن ماختانمىغىن .
پايدىسىز سۆزنى دېسەڭ نېمە چىقار ،
تاشلىغان قۇرۇق سۆڭەكنى كىم غاجاپ ؟

« ئاتا سوراپ نېمە قىلىسەن ، ئەرنىڭ ئۆزى بولغاندا ؛ يول سو- رىغان نامەردتۇر ، ئات ئۈستىگە چىققاندا » دېگەن مەسەل بار . تۇرمۇش دېگەن كۈرەش دېمەكتۇر . چاپامسەن ، ئاتامسەن ، قانداقلا قىلساڭ

مۇشكۇللۇكتىن بۆسۈپ ئۆتسەڭلا زەپەر ساڭا مەنسۇپتۇر . سەن ئۈنىڭ-
دىن سوراپ باقاي ، بۇ نېمىدەپ يول كۆرسىتەركىن دەپ بولغۇچە كۈ-
رەش تۇزانلىرى سېنى كۆمۈۋېتىدۇ ، — دەپ ، تۇرۇمتايىنى ئەگەشتۈ-
رۈپ ، كورقۇشنىڭ ئۇۋۇسىغا قاراپ يولغا چىقتى . نەچچە مەنزىل يول
بېسىپ كورقۇشنىڭ ئۇۋۇسىغا بېرىپ دىدارلاشتى ۋە دېدىكى :

— ھەي ئەلچى كورقۇش ، ھەر كىم قارىغۇنىڭ كەينىگە كىرسە
پۇتلاشماي قالمايدىكەن . بىز كۆرگەن كۈن ، تارتقان مۇشەققەتنى
ھېچكىم كۆرمىسۇن .

— ئى كاردان ، « تىكەنسىز گۈل بولماس ، مۇشەققەتسىز ھۈنەر
بولماس » ، « رىيازەت تارتمىغۇچە يار ۋەسلىگە يەتكىلى بولماس » ،
« ئەر بېشىغا ئىش كەلسە ، ئۆتۈك بىلەن سۇ كىچەر ، ئات بېشىغا ئىش
كەلسە ، سۇلۇق بىلەن سۇ ئىچەر » ، ئىش دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ .
جاپا - مۇشەققەتمۇ تارتتۇق ،قېنى ئىشنىڭ ئاخىرى قانداق بولدى ؟ —
دەپ سورىدى كورقۇش .

كاردان :

— ئى ئەلچى ، « ئۈزۈم تاپقان بالاغا ، نەگە باراي دەۋاغا » دەپ
بۇ ئىشنى ئۈزۈك باشلىغانىكەنسەن ، ئاخىرىنى ئۈزۈك يىغىشتۇر .بايقۇش-
نىڭ سالغان تويلۇقىغا بۇخارانىڭ خىراجىتىنى بەرسەكمۇ يەتمىگۈدەك ،
ئەسكى دېگەنگە ھەر قانچە گەپ قىلسىمۇ يەنىلا ئەسكىلىكىنى قىلماي
قويمايدىكەن . بۇرۇنقىلارنىڭ تەمسىللىرىدە : « ياۋ توپى ئەل بولۇر ،
خەۋەر توپى يەل بولۇر » ، « قۇدا بولسا ، قۇل بولسا » دېگەنىكەن . لې-
كىن بايقۇشنىڭ قۇدا بولغۇچىلىكى يوق ئىكەن . « قۇدا كەلدى ، خۇدا
كەلدى » دېگەننىڭ ئەمەس ، بەلكى ، « قۇدا بولدى ، جۇدا بولدى »
دېگەننىڭ تەمسىلى بولۇپ قالغۇدەكمىز . « ئەسكىدىن ئەسكى چىقىدۇ ،
ياردىن يىرىك » دەپ ، ئۈنىڭدىن بىرەر ياخشى پەزىلەت كۆرمىدىم .
« ئەلچىگە ئالتە تاياق » دەپ ئۈنىڭ گەپلىرىگە چىدىغۇچىلىكىم قالمى-
دى ، — دەپ جاۋاب بەردى .

— ئى كاردان ، — دېدى كورقۇش ، — سەن ئاغىنىدارچىلىقتا

يارىمايدىكەنسەن ، سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولغان بولسام ، ئۇنچىۋالا پىخسىقلىق قىلىپ كەتمىگەن بولاتتىم . « بۆزچى بەلۋاغقا يارىماس » دەپ ، ئۆزۈڭ خەزىنىدار تۇرۇپ ، چىقىمغا چىدىماي «قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق » دېگەندەك ئۇنىڭغا بىر مۇنچە ئەيىب قويۇپ كەپسەن ، « ئوسۇرغاققا ئارپا نېنى بانا » دەپ خەقنىڭ ئاز ـ تولا گېپىنى ئاڭلاپ مەقسەتتىن ۋاز كېچىش ياخشى پەزىلەت ئەمەس ، سېنىڭ مىجەزىڭ ئىشان كالان ھاپىزغا ئوخشاپ كېتىدىكەن . بىر كۈنى ئىشان كالان ھاپىز كېتىۋاتسا ، بىر قويۇن كېلىپ ئۇنىڭ كۈلاھىنى سۇغا چۈشۈرۈۋېتىپتۇ ـ دە ، سۈزۈۋالغۇچە كۈلاھ ئېقىپ بېرىپ چۆكۈپ كېتىپتۇ . ئىشان كۈلاھ چۆكۈپ كەتكەن يەرگە بىر دەم قاراپ تۇرۇپ :« يوقالغىنى ياخشىمۇ بولدى ، بېشىمغا چوڭ كېلىپ قالغانىدى » دەپ كېتىپ قاپتۇ . « مۈشۈك ئىلمەكتىكى گۆشنى ئالالماي ، پوق سېسىق دەپتۇ » دېگەندەك سۆزلىرىڭنى قوي . سەن ھەم تۈنلەر پادىشاھى مەجنۇنغا دالدا بولغاندەك ياكى مۆئتەمەر پادىشاھ ئەيىنىيەگە راپاۋەتچىلىك قىلىپ رەھبانى ئېلىپ بەرگەندەك ئىش قىلغان بولساڭ ئىدى ، ئۇ چاغدا تا دەۋرى قىيامەتكىچە ئالەمدە ياخشى نامىڭ قالغان بولار ئىدى . « ئىتتىن قورققان گاداي بولماپتۇ » دېگەندەك ، كۆز قورقۇتسا ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ .

— ئى كورقۇش ، مۆئتەمەر شاھ ۋەقەسى قانداق بولغانىكەن ؟ — دەپ سورىدى كاردان .

شۇنداق قىلىپ ، ئەلچى كورقۇش ھېكايىسىنى باشلىدى :

## مۆئتەمەر شاھ ۋە ئەيىنىيە ھېكايىسى

رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ، بۇرۇنقى زاماندا مۆئتەمەر ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەنىدى . ئۇنىڭ كۈندە قىلىدىغان ئىشى قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئىدى ، دۈشەنبە ، چارشەنبە كۈنلىرى ھەزرىتى رەسۇل ئەلەيھىسسالامنىڭ رەۋزەپاكلىرىنى زىيارەت قىلىشقا بارار ئىدى .

بىر كۈنى پۈتۈن ئېتىقادى بىلەن جىگەر ـ باغرىنى سىمابتەك ئېرىتىپ تۆرۈپ ، كېچىسى رەۋزە شېرىپنى زىيارەت قىلغىلى باردى . بۇ زىمىستان ۋاقتى بولۇپ ، تارىختا ئىمام ھۈسەيىننى يەزىدلەر شېھىت قىلـ غان كۈنگە توغرا كېلەتتى .

بۇ كېچىسى ئەيىنيەمۇ پادىشاھ كېلىشتىن بۇرۇن كەلگەنىدى ، ئۇنىڭ ئۇزاقلىقىدىن تاڭنى ئاتقۇزالماي غەمكىن نالىلەر بىلەن زارلىنىپ :

بۇ نېچۈك تاڭدۇر ئۇنىڭكى تاڭى يوق .
نېمە ئىشتۇر مەزىنلەرنىڭ باڭى يوق .
سۇندىمۇ خانىقانىڭ مۇنارىسى .
تۈلكە بوغسا بولدىمۇ يا جانى يوق .

ئىشقىنىڭ بازىرىدا سەرسان بولۇپ ،
مەن كەبى قانغا يىقىلغان بارمۇ ، يوق ؟
ۋەسلىنىڭ پىراقىدا مەجنۇن بولۇپ .
يۈرگىنىمنى ئۇل سەنەم بىلەرمۇ ، يوق ؟

كۆزلىرىدىن قان ئېقىپ توپان بولۇپ ،
ياشلىرى ئالەمنى باسقان بارمۇ ، يوق .
مەن بۇگۈن ئۆلسەم ۋىسال ھىجرانىدا ،
كۆمگىلى ئەھلىم مېنىڭ چىقارمۇ ، يوق .

دەپ ، بىر زاماندىن كېيىن خاراموش بولۇپ ، سۇبھى پەرۋانىسىـ دەك بىھوش بولۇپ ، تارىسى ئۈزۈلگەن ساز كەبى پىراق ئەلىمىدىن كەم ئاۋاز بولۇپ يېتىپ قالدى . بۇ چاغدا ، مۆئىتەمەر شاھىنىڭ قۇلىقىغا بىر نالە ـ پىغانىنىڭ ئاۋازى كىرگەندەك بولدىيۇ ، نەدە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالـ مىدى . ئەتراپقا نەزەر سالدى ، ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى . تاپالمىغانچە نالە قىلغۇچىنى ئىزدەپ تېپىپ گەپ سوراشقا ئالدىراپ خانىقاغا كىرگەنىدى ، چاڭ ـ توزانلارغا بۇلغىنىپ ، ياقىلىرىنى پارە ـ پارە قىلغان ، ئاھ ئۇرۇپ

تـۆپراققا مىلىنىپ نىمجان ياتقان بىر يىگىتنى كۆردى . ئۇنىڭ يېنىغا بې-
رىپ يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ، قولىدىن يېتىلەپ ئېلىپ چىقتى . ئاندىن ئۇنىڭ
نالە - زارىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ :

— ئى يىگىت ، « كېسەلنىڭ ساقايغۇسى كەلسە ، تېۋىپ ئۆزى كېلەر » . ھەر مۇددىئايىڭ بولسا ئېيتقىن ، — دېدى .

ئەيىنيە بىر كەمدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ :

— ئىشق بالاسىغا ئۇچراپ تەلۋە بولدۇم . ئىنسان بالىسى مەن كەبى ۋىسال دەردىنى تارتماس ، — دېدى . پادىشاھ دېدىكى :

— ئى ئەنسارى پەرزەنتى ، ۋاي بالا دەردمىنى ، ئىشق بالاسىغا گىرىپتار بولۇپ خۇشال كۆڭلىنى زەخمىلەندۇرگۇچى ، مەجنۇنلۇق خاراب قەلئەسىنىڭ ئىمارەتكارى . ئۆزۈڭ كىمدۇرسەن ، نېمە ئەرزىڭ بار ؟

ئەيىنيە دېدى :

ئىشق ئىچرە بارمىدۇ مەن كەبى زىرۇ - زىبەر بولغان .
ھەر كىمكى يوقتۇر ھىجراندا ، مېنىڭدىن بەتتەر بولغان .
چۈنكى دىلبىرى كىرپىكلىرىنى ئوق قىلىپ ئېتىپ ،
يۈرەك - جىگەر بولۇپ پارە ، ساقايماس يارا بولغان .
يار ئۇچۈن جان بەخش ئېتىپ گەر مىسالى لەئلىدەك ،
باغرى تېشىلىپ ئاھ ئۇرۇپ ، غەرقەئى جۇن جىگەر بولغان .
زۈلپىدا چىركەللىدى چۈن ، ئاجرىيالماسمەن ئەبەت ،
مېنى سورىساڭ ئول كىشمەن ، ياردىن جۇدا بولغان .
شاھ دېدى : « تۇتقىن قولۇمنى ئەگىشىپ ماڭ مەن بىلەن .
كىم كۆرۈپتۇ ۋاپا ئەھلىگە ھىجران كاشىلا بولغان .
ئاشىق ئۆلكى ، جاھان مېھنىتىدىن تاپتى پاراغەت ،
ئۇمىدۋار بول ئى ئاشىق ، ھىجرىدىن بىخەۋەر بولغان .

پادىشاھ يىگىتنى ئېلىپ ئەنسارى مەھەللىسىگە باردى . خالايىقنى توپلاپ :

— بۇ يىگىتنى تونۇمسىلەر ؟ — دەپ سورىدى .
ئەنسارىلەر گۇۋاھلىق بېرىپ :
— بۇ يىگىت رۇسۇلۇللانىڭ رەۋزەلىرىنىڭ خىزمەتچىسىدۇر . پاكلىقتا ، ئەدەپ ئىچىدە مەشھۇردۇر ۋە ئەتىۋارلىق كىشىدۇر ، ئەمما ئۇنىڭ ھازىرقى كۈنى ئىشق بازارىنىڭ رەسۋاسى ، سەۋدالىق چىمەنىنىڭ بۇلبۇلى شەيداسىدۇر . ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلىرىنى بىلمەيمىز ، — دېيىشتى .
پادىشاھ ئەنسارىلەردىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، ئەيىنىيەنى يېنىلەپ ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىپ :
— قايسى قەبىلىنىڭ ئاي يۈزلۈك پەرىسىنىڭ ئىشقى ئوتىغا مۇپتىلا بولدۇڭ ؟ — دەپ سورىدى . ئەيىنىيە جاۋاب بېرىپ :
— بىر كۈنى جامەدە ئېتىقاد نامىزىدىن كېيىن بىر ئۇلۇغۋار كىشى ئاللاتائالاغا مۇناجات قىلىپ دۇئا قىلغىلى تۇردى . بۇ جامە ھەرەمنىڭ ئۇدۇلىدا بولۇپ ، يول ئۈستىدە ئىدى . قىرىق مىڭ ئۆيلۈك ئەرەب ئاشۇ يول بىلەن ماڭاتتى . يولدىن بىر قانچە ھۆرلىقا سۈپەت گۈزەللەر خۇشال - خۇرام ئۆتكەندىن كېيىن ، ئاخىردا بىر پەرى سانىسىز ناز بىلەن خۇلق كۆرسىتىپ ، ئاجايىپ زىبۇزىننەتكە پۈركىنىپ ئۆتتى . ئۇنىڭ قاش - كۆزىنىڭ سۈپىتى سۆسەندەك مىڭ جىلۋە پەيدا قىلىپ ، « تەن » مەندە قېلىپ ، جانىنى ئۇ ئېلىپ كەتتى .

بىر كۆرۈپ كەتتىم ھوشۇمدىن ،
ئايرىلىپ روھى قۇشۇمدىن .
كۆز ئېچىپ كۆرمەي يېنىمدا ،
ئىزدىدىم كۆرگەن چۇشۇمدىن .
چىقمىدى ھەر يەرگە باقسام ،
كېتىپتۇ يىراق قېشىمدىن .
بىر كۆرۈپ ئالسام جانانى ،
كېچەتتىم ئالسا بېشىمدىن .

ئۇنىڭ گۈلدەك جامالىنى كۆرۈپلا ھوشۇمدىن كەتتىم ، بىر كەمدە قۇلىقىمغا ئاۋاز كىرگەندەك بولدى ، قارىسام ، كىشىلەر يۆلەشتۈرۈپ يۇرۇپتۇ . ھوشۇمغا كەلسەم ئۇلارنىڭ ئەسىرىمۇ قالماپتۇ . قارىسام ھېچ يەردە كۆرۈنمىدى ياكى چۈشۈمدە كۆرەرمەنمىكىن دېسەم ، چۈشۈمگە كىرمىدى ، يەنە بىر كۆرۈپ ئۆلسەممۇ رازى بولار ئىدىم ، بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار مانا شۇ ، — دېدى . شۇنداق قىلىپ ، مۆئتەمەر شاھ ئەيىنيەنى ئېلىپ ، قىز كەتكەن يول بىلەن ئېلىپ ماڭدى . نەچچە مەنزىل يول مېڭىپ بەنى سەلىم قوۋمىگە يېتىپ بېرىپ ، يۇرت چوڭلىرىنى يىغىپ :

— ئى بەنى سەلىمنىڭ خەلقى ، بىز دىيارىڭلارغا ساۋابلىق ئىش ئۈچۈن كەلدۇق . خاھى قوبۇل قىلىڭلار ، خاھى قوبۇل قىلماڭلار ئاڭلاپ باقساڭلار ، — دەپ ،ۋەقەنى باشتىن - ئاياغ بايان قىلدى . تۇرغانلار پادىشاھنىڭ مۇددىئاسىنى بىلىپ :

— قىزنىڭ ئاتىسى ئارىمىزدا يوق . بىز بېرىپ تېپىپ كېلەيلى . — دەپ چاقىرىشقا كىشى ئەۋەتتى . قىز ئاتىسى كېلىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ ، قىزنىڭ پىكرىنى ئالماقچى بولدى . ئاتىسى قىزنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ :

— ئى قىزىم ! مۆئتەمەر پادىشاھ ئەيىنيە ئىسىملىك بىر يىگىتكە سۆز سېلىپ كەپتۇ . ئۇنىڭغا نېمە دەيسەن ؟ — دەپ سورىدى . قىزنىڭ ئەيىنيە دېگەن ئىسمنى ئاڭلاپ چىرايلىرى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى . قىزنىڭ رازىلىقىنى كۆرۈپ قىزنىڭ ئاتىسى خاپا بولۇپ :

— ئى قىزىم ، سەن بولساڭ بىر گۆھەردۇرسەن ، سەندەك بىر گۆھەرنى ئەيىنيەدەك بىر ئەرزىمەس نەرسىگە قانداق بېرىمەن ؟ — دېدى .

قىز ئاتىسىنىڭ تەرسالىقىنى كۆرۈپ يالۋۇرۇپ :

— ئى ئاتا ، بەرمىسىڭىزمۇ سۆزلىمەك ، كەلگەن زېرەك ئەنسارى يىگىتى ياخشى نەسەبلىك كىشىلەردىن بولۇشى مۇمكىن . ئالدىراپ سۆزلەپ نەپرەتكە قالماڭ . لايىق كەلسە ئازار قىلماڭ ، « دىلئازار ، خۇدا

بىزار » دېگەن گەپ بار . ئەگەر بەك بەرگۈڭىز كەلمىسە تويلۇقنى ئېغىر سېلىۋەتسىڭىز كەتمەمدۇ ، ــ دەپ كۆپ سۆزلەر قىلدى . ئاتىسى پادى-شاھنىڭ قېشىغا چىقىپ : يۈز تۆگە ، ئىككى يۈز قارا مال ، بەش يۈز قوي تويلۇق سالدى ، پادىشاھ ساۋابلىق ئۈچۈن ھەممىنى بەردى . شۇنداق قىلىپ پادىشاھنىڭ ماڭغان يولى تەقدىرگە مۇۋاپىق چۈشۈپ ئاشىق مۇرادىغا يەتتى . «ياخشىدىن ئات قالىدۇ ، ياماندىن دات » دەپ مۆئتىمەر شاھنىڭ ياخشىلىقى مەشھۇر بولدى . « ياخشىنىڭ ئىزى قالىدۇ ، ياماننىڭ مېزى » ، « چوڭ دەرەخنىڭ سايىسى كەڭ يەرگە چۈشەر »دېگەن سۆز بار . « خۇدايىم بەرسە پەيغەمبەر غىڭ قىلالماپتۇ » دەپ . مالىك شاھ بەرسە . سەن ئىچىڭ يامانلىق قىلىپ توي خىراجىتى بەرمەي تۇرۇۋال-دىڭ . « ئىچى ياماندىن ئىت ياخشى » دېگەن تەمسىلنىڭ مىسالىغا لايىق ئىكەنسەن ، دېدى كورقۇش .

— ھەي ئەلچى قۇش ، — دېدى كاردان كورقۇشقا ، — ھېكايەڭ بەك تەسىرلىك ئىكەن ، « بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلمايدۇ ، بىر يامانلىق » ، مېنىڭمۇ « توي باھانىسىدە تون پۈتتۈرۈپتۇ» دەپ ، پايدا ئېلىش غەرىزىم يوق . سەن بىرىپ خەۋەر يەتكۈز ، ياپىلاق قۇش ئوغلىنىڭ تويىغا كې-رەكلىك نەرسىلەرنى خەزىنىدىن ئېلىپ ،ئوغلى كۆلانگىر سۇلتان بىلەن كۈنۈش بانۇنى مۇرادىغا يەتكۈزسۇن .دىن ئېلىپ ، بايقۇش نېمىدېگەن بولسا ، بەلكى ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق بەردى .

« يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام » دەپ . بايقۇش سۆزىدىن يېنىۋېلىشقا چارە تاپالماي ، نېمە ئامال ،( جانمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ ، لەۋزىمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ )، بەرمىسەم بەتنامغا قالىمەن ، دەپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزدى . قىز ـ يىگىت مۇرادىغا يېتىپ ، خۇشال ـ خۇرام ئۆتتى .

پۇقراپەرۋەر مالىك شاھنىڭمۇ سېخىيلىق نامى مەشھۇر بولۇپ ، مۆئتىمەر شاھتەك سېخىيلار قاتارىدا تىلغا ئېلىندى . « ئېغىز يېسە . يۈز ئۇيۇلىدۇ » دەپ ، بايقۇشمۇ ئاداۋەت قىلماي ، خۇشال ـ خۇرام قارشى ئېلىپ . باللىرى بىلەن ئوبدان ئۆتتى . « مىڭ قاغىغا بىر كېسەك » دەپ ، تويلۇق بىلەن ھەممىنىڭ ئاغزى ئېتىلىپ ، مۇنازىرە تاماملاندى .

# مۇھەددىس، مۇنەججىم ئوغرى ھېكايىسى

ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋەر يەتكۈزگۈچى شېرىن سۆزلۈك رىۋا-يەتچىلەرنىڭ ھېكايە قىلىشىچە، باغداد پادىشاھى ھارۇن رەشىد زامانىدا ئابدۇللا ئىسىملىك ئالىي مەرتىۋىلىك بىر ئالىم كىشى ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ، توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت بولغاندا بىر ئوغۇل پەرزەنت دۇنياغا كەلدى. بۇ بالا شۇنداق زېرەك تۇ-غۇلدىكى، تۇغۇلۇپلا ئەتراپقا كۆز تاشلاپ، ئادەملەرگە ۋە ئۆيىنىڭ تۆت ئەتراپىغا گويا بىر نېمىنى ياكى بىرەر كىشىنى ئىزدەۋاتقاندەك سەپسال-غىلى تۇردى. بۇنىڭدىن ئانىسى ۋە تۇغۇت ئانىسى ھەيران بولۇپ، يۈز بەرگەن بۇ ئىشنى بالىنىڭ دادىسى ئابدۇللاغا مەلۇم قىلدى. ئابدۇللا كې-رىپ كۆردىكى، پەرزەنتىنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل زېرەكلىك ئالامەت-لىرى چىقىپ تۇرۇپتۇ، ئابدۇللا شۇئان قۇرئاندازلارنى توپلاپ، پەرزەن-تىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن قۇرئە سالدۇردى. كاھىنلار ئىستىرلاپلىرىنى تاشلاپ كۆرۈپ:

— ئى ئابدۇللا، سېنىڭ ئوغلۇڭ ئىلىم - بىلىمدە سېنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىدىكەن. ئالەمدە ئۇنىڭغا تەڭداش چىقمايدى-كەن. ئۇ مۇنەججىم، شائىر، قانۇنشۇناس، ھاپىز كالام، مۇھەددىس، مۇتەكەللىم، مىسلىسىز ناتىق بولۇپ چىقىدىكەن ۋە يەنە شۇنداق بىر ئوغرى بولۇپ يېتىشىدىكەنكى، ئوغرىلارغىمۇ ئۆچ، مولىلارنىڭ ئە-مەلدارلىرىغىمۇ ئۆچ بولۇپ، ئوغرىلىقنى مال ئىگىسى بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلىشىپ قىلىدىكەن. مۇنازىرىدە يېڭەلىسە، ئالىدىكەن، يېڭىلىپ قالسا، ئۇنىڭ ھېچ نەرسىسنى ئالماي ياكى ئالغان نەرسىلەرنىمۇ قايتۇ-رۇپ بېرىپ ناماقۇل بولىدىكەن. ئىگىسى دەرقەمدە يوق بولسا، ئالتۇن

بولسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىكەن. قانۇن ۋە ھەدىستىن نەقىل ئېلىپ، مال ئىگىسىنى قايىل قىلىپ، مال ئىگىسىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن تاپشۇرغۇزىدىكەن. ئەمما، ئالغان ماللارنى ئاپىرىپ غېرىب - غۇرۋالارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىكەن. ئۇنىڭ نامى «مۇھەددىس ۋە مۇنەججىم ئوغرى» دەپ ئالەمگە مەشھۇر بولۇپ، قازى، ئەمەلدارلار ئۇنىڭ ئىسمى - زاتى تىلغا ئېلىنسا، بەزگەكتەك تىترەيدىكەن. پۇقرالار بولسا، ئۇنى كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ، پەيدا بولۇپ قېلىشىنى ئاللادىن تىلەيدىكەن، — دەپ. ئۇنىڭ كەلگۈسىدىن نۇرغۇن مەلۇماتلار بېرىپتۇ. ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ، ئابدۇللانى تەبرىكلىدى ۋە پەرزەنتىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن يۇقىرىقى ئالامەتلەرنى سەزدى.

ئابدۇللا ئوغلىنىڭ ئۆلىما بولۇپ چىقىدىغانلىقىدىن خۇرسەن بولدى، ئوغرى بولىدىغانلىقىدىن مەيۈسلەندى. پۇقراپەرۋەر بولىدىغانلىقىدىن سۆيۈندى. شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنىڭ خۇشال بولغانلىقىنى ياكى خاپا بولغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئاخىر ھەممە خىياللارنى تاشلاپ، پەرزەنتىنى پەرۋىش قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭغا ياخشى ئاي، ياخشى كۈنلەرنى تاللاپ زاھىر دەپ ئات قويدى. ئاندىن دايەلەرنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇردى.

زاھىر شۇنداق تېز چوڭ بولۇشقا باشلىدىكى، بىر ئايلىق بولغاندا بىر ياشلىق بالىنىڭ ھەرىكىتىنى قىلدى. بىر ياشلىق بولغاندا بەش ياشلىق بالىدەك ئىشلارنى قىلدى. بەش ياشلىق بولغاندا مەكتەپكە بەردى. ئۇ شۇنداق ئۆگىنەتتىكى، ئوقۇشتىن باشقا ئىش بىلەن شۇغۇللانمىدى. ئون ئىككى ياشقا تولغاندا ئۇنىڭغا دەرس بەرگۈدەك ھېچقانداق ئالىم چىقمىدى. مەدرىسەدىن قايتىپ چىقىپ، كىتاب مۇتالىئە قىلىش بىلەن ئۆتتى. ئون بەش ياشقا تولغاندا شۇنداق داڭلىق ئوغرى بولۇپ كەتتىكى، ئۇنىڭ ۋەھىمىسىدىن قازى، ئەمەلدارلار ئۆيىدىن چىقالمايدىغان، پۇقرالار ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىنى تىلەيدىغان بولدى. ئەمەلدارلار، قازى - مۇفتى دېگەنلەر ئوغرىدىن گەپتە يېڭىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز دېگەندەك كىتاب مۇتالىئە قىلىش بىلەن ئۆتەتتى. ئوغرىغا تاقا-

بىل تۇرۇش ئۇچۇن شەرىئەت، قانۇننى يادلاش بىلەن بولدى.

باغداد شەھىرىگە كەلسەك، بۇ ۋىلايەتنىڭ بىر قازىسى بار بولۇپ، ئۇ ناھايىتى تەقۋادار، پەرزكار، دىندار، ئۆزىنى پاك تۇتۇشقا تىرىشىدىغان كىشى ئىدى. ئادالەتچىلىك بابىدا قازىلار ئارىسىدا ئۇنىڭ يېگانىلىكى ئالەمگە مەشھۇر ئىدى. ئۇ كۈندۈزلىرى شەرىئەتنى ئىجرا قىلسا، كېچىسىنى كىتاب مۇتالىئە قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ھەدىس ئۆگىنەتتى. ھەدىستە نېمە گەپ ـ سۆز دېيىلگەن بولسا، دەرھال شۇنى ئىجرا قىلىشقا تىرىشاتتى.

## بېيىت

تاكى ئول بولدى قازى باغداد،
توققۇزى تەل، ئۆمرى ئۆتتى شاد.
پېقىرلەرگە ئادالەت ئىدى،
يوقسۇزلەرگە رەھىمدار ئىدى.
زاھىر ئىدى پەرىدۇن زامان،
مەقبۇل ئىدى قېرى ۋە جۇۋان.
ئېتى ئۇنىڭ بەشرۇ ۋە بەشىر،
بەزەن ـ بەزەن يازاتتى شېئىر.
كۈندۈز ئىجرا شەرئى قىلاتتى،
كېچىلىرى كىتاب كۆرەتتى.
ئۇيقۇنى ئۇ تەرك قىلغانتى،
قازىلىققا خەلق قىلغانىدى.
بىر كۈنى ئەل ئەرزىدىن قۇتۇلۇپ،
ئەرز يوق بەلكى قەرزدىن قۇتۇلۇپ،
ئەسىر ۋە شام، خۇپتەن ئوقۇدى،
ئاندىن كېيىن كىتاب ئوقۇدى.
قازى بېرىپ كىتابنى ئاچتى،
ئېچىپ مەزمۇن دورىنى ساچتى.

قاراپ سەھيپگە سالدى نەزەر ،
كۆزگە چېلىقتى ئۆشبۇ خەۋەر .

بىر كۈنى ئاخشىمى نامازدىن فارىغ بولۇپ كىتابنى قولىغا ئېلىپ ئېچىپ قارىغانىدى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ : « باغدا ۋە بوستانلاردا ناماز ئوقۇماقنى دوست تۇتارمەن » دېگەن ھەدىسى كۆزگە چېلىقتى . بۇ ھەدىس كۆڭلىگە يېقىپ ، « مەن ئەتىدىن باشلاپ مۇشۇ ھەدىس مەزمۇنى بويىچە ئىش كۆرۈپ ، نامازنى باغدا ئوقۇيمەن » دەپ ئويلاپ ، يەنە بىر ئاز كىتاب كۆرگەنىدى ، ئۇيقۇسى كەلدى . كۆڭلىدە : « كىتابنى يېپىپ قويۇپ بىر ئاز ئۇخلىۋالاي » دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا ، بىردىنلا كۆزى باشقا بىر قۇرغا چۈشتىكى ، ئۇنىڭدا : « ئەننەۋمۇ ئەخۇلمەۋقى » . يەنى « ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرىدۇر » دېيىلىپتۇ . قازى بۇ ھەدىسنى ئوقۇش بىلەن تەڭلا ، كۆزىدىن ئۇيقۇسى قاچتى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە : « ھەر قانداق نېمەرسە ئۆلۈم بىلەن باراۋەر بولىدىكەن ئۇنىڭدىن قاچماق ۋاجىپ » دەپ ، يەنە كىتاب كۆرۈشكە باشلىدى . كىتاب كۆرگەچ ئويلىدىكى : قازىنىڭ خوتۇنى بىر باغ ياساتقانىدى ، ئۇ باغ گويا بېھىشكە ئوخشايتتى . باغنىڭ ئىچى گۈلى رەيھان ، سۇنبۇل ، بىنەپشە ، رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن لىق تولغانىدى . خىلمۇخىل مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە سەرۋە ـ سەنۇبەرلەر ، شەمشاد ۋە چىنارلار باغنىڭ تۆت ئەتراپىنى كۆكەرتىپ ، يىلتىزلىرى يەتتە قات يەرگىچە بېخ تارتىپ ، شاخلىرى پەلەككە تەگلىشىپ تۇراتتى .

سەرۋە ـ سەنۇبەر لەيلىشىپ ،
نازلەر قىلىشى ئۆزگىچە .
گۈل ۋە رەيھانلار ئېچىلىپ ،
چاچقان پۇراقلار ئۆزگىچە .
مەي بولۇپ پىشقان يېمىشلەر ،
بەرگەن لەززەتلەر ئۆزگىچە .

نازىنىلەر كۆكسىدەك ،
ئالما ـ ئانارى ئۆزگىچە .
سۆسەن ، سۇنبۇلنىڭ سانى يوق ،
باغى ئېرەمدەك ئۆزگىچە .
سۇلىرى زۇمرەت كەبىدۇر ،
ئابى ھاياتتەك ئۆزگىچە .
گۇل قېتى يىرتىلسا تاڭدا ،
بۇلبۇل ساداسى ئۆزگىچە .

بۇ باغنىڭ تۆت ئەتراپىدىن ئېقىپ تۇرغان زۇمرەتتەك سۇلار ۋە پىشىپ تۇرغان خىلمۇخىل نازۇك مېۋىلەرنى تەرىپلەپ ھەزرىتى شەيخ سەئىدى مۇنداق يازغانىدى :

گۇلدىن كۆپ كېلۇر رەڭگارەڭلىرى ،
مېۋىسىدىن كۆپ ئۇنىڭ خىللىرى .
شاخلار سايەسى بېرەتتى ھۇزۇر ،
پەيزى سۇرەتتى ئاشىق دىللىرى .

ئۇ باغ باغداد شەھىرىنىڭ سىرتىدا ئىدى كۆپ زامانلاردىن بۇيان قازى بۇ باغقا بارمىغانىدى . بۇ كېچە قازى : « ئەتە بولسا كۈنگە جۇمەدۇر ، تاڭ سۇبھى بىلەن باغقا بېرىپ نامازنى شۇ يەردە ئوقۇپ كەلسەم ، بۇ ھەم تاماشا ، ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى بەجا كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ » دېگەنلەرنى ئويلىدى ، ئۇنىڭ بەختىيار ئىسىملىك بىر خىزمەتكارى بار ئىدى ، ئۇنى چاقىرىپ :
— ئى بەختىيار ، تاڭ سۇبھى ۋاقتى بىلەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ، قېچىرىمنى ئېگەرلەپ سارايىنىڭ ئىشىكىگە كەلتۈرگىن ، بامدات نامىزىنى باغدا ئوقۇيمەن ، — دېدى . خىزمەتكار :
— باش ئۇستىگە ، — دەپ قول باغلاپ تۇردى ، قازى خىزمەت-

كارغا قاتتىق پوپوزا قىلىپ تاپىلاپ بولغاندىن كېيىن ياندى. خىزمەتكار ھەم ياتاقخانىسىغا قايتتى. قازى ئۆيىگە كىرىپ راھەت تۆشىكىدە ناز ئۇيقۇسىغا مەشغۇل بولدى، ئەمما خىزمەتكار بولسا، قازىنىڭ دېگەن سۆزلىرىدىن تىترەتمە كېسەلدەك لەرزىگە كېلىپ، «ئۇخلاپ قالسام خوجايىنىنىڭ جازاسىدىن قانداق قۇتۇلارمەن؟» دەپ ئويلاپ، قورقۇنچتىن ئۇخلىيالمىدى. شۇنداق قىلىپ، تۈنىنىڭ تۆت ھەسسىسىدىن بىر ھەسسىسى ئۆتتى، ئۇ تاڭ ئېتىشقا قانچىلىك ۋاقىت قالغانلىقى بىلەن ھېسابلاشمايلا ئورنىدىن قوپۇپ بېرىپ قېچىرنى ئېگەرلەپ سارايىنىڭ ئىشىكىگە ئاپىرىپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:

— ۋاي خوجايىن تۇرسىلا! قېچىرنى ئېگەرلەپ سارايىنىڭ ئىشىكىگە كەلتۈردۈم! — دەپ چاقىردى.

قازى خىزمەتكارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ تالاغا چىقىپ، تاڭ ئېتىشقا قانچىلىك ۋاقىت قالغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ ئاسمانغا قارىغانىدى، بۇ كېچە ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ، ئاينىڭ ئايدىڭى ئالەمنى تاڭ ئاتقاندەك يورۇتۇپ تۇراتتى. قازى: «تاڭ سۈبھى بولۇپتۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئۇچىسىغا چەكمىنىنى كىيدى، بېشىغا ئاتمىش گەزلىك دەستىرىنى يۆگىدى. پۇتىغا مەسىسىنى كىيىپ، رىداسىنى يېپىنچاقلىدى، ئاندىن كېيىن قېچىرغا مىنىپ باغ تەرەپكە راۋان بولدى.

شۇنداق قىلىپ، قازى باغداد شەھىرىدىن چىقىپ، باغقا بارىدىغان يولغا كىرىپ ماڭدى، باغ يولىنىڭ ئۈستىدە بىر كونا گۆرىستانلىق بار ئىدى، قازى بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئۇ گۆرىستانلىققا يەتتى.

بۇ كېچىسى مۇنەججىم ئوغرى كىتاب مۇتالىئە قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئاتىسى ئابدۇللانىڭ يازغان بىر كىتابىنى قولىغا ئالدى. ئۇنى ئەسلىدى، بىردىنلا ئۇنى غېرىبلىق تۇتتى ـ دە، «ئاتا ـ ئانام شۇنداق ئارزۇلاپ باقتى، ئوقۇتتى، تۈگىمەس بىلىمگە ئىگە قىلىپ ماڭدىغان يولۇمنى ئىلىم چىرىغى بىلەن يورۇتۇپ بەردى. بۈگۈن كېچە تۇپراق بېشىغا بېرىپ، ئاتا ـ ئانام ۋە ئەجدادلىرىمنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ تۈنەپ كېلەي» دەپ گۆرىستانلىققا كەلگەنىدى. بىردىنلا، ئوغرى

كۆردىكى . قازى ئۆزى يالغۇز ھەمراھسىز ، قېچىرىغا مىنىپ ، تون - پە-
رىجىسىنى يېپىنچاقلاپ خاتىرجەم ھالدا تەسۋى سىيرىپ كېلىۋېتىپتۇ .
ئوغرى ئاستا كېلىپ ، بىردىنلا ئالدىغا سەكرەپ چىقىپ قىلىچ تارتىپ ،
قازىنىڭ يولىنى توستى ۋە ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن :

— ئى قازى ئۆز جايىڭدا توختىغىن ! — دېدى .

قازى كۆردىكى ، ئوغرى قىلىچىنى يالىڭاچلاپ تۇرۇپتۇ ، ئۇنى
كۆرگەن قازى مەجنۇنتالنىڭ شاخلىرىدەك تىترەپ تۇرۇپ :

— سەن كىمدۇرسەن ؟ — دەپ سورىدى . ئوغرى
جاۋاب بېرىپ :

— مەن ئوغرى ، — دېدى . قازى ئېيتتىكى :

— ئى يىگىت ، ئوغرىلىق قىلغىلى خۇدادىن قورقمامسەن ؟

— ئەگەر خۇدادىن قورقمسام ئىدى ، ئۇ چاغدا ساڭا ئاۋاز چە-
قىرىشىنىڭ ئورنىغا قىلىچ بىلەن گەدىنىڭگە چاپقان بولار ئىدىم ، —
دېدى يىگىت . ئاندىن : — ئى قازى ، كىيىم - كېچەكلىرىڭ بىلەن قې-
چىرىڭغا تۇرامسەن ياكى ئۆلۈمگىمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

قازى ئوغرىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئەقىل قۇشى بېشىدىن
ئۇچۇپ :

— ئى ھاياسىز ! مېنىڭ يۈزۈمگە بۇنداق سۆزلەرنى سۆزلەشكە
ئۇيالمامسەن ؟ مەن بولسام مۇسۇلمانلارنىڭ قازىسىدۇرمەن ، — دېدى .

— سەنمۇ بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىشقا ئۇيالمامسەن ؟ — دېدى
ئوغرى ، — مەن ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ئوغرىسىدۇرمەن . نەچچە ۋاقىتتىن
بۇيان سەندەك ئولجىنى ئىزدەپ يۈرگەنىدىم . ھەقتائالا ساڭا ئىنساپ بې-
رىپ ھەممە نەرسە - كېرەكلىرىڭ بىلەن قېچىرىڭنى ماڭا نېسىپ قىلدى ،
— ئى قازى ، تېز بولغىن . قېچىردىن يەرگە چۈشۈپ يالىڭاچلان !
ئەمدى ھەممە نەرسەڭ مېنىڭ بولدى .

قازى :

— خۇدايا ، سەن ئۆزۈڭ بەندىلىرىڭنىڭ ھالىدىن ئاگاھدۇر-
سەن ، نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىم ؟ ئوغرى قولىغا گىرىپتار

قىلدىڭ ! — دەپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى .

**بېيىت**

كەتتى قولۇمدىن بۇ ئىختىيارىم ،
بولغاي سېنى دەپ كى بەختىيارىم .
يارنىڭ يېنىغا يەتمەي بۇ بەختىم ،
ئوغرىغا ئۇلجا بولدى روزىگارىم .

ئوغرى :

— بۇ نەبالادۇركى تېزراق مۇرادىمغا يەتكىلى قويماس ، — دېدى .

— ئالدىرىماي تۇرغىن ، — دېدى قازى ، — ساڭا بىر سۆزۈم بار .

— تېز بول ! — ھەر سۆزۈڭ بولسا دېگىن . لېكىن دەرھال يالىڭاچلىنىپ نەرسە - كېرەكلىرىڭنى تاپشۇرۇشۇڭ كېرەك ، — دېدى ئوغرى .

— ئى يىگىت ، — دەپ سوئال قويدى قازى ، — ئەگەر ئوغرىلىق قىلمىساڭ جان باقالماسەن ؟

ئوغرى دېدىكى :

— ھەي ئەخمەق ، بۇ ئايەتنى ئوقۇمىغانمىدىڭ ، خۇدانىڭ كالامىدا دەپتۇركى : « نەھنۇ - قەسەمنا — بەينەھۇم — مەئى شەتەھۇم » ، يەنى ھەر بەندىنىڭ كەسىپ قىلمىقى ، ھۈنەر قىلمىقى تۇغرىسىدىن رەۋزە سېنى قىممەت قىلدۇق ، دېگەن . مېنىڭ قىممىتىم بولسا ، سېنى قېچىردىن چۈشۈرمەكتۇر . تېز بولغىن ، دەرھال يالىڭاچلان ، مەنمۇ سالامەت ئۆز ئىشىمغا بېرىۋالاي .

قازى ئوغرىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، ئوغرىغا :

— ئى ئوغرى ، مېنى قويۇۋەت . ۋاقتىدا ئۆز ئىشىمغا يېتىپ بېرىپ ، خۇداغا بەندىچىلىك قىلىپ ئىبادىتىم بىلەن شۇغۇللىناي ، —

دېدى.

— ئى قازى، — دېدى ئوغرى، — سەندىن تېخى مۇرادىم ھاسىل بولمىدى. مەقسىتىمگە يەتمەي تۇرۇپلا سېنى قانداقمۇ قويۇۋېتەلەيمەن؟ ئۇنداق قىلسام ئۆز قىممىتىمنى ئۆزۈم چۈشۈرگەن بولمايمەنمۇ؟

— ئى يىگىت، ئۇيالغىن، نامەردلىك قىلمىغىن. سەن بىلمەيدىكەنسەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئەلھەيائۇ — شۇ ئەبتۇن — مىنەلئىمان»، يەنى ھەر كىشىنىڭ شەرمى - ھاياسى بولمىسا، ئىمانى بولماس، دېگەنىدى، — دېدى قازى.

ئوغرى يەنە بۇيرۇق بېرىپ:

— نامەرد دېگەن سەن. تېز يالىڭاچلان، ئىشنى كېچىكتۈرۈپ تۇرۇۋېلىشقا مەندىن ئۇيالمامسەن. ئى ھەزرىتى قازى شۇنىمۇ بىلىپ قالغىنكى، سەن دېگەندەك پەيغەمبىرىمىز بۇيرۇپ: «ئەلھەيائۇ - مانە ئىر - رزق»، يەنى ئۇيالماق، رىزقىنى يوق قىلغۇچىدۇر، دېگەن. ئەمدى سۆزنى ئۇزارتماي تېز بول، — دەپ ئالدىراتتى.

قازى يەنە سۆز باشلاپ:

— ئى يىگىت، خۇدايى تەبارەك ۋەتەئالى بۇيرۇپتۇركى، «ۋەسسارىقەتۇ - فەفتەئۇ - ئەيدە - يەھۇما» يەنى، ھەر قاچان ئوغرىغا ئۇچرىساڭلار قوللىرىنى كەسكەيسىلەر، دېگەن. ئوغرىلىق قىلماق ھارامدۇر، — دەپ، ئوغرىنى تەسىرلەندۈرمەكچى بولدى. ئەمما ئوغرى دېدىكى:

— ئەي قازى، قولۇڭدىن كەلسە قوللىرىمنى كېسىۋەت. مەنمۇ ھەدىس شېرىفتە كۆردۈمكى: «ئەگەر كىشى ئاچلىقتىن ئۆلۈم دەرىجىسىگە يەتكەن بولسا، ھارام نەرسىدىن بىر ئاز يېسە زەرىرى يوقتۇر» دەپتۇ. سېنىڭ ماللىرىڭ ھەم ئىشەك گۆشىدىن كەم ئەمەس.

— قاچانغىچە مەن ساڭا ۋەز ئېيتىپ، ئۇنىڭغا قارىتا سېنىڭ جاۋابىڭنى ئاڭلاپ تۇرىمەن؟ — دېدى قازى.

— ئى قازى، — دېدى ئوغرى، — كېچىدە يول يۈرگەندە

ئەلۋەتتە ئېھتىيات قىلىشىڭ لازىم ئىدى ، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قاراڭغۇ تۈندە ئۆيدىن چىقتىڭ ؟ ئەمدى بۇ ماللىرىڭنىڭ ھەممىسى ماڭا تەئەللۇق بولۇشى كېرەك . ئى ھەزرىتى قازى ، سېنى قويۇۋېتىپ ساق ـ سالامەت قايتۇرغۇم يوق .

### بېيت

بولدۇڭ ماڭا ئۇشبۇدەم گىرىپتار ،
مۇنداق قارا تۈن ئارا ئايازار .
گەر قۇتۇلماقچى بولساڭ قولۇمدىن ،
بەر قېچىر بىلەن جامە ۋە دەستار .

قازى :

— ئى يىگىت ، كېچىنى سۇبھى خىيال قىلىپ ئۆيدىن چىقىپ قاپتىمەن . تېخى يېرىم كېچە ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن . — دەپ ، ئۆزرە ئېيتتى . ئوغرى دېدىكى :

— ئى قازى ، سەن ئىلمى نۇجۇمدىن خەۋەرسىز ئىكەنسەن ، يەتتە يۇلتۇز ، ئون ئىككى بۇرج ۋە يىگىرمە توققۇز دەرىجە ، ھەم ئاي مەنزىللىرى ، يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇنلاشقان جايلىرىنى بىلگەن بولساڭ ، ئۆ-يـۈڭدىن ۋاقىتسىز چىقىپ بۇنداق بالاغا قالمىغان بولاتتىڭ . بۇ كۆرگۈ-لۈكلەرنىڭ ھەممىسى — مەنسەپكە بېرىلىپ بىلىم ئۆگەنمىگەنلىكتىن بولدى . ئەمدى گەپنى سوزماي تېز يالىڭاچلىنىپ ساق ـ سالامەت ئۆ-يۈڭگە كەتكىن .

قازى سورىدى :

— ئى بـۇرادەر ئەزىز ، سەن دېگەندەك مەن ھەم مۇنەججىمدۇر-مەن . بىلەمسەنكى ، مېنىڭ بەخت ـ تەلىيىم قەيەردىدۇر ؟

— ھەي قازى ، بېشىڭدا مۇشۇنداق خەتەرلىك ئىشلار تۇرۇقلۇق يەنە بەخت ـ تەلەيدىن گەپ ئاچامسەن ؟ بىلىپ قويغىنىكى ، قەمەر بۇرج ئەقرەبتەدۇر ، ئىككى دەرىجىدە ، ئوتتۇز دەقىقە ۋە يەتتە سانىيە بىلەن

مىرىخ تۆتىنچى دەرىجىگە كەلگەندە ئوغرىلىق ۋە قاراقچىلىق قىلماق ياخشىدۇر . لېكىن قازىغا ئۆيدىن چىقماقلىق لايىق ئەمەس . ئەمدى تېز بولغىن . قېچىردىن چۇشۇپ كىيىم ـ كېچەكلىرىڭنى سېلىپ ماڭا تاپ ـ شۇرۇپ بېرىپ ، ساق ـ سالامەت خالىغان يېرىڭگە كەتكىن .

— ئى مەرد يىگىت ، — دېدى قازى ، — مېنى قويۇۋەتكىن . مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە ئەمەل قىلىپ ، بېغىمغا بې ـ رىپ ناماز ئوقۇۋالاي . چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلى ـ رىدە : « دوست تۇتقايمەن باغلاردا ، بوستانلاردا ناماز ئوقۇماقنى » دەپتۇ ، — دەپ ئىلتىجا قىلدى . ئوغرى :

— بۇ ھەدىسكىغۇ ئەمەل قىلىدىكەنسەن ، نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ : « ئاۋۋال ھەمراھنى تېپىپ ، ئاندىن يول يۈرمەك كېرەك » دېگەن ھەدىسگە ئەمەل قىلمىدىڭ ؟ ئەگەر بىرەر خىزمەتكا ـ رىڭ بىرگە بولغان بولسا ، ياكى بىر بۆلۈك ھەمراھلىرىڭ بولسا ئىدى . ئۇ چاغدا مەن ساڭا ھەرگىز تەگ كېلەلمەيتتىم . سەنمۇ ماڭا گىرىپتار بولۇپ بۇنىڭدەك ئاۋارىچىلىككە قالمىغان بولاتتىڭ . بۇنىڭ ھەممىسى ئە ـ لىم تەھسىل قىلغاندا ئۆز مەنپەئىتىڭنى كۆزلەپ ، ئۆزۈڭگە پايدىلىق تە ـ رەپنى يادلاپ ، پايدىسىز دېگەنلىرىڭنى ئۆگەنمىگەنلىكىڭدىندۇر ، — دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى .

ساڭا ئېيتاي بۇ سۆزنى بولغىن ھوشيار ،
قەدەم قويما سەپەرگە بولمىسا يار .
ھەر كىشىكى بىلمىسە بۇ جەھەتنى ،
ئول كىشىگە ھەر قاچان گۆرگۈلۈك بار .

قازى بىر ئاھ تارتىپ : « ئى دەرىخ ، بەختىيارنى ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ كەلگەن بولسام بولماسمىدى » دەپ ئويلاپ تۇراتتى ، ئوغرى ئالدىرىتىپ :

— تېز يالىڭاچلان . نەرسىلەرنى تاپشۇر ، — دېگىلى تۇردى .

— ئى يىگىت ، — دېدى قازى ھەدىستىن سۆز ئېچىپ ، — پەي ـ

غەمبەر ئەلەيھىسسالام : مۇسۇلمان ئول كىشىدۇركى ، ئۇنىڭ قولى ۋە تىلىدىن مۇسۇلمانلار راھەت ۋە پاراغەتتە بولسا ، دېگەن . سەن مېنى خۇدايىتائالا ئىبادىتىگە بارغىلى قويمىدىڭ . سېنى قانداقمۇ مۇسۇلمان دېگىلى بولسۇن .
ئوغرى قازىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ ، مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

### بېيىت

ماڭا ئېيتقىن بۇگۈن قازى سېنىڭدەك قايدا بولغايكىم ،
زاكاتۇ ۋەقفى ئالماقنى ئۆزىگە جايىز بىلگەيكىم .
يېگەندە پارىنى سەن ھەقنى ناھەق قىلغىنىڭدىن بىل ،
ئەگەر باغداد ۋەيران بولماس ، سېنىڭدەكلەر يوقالغايكىم .

ئى قازى ، مەن ئەلۋەتتە مۇسۇلماندۇرمەن . قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئاساسەن ئىش قىلىمەن . لېكىن مەن ئۆيلەنمەكچى ئىدىم . بىراق ، قولۇمدا بىر تەڭگىمۇ يوق . ئۆيۈمدە ھەم ساتقۇدەك بىرەر نەرسە يوق . خوتۇن ئالسام ئۇنىڭغا مېھرى ھەققى تەلەپ قىلىدۇ . ئىلاجسىز بولۇپ بۇگۈن كېچە رەببانىغە پاناھ كەلتۈردۈم . كالامۇللا ئېچىپ پال سالسام ، بۇ ئايەت چىقتى : « كىشىگە تىرىشمىسا ھېچ نەرسە مۇيەسسەر بولماس . ئەگەر تىرىشسا مەۋجۇت بولۇر . »

### بېيىت

يەتمەك بولساڭ مۇرادىڭغا ،
ئاللا بېرۇر ئۈمىد ئۈزمە .
ئالدانمىغىن رەقىبىڭگە ،
ئولجاڭنى ئال ، سۈلھى تۈزمە .

دۇنيا ئىشلىرىغا سەۋەب قىلماق لازىم . بۇگۈن مەن « مەشارىقىل ـ ئەنۋار » دېگەن كىتابنى ئاچسام ، ماڭا پايدىلىق ئىشلار چىقتى . بۇل-

تۇزلارغا قارىسام ، مىرىخ تۆتىنچى دەرىجىدە ، مۇشتىرى قەمەر بىلەن ئەقرەب مەنزىلىدە تۇرۇپتۇ . بۇ ئوغرىلىق ، قاراقچىلىق قىلىشىنىڭ مۇبارەك ۋاقتى ئىكەنلىكىنى بىلدۇرىدۇ . شۇڭا ، دەرھال ياراغ – ئەسلىھەلەرىمنى تېپىپ ، ئوغرىلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقتىم ۋە ئون بەش تاش ئېتىم يول يۈرۈپ بۇ يەرگە كەلدىم . يەنە شۇنچە يول يۈرسەم ئاندىن ئۆيۈمگە بارالايمەن . تولا گەپ يورغىلاتماي ، تېزراق نەرسە – كېرەكلىرىڭنى تاپشۇرۇپ ، ئۆيۈڭگە ساق – سالامەت كېتىۋال ، دېدى .

— سەن دىۋىمۇ ؟ مېنى بۇ قەدەر رەنجىتەمسەن ؟ — دەپ سورىدى قازى .

— ھەي قازى ، — دېدى ئوغرى ، — مەن دىۋە بولسام سەن كاپىرمۇ ؟ ئاللاتائالا كالام مەجىدىدە : « ئىننا – ئەرسەلنا – شىشەياتىنە — ئەلالكافىرىن » (دىۋىلەرنى كاپىرلارغا ئەۋەتتىم ) دېگەن . ئى قازى ، تەفسىردە كۆردۈمكى ، شورلۇق يەر ئۆزىنىڭ ئاجىز ۋە بىچارىلىكەدىن ياراتقۇچىنىڭ دەرگاھىغا شىكايەت قىلىپ دەپتۇكى : پەرۋەردىگار ئالەم ، ئى ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى ، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا پۈتۈن ئاچچىقلىق شورلۇقنى يارىتىپسەن . تۇزلۇق چاڭ – توزانلارنى مېنىڭ يۈزۈمدە يارىتىپسەن . شۇڭا ھېچقانداق مەخلۇقات مېنىڭ يېنىمغا يولىمايدۇ ۋە يېقىنلىق قىلمايدۇ . ھېچقانداق گىياھ مېنىڭ يۈزۈمدە كۆكەرمەيدۇ . ئۆزۈمدىنمۇ ئۆزۈم بەھرە ئالالمايمەن ، باشقىلارمۇ مەندىن پايدىلىنالمايدۇ .

خۇدادىن شۇئان خىتاب يەتتىكى : « ئى شور زېمىن ، بۇ نېمە شىكايەتنى ئېيتىۋاتىسەن ۋە نېمە ھېكايىنى بايان قىلىۋاتىسەن ؟ سەن شۈكۈر قىلىشىڭ ۋاجىپتۇر، سېنى شۇنداق ياراتتىمكى ، سېنىڭ ئۈستۈڭگە قازىلارنى ئۆي – تۇرالغۇ سېلىۋالمىسۇن ، دېدىم . ئەگەر شورلۇق ياراتمىغان بولسام ئۈستۈڭگە قازىلار دەسسەپ يۈرەر ئىدى ، ئۇلارنىڭ شۇملۇقىدىن ئازاب – ئوقۇبەتكە قالغان بولار ئىدىڭ . » بۇ خىتاب شور زېمىننىڭ قۇلىقىغا يەتتى . شور زېمىن دەرھال تەسبىھ – ئاپىرىن ئوقۇپ : « خۇدايا ، سېنىڭ مېنى شورلۇق قىلىپ ياراتقىنىڭغا مىڭ رازى بولدۇم » دەپ رازىلىق بىلدۈردى . ئى قازى ، سېنىڭ ھالىڭ شۇنچىلىك . ئەمدى

گەپ يورغىلاتماي تېز يالىڭاچلان . سەن مېنى « دىۋە » دەپ دىۋىگە تـەئەللۇق قىلماقچى بولدۇڭ . سۆزلىرىڭ بىر ئاز ھەددىدىن ئاشقىلى تۇردى .

— ئى ھاياسىز ، يولۇمنى بوشات ! — دېدى قازى .

— ئى قازى ، — دېدى ئوغرى ، — سەن مېنى ھاياسىز دېدىڭ . مەن سېنى نېمـە دەيدىغانلىقىمنى ئـاڭـلاپ قـوي ، — دەپ بـۇ بېيىتنى ئـوقـۇدى .

**بېيىت**

سەن ئىپلاس بولۇپسەن قازى باغداد ،
جەبىر - زۇلۇمۇڭدىن ئەل دېگەيلەر داد .
يەر يۈزىدىن سەن تېزراق يوقالغىن ،
ئېزىلگەن خەلق بولغايلار ئازاد .

ئى قـازى ، ئەمدى تېزراق بولغىن . تاڭ ئاتقۇچە يولۇمغا مېـ ڭىۋالاي ، دەپ ئالدىراتتى . قازى يەنە ھەدىستىن سۆز ئېچىپ :

— ئى مـەرد يىگىت ، ماڭا ھۆرمەتسىزلىك قىلما . بۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلغىنكى : پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام « ئەلئۆلىما ئۇ - ۋەرەسەتۇل - ئەنبىيا » ( ئۆلىما - ئەنبىيالار پەيغەمبەرلەر مىراسخورلىرىدۇر ) دېگەن . سەن ماڭا ھۆرمەت قىلىشىڭ لازىم ، — دېدى . ئوغرى دېدىكى :

— ئەي قازى ، قازىلاردا ئۆلىمالىقمۇ يوق ، ئەنبىيا - ئەۋلىيالىقمۇ ئۇنىڭدا نېمە ئىش قىلسۇن ؟ سەن يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ نىشانى ئەمەس . قازىلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدامچىلىق بولسىلا يېتەرلىك . يۇقىـ رىغا ئۆرلەشمۇ ، تۆۋەننى ئىدارە قىلىشمۇ ئالداپ قايىل قىلىشتىن قولغا كېلىدۇ . سېنىڭ ئۆزۈڭنى ئەنبىيا دەپ ئاتىغانلىقىڭ قىمارۋاز يىگىتنىڭ ھېكايىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ . مېنىڭ ئالدىمدا بۇنىڭدەك سۆزلەرنى قىـ لىشقا ئۇيالغىن .

— ئـى يىگـىت ، قىمـارۋاز يىگـىتنىڭ ھـېكايىسـى قـانـداق

بولغانىكەن ؟ ـــ دەپ سورىدى قازى .
ئوغرى ھېكايىسىنى باشلىدى :

## قىمارۋاز يىگىت ھېكايىسى

رىۋايەتچىلەرنىڭ ھېكايە قىلىشىچە ، ھىرات شەھىرىدە سەئىد ئە-سىملىك بىر قىمارۋاز يىگىت ئۆتكەنىكەن . ئۇ كىچىكىدىنلا يامان يولغا كىرىپ ، ياخشى گەپنى ئاڭلىسا ، بېشى ئاغرىيدىغان ، يامان قىلىقنى كۆرسە ، گۇلدەك ئېچىلىپ كېتىدىغان ، ئۆزىنىڭ قىلمىشىدىن دېگىنىدە چىڭ تۇرۇپ ، نەسىھەتنى ئاڭلىمايدىغان ئاتا بىزار ـ ئانا بىزاردىن ئە-كەن . تاپقان پۇلىغا قىمار ئويناپ ، ئاتىسىنىڭ بار ـ يوقىنى قىمارغا تۇ-تۇپ بېرىپتۇ . ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ دەردىدە ۋەيران بولۇپ ، ئاچ ـ توق ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇ قىمارۋازلارغا قەرزدار بولۇپ ، تۇرغۇدەك ھالى قالماپتۇ . ئۆيىدە بىر خۇرجۇن ، يەنە بىر ماتا بار ئىكەن . ماتانى ئېلىپ خۇرجۇنغا سېلىپ ئۆشنىسىگە ئارتىپ ، يىراق بىر شەھەرگە كەت-مەك بولۇپ ئۆيىدىن چىقىپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ باشقا بىر ۋىلايەتنىڭ دائىرىسىگە يېتىپ بېرىپ ، « ئەمدىغۇ قەرزدىن قۇتۇلغاندىمەن » دەپ كۆڭلى تىنىغاندەك بولۇپتۇ ، ئەمما يېنىدا ھېچنېمىسى يوق ئىكەن ، كې-چىسى قونۇشنىڭ ئامالى بولماپتۇ . ئاخىر شەھەردىن چىقىپ بىر مەھەل-لىنىڭ چېتىغا بارسا ، بىر دۆڭلۈك بار ئىكەن . « بۇگۈن كېچە مۇشۇ جاينى ماكان قىلاي » دەپ ئويلاپ بىردەم ياتسا ، دۆڭ بويىدىكى ئېتىز-نىڭ قىرىدا ئادەمدەك قاپقارا بىر نەرسە كۆرۈنۈپتۇ . بېرىپ قارىسا ، دېھ-قان بۇغدايلىرىنى سۆرىتىپ بولۇپ تاشلاپ قويغان سۆرەم ئىكەن . قى-مارۋاز شۇئان بىر ئەقىل تاپقاندەك بولۇپتۇ . سۆرەمنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقى-لىقى ، چوڭ ـ كىچىكلىكى ، ئېغىر ـ يېنىكلىكى ئادەمدەكلا بار ئىكەن . خۇرجۇندىكى ماتانى ئېلىپ سۆرەمگە كەلتۈرۈپ كېپەنلىك تىكىپ ئۇنى ئوبدان كېپەنلەپ ، قومنى كولاپ كۆمۈپتۇ . بۇ چاغدا بىر تەرەپتىن مە-زىنىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ . قىمارۋاز كۆمگەن يەرنىڭ ئۈستىنى تۈرەش-

تۇرۇپ قويۇپ ، ئەزاننىڭ ئاۋازى كەلگەن تەرەپكە بېرىپ قارىسا ، بىر خانىقا بار ئىكەن . ئۇنىڭغا كىرىپ جامائەت بىلەن نامازغا تۇرۇپتۇ . ئەمما ناماز تۈگىگۈچە ئالدىغا دۈگجۈيۈپ ، يەنە ئىزىغا كېلىپ ، زادىلا جىم تۇرماپتۇ . نامازدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن يېنىدا تۇرغانلارنىڭ غەزىپى كېلىپ :

— ھەي يىگىت ، نامازنىڭ تەرتىپىنى بۇزۇپ نېمە دۈگجۈيۈپلا يۈرۈيسەن ؟ — دەپتۇ . قىمارۋاز دەپتۇكى :

— ھەي جامائەت ، سىلەرنىڭ مەھەللىدە بىر شېھىت بار ئىكەن ، سىلەر ئۇنىڭغا دۇئا — تەكبىر قىلماي تاشلاۋېتىپسىلەر . ئۇ سىلەرگە مەدەت بەرمەكچىكەن ، ئەمما سىلەر ئۇنى بىلمەپسىلەر . مەن نامازغا تۇرغاندا ئۇنىڭ روھىناتلىرى كېلىپ مەندىن دۇئا تەلەپ قىلىپ يېنىمغا تارتتى ، مەن ناماز تۈگىسۇن ، دېدىم . شۇ سەۋەبتىن جىم تۇرالمىدىم . ئۇ يەنە ، بۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرى ئىنساپسىز ، نەزىر — نىياز بەرمەيدۇ ، شۇ سەۋەبتىن بالا — قازادىن خالىي ئەمەس دېدى ، — دەپتۇ . جامائەت بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ سوراپتۇ :

— ۋاي قارىم شېھىتنىڭ ئورنى نەدىكەن ؟

— كۇنچىقىشتىكى بىر دۆڭنىڭ تۈۋىدە .

— تاپقىلى بولامدۇ ؟

— تاپقىلى بولىدۇ .

— بىزگە كۆرسىتىپ بېرەمدىلا ؟

— كۆرسىتىپ بېرىمەن ، ئەمما نەزىر بېرىشىڭلار كېرەك ، — دەپتۇ . جامائەت يانلىرىدا 'بار پۇللىرىنى چىقىرىپ دۇئا ئاپتۇ . ئاندىن كېيىن قىمارۋاز ھېلىقى دۆڭنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ، ئۇيەر — بۇيەرنى كولىغان بولۇپ :

— ھەي جامائەت ، شېھىت نەزىر تىلەۋاتىدۇ ، ئۆي — ئۆيدىن چىقىپ زاراخەتمە ئۆتكۈزۈڭلار ، ھەممىڭلار قايتىڭلار ، بۇ يەردە قان قىلغىلى قوي سويۇشقا ئىككى ئادەم قالسۇن ، — دەپتۇ . نادان خەلق ئۇنىڭ دېگىنىچە قىپتۇ .

ئىككى ئادەم قوينى سويۇپتۇ. قىمارۋاز گۆش بىلەن قورسىقنى راسا تويغۇزۇپتۇ. ئاندىن:

— ئەمدى بىرىڭلار قېلىپ، بىرىڭلار قايتىڭلار. شېھىت ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. كۆندۈزى كۆن كۆرسە بولمايدىكەن، كېچىسى يۆتكەيدىكەنمىز، — دەپ بىر ئادەمنى ئېلىپ قېلىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە بۇ ئادەمگە كولىتىپتۇ. ئۇ ئادەم بىردەم كولىغانىكەن، ياغاچتەك قېتىپ كەتكەن، كېپەنلىرى چىرىمەي شۇ پېتى تۇرغان بىر نەرسە چىقىپتۇ.

— شېھىت مانا تېپىلدى، — دەپ كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا ئاپىرىپ، جامائەت بىلەن نامىزىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ، يېڭى كولانغان گۆرگە دەپنە قىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ھەممە ئادەم ئۇنى ئەنبىيا بىلىپ، خانىقاغا خاتىپ قىپتۇ. شۇندىن باشلاپ ھەممە ئادەم ئۇنى ئۇلۇغ بىلىپ تاپقانلىرىنى ئۇنىڭغا «دۇئا» قىلدۇرۇپ، پات پۇرسەتتە بېيىتىۋېتىپتۇ.

ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپ، بىر كۈنى سەئىد ئۆز يۇرتىنى ئەسلەپ، مال - دۇنيالىرىنى ئېلىپ بىر كېچىدە يۇرتىغا قاراپ يولغا راۋان بوپتۇ. يۇرتىغا بېرىپ پۈتۈن قەرزلىرىنى تۆلەپ تۈگىتىپ، پۇللىرى يەنە شۇنداق ئېشىپ قاپتۇ. سەئىدنىڭ بېيىپ كەتكەنلىكىدىن ھەيران بولغان رەشىد ئىسىملىك بىر قىمارۋاز ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ:

— ۋاي ئاداش، قەرزگە بوغۇلۇپ باش كۆتۈرگۈچىلىكىم قالمىدى. سىلە قېچىپ كېتىپ، بەك بېيىپ كەپسىلەر. ماڭىمۇ بىرەر يول كۆرسەتسەڭلار، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ سەئىد، — سەنمۇ مەن بارغان يۇرتقا بارغىن، ئۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى نادان، ئەخمەق كېلىدۇ، مازارنى ئەتىۋارلايدۇ. تىرىكتىن ئۆلۈكنى چوڭ بىلىدۇ. ئۆز ئىچىدىن چىققانلارنى كۆرەلمەيدۇ، يىراقتىن كەلسە، ئەتىۋارلايدۇ. ئىمانى سۇس، يالغانغا ئىشىنىدۇ. بىر - بىرلىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ، — ئۇ ئۆزىنىڭ باي بولۇش ھىيلىسىنى سۆزلەپ كېلىپ: — سەنمۇ مەن بارغان يۇرتقا بېرىپ جامائەت بىلەن ناماز ئۆتەپ، ئۇلار خانىقادىن چىقىپ مازارغا دۇئا

قىلغىلى تۇرغاندا ، « ھەي ئەخمەقلەر ! بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان ئادەم ئەمەس ، بەلكى بىر تال تاختاي » دېگىن . سۆزۈڭدە قاتتىق تۇرۇۋال-ساڭ ، ئۇلار مازارنى ئاچىدۇ ، ئۇ چاغدا سېنىڭ سۆزلىرىڭ ئىسپاتلىنىپ ، مېنى ئالدامچى دەپ ، ساڭا ئىشىنىدۇ . مۇشۇ يول بىلەن سەنمۇ باي بولۇپ كەلگىن ، — دەپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ، رەشىد ھەم سەئىد بارغان يۇرتقا قاراپ راۋان بوپتۇ . نەچچە ئۆتەڭ — مەنزىللەرنى بېسىپ ، ئاخىر كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپتۇ ۋە سەئىدنىڭ ئۆگەتكەنلىرى بويىچە ئۇمۇ ئىشنى مازار ئاشكا-رىلاشتىن باشلاپ ، ئەنبىيالىقنى ئىسپاتلىماقچى بوپتۇ .

يۇرت خەلقى دەسلەپىدە ئىشەنمەي ، ئاخىردا ئېچىپ كۆرسە ، رەشىد دېگەندەك شىبھەت كۆمۈلگەن گۆردىن ماتا بىلەن كېپەنلەنگەن بىر تال سۆرەم چىقىپتۇ . بۇنى كۆرگەن جامائەت يالغان ئۆلىماغا ئىشەنگەن-لىكىگە ئەپسۇسلار قىلىپ ، سەئىدنىڭ ئورنىغا رەشىدنى خاتىپ قىپتۇ . ئۇنىڭ تەرىقىتىگە مۇرىت بولۇپ ، ھەممىسى رەشىدنىڭ ئېتائىتىگە كى-رىپتۇ . رەشىد يالغان ئۆلىما بولۇپ ، ھەرخىل شەكىللەر بىلەن جامائەت-نىڭ پۇل — ماللىرىغا دۇئا قىلىپ ، پات پۇرسەتتە بېيىۋاپتۇ .

ئى قازى ، سەن ئۆزۈڭنى ئۆلىما ۋە ئۇلۇغلار قاتارىدا قويغانلىقىڭ ئېغىر گۇناھدۇر . قازىلاردىن ئۆلىما — ئەنبىيا چىقمايدۇ . ئۆلىمالار مەن-سەپ — ئەمەل دېگەنلەرنى كۆزگە ئىلمايدۇ . قازى — مۇفتى دېگەنلەر مەنسەپ ئالدىدا ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدۇ ، ئەگەر مەنسەپلىرىدىن قالسا ، ھەممىنىڭ نەپرىتىدە خورلۇق ئاستىدا ياشايدۇ ، قازى ، مۇفتى قاتارلىق ئەمەللەرنى پۇل بىلەن ، ئالدامچىلىق بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ . ئەملى چوڭ كىشى بى-لىملىك كىشى ، ئۆلىما كىشى دېگەنلىك ئەمەس ، بىلىملىك كىشى ۋە ئۆلىما كى-شىنى سايلىغىلى بولمايدۇ ، ئۇ تىرىشچانلىق ۋە پاك پەزىلەتتىن كېلىدۇ . شا-ئىرلار قازىنى سۆپەتلەپتۇكى :

بىراۋغا يولۇقسا گەرچە بىر ئۆلۈك ،<br>كۆرگۈچى ھەسرەتتىن كۆز ياشلار قىلار .

ئەگەردە كۆرگۈچى بولسا بىر قارى ،
يېپىنى ئاختۇرۇپ ، ئىشتانىنى بۇلار .

ئى قازى ، سەن پەيغەمبەرلەرنىڭ مىراسخورى بولساڭ ، مەن خۇدانىڭ خاس بەندىسىدۇرمەن . بۇ ھەدىسنىڭ دەلىلى بىلەن پەيغەمبەر بۇيرۇپتۇكى ، « ئەھلۇلقۇرئانى ـ ئەھلىھىللا » ( قۇرئان ئوقۇغۇچىلار خۇدانىڭ خاس بەندىسىدۇر ) دېيىلگەن . مەن يەتتە خىل قىرائەت بىلەن قۇرئاننى ياد ئالغانمەن ۋە ھەمىشە ئوقۇپ تۇرىمەن ، دېدى ئوغرى .

قازى دېدىكى :

— سەن دېگەن يەتتە قىرائەت قايسى ؟

— ئاۋۋالقى قىرائەت : نافەئ ، ئىككىنچى قىرائەت : ئىبنى كەسىر ، ئۈچىنچى قىرائەت : ئەبۇ ئەمرۇ ، تۆتىنچى قىرائەت : قەربۇن ئىبنى ئامىر ، بەشىنچى قىرائەت : ئىبنى ئاسىم ، ئالتىنچى قىرائەت : ھەمزە ، يەتتىنچى قىرائەت : كىسائە ، — دەپ جاۋاب بەردى ئوغرى .

قازى بۇ قىرائەتلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ۋە كۆڭلىدە : « بىر ئوغرى شۇنچە بىلىمنى ئۆگىنىپتۇ ، ئوغرىغا بۇ بىلىمنىڭ نىمە كېرىكى باردۇ » دەپ ئويلاپ :

— ئى يىگىت ، قۇرئان ۋە ھەدىسنى شۇنچە خەۋەردار تۇرۇپ ، نىمە ئۈچۈن ماڭا بۇنچە زۇلۇم قىلىسەن ؟ چۈنكى ئاللاتائالا بۇيرۇپتۇكى ، « خۇدانىڭ لەنىتى زالىملارغىدۇر . »

— زالىم سەندۇرسەن ، — دېدى ئوغرى ، — بۇنداق قاراڭغۇ كېچىدە تەنھا ، ھەمراھسىز ئۆيۈڭدىن چىققانلىقىڭ ئۈچۈن خۇدانىڭ لەنىتىگە قالدىڭ . ئەمدى سۆز ـ مۇنازىرىنى قويۇپ ، تېز تەسلىم بولغىن . قېچىر ، كىيىم ـ كېچەكلىرىڭنى تاپشۇرۇپ ، قايسى دوزاخنى خالىساڭ شۇ يەرگە سەپەر قىلغىن .

قازى دەرغەزەپ بولۇپ :

— ئى قارا نىيەت ! يولۇمنى بوشات ! — دەپ غەزەپ قىلدى .

ئوغرى قازىنىڭ بۇ ئەپتىنى كۆرۈپ :

— سەن مېنى قارا نىيەت دېدىڭ ، قارا نىيەتلەرنىڭ ئىشى مەلۇمكى ، ھەممە نەرسەڭنى ئالماي قويمايمەن . ھەتتا قېپىالڭاچ قىلىۋېتىمەن ، — دەپ قازىغا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

## بېيىت

ئالىمەن يۈز يېرىڭگە ئىچىپ تۆشۈك ،
قېچىر ۋە سەللە ، چاپانلىرىڭنى .
مېنى بۇزۇق دېدىڭكى ماڭا ۋاجىپ ،
چۇۋۇيمەن ئالەمدە رەسۋالىرىڭنى .

— ئى ئوغرى ، — دېدى قازى ، — خۇدايىتائالا دەرگىردۇر ( قوبۇل قىلغۇچىدۇر ) ۋە لېكىن سەخت گىردۇر ( قاتتىق تۇتقۇچى ) . سەن قىيامەت كۈنىدىن قورققىن .

— راست دېدىڭ ، لېكىن ساڭا بېرىدىغان جازانىڭ مۇددىتىنى كېچىكتۈرۈپ قويۇپتۇ . بۇگۈن ۋاقتىڭ توشۇپ ماڭا گىرىپتار بولدۇڭ . ئەمدى قازىلىقتىن « توۋا » قىلمىساڭ ، ئاللا سېنى قاتتىق تۇتىدۇ . چۈنكى ، خەلق سەندەك قازىلارنىڭ زۇلۇمىدىن نالە - پەرياد قىلىپ ، جانلىرىدىن تويدى .

## بېيىت

خەلق زۇلۇمۇڭدىن پاناھلىق ئىستەر ،
ئەمەسكى جەۋرەڭ دوزاختىن كەم .
نىيىتىڭ ئەلدە گادايلىق ئىستەر ،
پۇقرا سەندىن ئەمەس خاتىرجەم .
كاللاڭ تەندىن جۇدالىق ئىستەر ،
جېنىڭغا قوشۇپ مالنى بەر ھەم .

ئەمدى تېزراق بولغىن . تاڭ يورۇشقا ئاز قالدى ، ماللىرىڭنى

تاپشۇرۇپ بېرىپ يولۇڭغا ماڭ ، — دېدى ئوغرى .

قازى سورىدىكى :

— ئى يىگىت ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ : « رەھمى قىلساڭ ، رەھمەت تاپقايسەن » دېگىنىدىن خەۋىرىڭ يوقمۇ ؟

— ساڭا رەھىم قىلسام ، خۇدايىتائالا ماڭا رەھىم قىلمايدۇ . چۈنكى پۈتۈن كائىناتنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بۇيرۇپتۇكى : « ھەر كىشى زالىمغا ياردەم بەرسە ، ئاللاتائالا ئول زالىمنى ئۇنىڭغا ئەۋەتۇر » .سەن نەپسىڭگە بېرىلگەن زالىمدۇرسەن . خەلققە رەھىم قىلمايسەن . بۇ ھەقتە شائىرلار دەپتۇكى :

ئىت قوتاندا ياتسىمۇ قوي بولالماس ،
ياماندىن قاچ يىراق ۋە بولما ياندىش ،
بۆرىنىڭ ھىجايغىنى كۈلكە ئەمەس ،
قىلغۇچە ساڭا ھۇجۇم چاپقىن ئاداش .

شائىرلار دېگەن بۆرىلەر دەل سىلەردەك قازى ، ئەمەلدارلارنى كۆرسىتىدۇ . شۇ ۋەجىدىن سىلەردىن ياخشىلىق كۈتۈش ، يانتاقتىن مېۋە كۈتكەن بىلەن باراۋەردۇر . رەھىمسىزگە رەھىمدارلىق قاملاشمايدۇ .

— ئى يىگىت ، ئاللاتائالا « ئۆلىمالارغا دەرىجە كۆپتۇر » دېگەن . سەن بىلەن مەن بىر تائىپىدىن تۇرساق ، نېمە ئۈچۈن ماڭا زىيان يەتكۈزمەكچى بولىسەن ؟

— ئى ھەزرىتى قازى ، — دېدى ئوغرى ، — سەن بىلەن مەن قانداقمۇ ئوخشاش بولالايمەن . سەن بولساڭ قازىلارنىڭ پېشىۋاسى ، يەنە باغداد قازىسىدۇرسەن ھەم دۆلەت مەنسەپدارلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىسەن . قازى دېگەنلەر شەيتاننىڭ ئۆلپەتلىرىدۇر . راستىنى يالغان ، يالغاننى راست قىلىپ ، غەلەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ، ھىيلىگەرلىكتە شەيتانىمۇ ئازدۇرالايدۇ . بۇنىڭغا قازى بىلەن شەيتاننىڭ ھېكايىسىنى مىسال قىلساق مۇۋاپىق بولىدۇ .

— ئى ئوغرى ، قازى بىلەن شەيتان ۋەقەسى قانداق ۋەقە ئە-
كەن ؟ — دەپ سورىدى قازى .
— بۇ ساڭا ئوخشاش قازىلارنىڭ ۋەقەسىدۇر ، — دەپ ھېكايە-
سىنى باشلىدى :

## قازى بىلەن شەيتان ھېكايىسى

رىۋايەت قىلىنىشچە ، بۇرۇنقى زاماندا بىر قازى ئۆتكەن بولۇپ ، پەرزكار ئىكەن . تەرىقەتكە ۋە شەرىئەتكە ئەھمىيەت بېرىدىكەن ، ئەمما ، ھىيلىگەر ، گۇمانخور ، ئىنساپسىز ئىكەن . ئۇنىڭ ھۆسن بابىدا پەرى پەيكەر سۈپەت ، ساھىبجامال خوتۇنى بار بولۇپ ، ئۇنىڭ يۈزىنى يېپىپ ، ئالتە ئۆيىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر ئۆيگە سولاپ ، ئەركەك چىۋىنغا دىدار كۆرسەتمەي باقىدىكەن . قازى ئۆيدىن چىقسا ، ئالتە ئۆيىنىڭ ئىشىكلىرىگە بىر - بىرلەپ قۇلۇپ سېلىپ چىقىدىكەن ، كىرگەندىمۇ بىر - بىرلەپ ئېچىپ كىرىدىكەن .

مۇشۇ تەرىقىدە كۆپ يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ ، خوتۇنى سىرتقا چىققىلى قويماپتۇ . خوتۇنى ئېرىدىن باشقا ئادىمىزات دىدارىنى كۆرمەپ-تۇ . شۇنداق قىلىپ ، خوتۇنىنىڭ رايى يېنىپ ، قازىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يو-لىنى تاپالماي ، ئەگەر ئۆيىنىڭ تېمىغا يانداش ئۆيلەرنىڭ بىرسىدە ئادەم بولسا ياردەم بېرەرمىكىن دەپ ئويلاپ ، تامغا قۇلىقىنى يېقىپ تىڭشىغا-نىكەن ، ھېچقانداق ئاۋاز كەلمەپتۇ . ئاخىردا قىبلە تامغا قۇلىقىنى يېقىپ تىڭشىغانىكەن ، شىلدىرلاۋاتقان بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ . بۇنىڭدىن خوتۇ-نىڭ ئۈمىدى ئېشىپ : « ئەمدى قازى دېگەن گۇمانخوردىن قۇتۇلىدىغان بولدۇم » دەپ ئويلاپ ، قولىغا قىڭراقنى ئېلىپ زەدىۋالنىڭ ئارقىسىدىن تامنى تېشىشكە باشلاپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، بىر كەمدە تام تېشىلىپتۇ ، خوتۇن تۆشۈكتىن قاچماقچى بولۇپ چىقىشىغا تام قوشنىسى راسا ئال-دىراش بۆز توقۇۋاتقانىكەن خوتۇن ئۇنىڭ دۇكان ئورىسىنىڭ ئىچىدىن چىقىپتۇ . باپكار بولسا ، تۇيۇقسىزلا ئاياغ ئاستىدىن پەيدا بولغان خو-

تۇنى كۆرۈپ قورقۇنچىدىن « ۋايجان ! » دېگىنىچە دۈيلۈپ دۇكاندىن قېچىپ چىقىپ ئايالدىن :

— سىز ئادەممۇ ، ياكى جىنمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ . خوتۇن جاۋاب بېرىپ :

— مەن قازىغا تەگكىلى ئالتە يىل بولدى . شۇندىن بۇيان ئالتە ئۆينىڭ ئىچكىرىسىدە سولاقلىق تۇرۇپ كەلدىم . ئۆزى بولسا ، ھەقنى ـ ناھەق ، راستنى ـ يالغان ، يالغاننى ـ راست قىلىپ تالاق خوتۇن كېلىپ قالسا ، تەھلىل قىلىمەن دەپ ئېرىنى ئۆگزىگە چىقىرىپ تۈگۈلۈكتە قارىتىپ قويۇپ ، خوتۇننى بوزەك قىلىپ . كۆڭلى خالىغان يەردە يۈرۈپ ، مېنىڭ بىلەن كارى بولمىدى . تۇرمۇش لەززىتىنى كۆرەلمىدىم . مېنى نىكاھىڭىزغا ئېلىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن ، — دەپ يىغلاپتۇ . باپكار بۇ ئىشتىن ئەجەبلىنىپ :

— سىزنىڭ ئېرىڭىز يۇرتنىڭ قازىسىدۇر . مەن تېخى ئۆيلەنمىگەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېرىڭىز بىلەن تام قوشنا تۇرۇپ سىزنى نىكاھىمغا ئالسام بولماس ، — دەپ ئۇنىماپتۇ .

— ئى ئۇستام ، — دەپتۇ خوتۇن ، سىز زىنھار قورقماڭ . نىكاھنى قازىنىڭ ئۆزى قىلىدۇ . سىز بېرىپ گۇۋاھچىدىن تۆتنى تېپىپ كېلىڭ . ئاندىن كېيىن قازىخانىغا چىقىپ قازىنىڭ ئۆزىنى تەكلىپ قىلىسىڭىز قوشنىدارچىلىقنىڭ ھۆرمىتىدىن ئۆزى كېلىدۇ . قالغان ئىشلارنى شۇ ۋاقىتتا كۆرىسىز .

شۇنداق قىلىپ ، باپكار قوشنىلاردىن بىر نەچچىنى چاقىرىپ كەپتۇ . ئارقىدىن قازىخانىغا چىقىپ :

— مەن ئۆيلەنمەكچى بولغانىدىم . ئۆزلىرى نىكاھ ئوقۇپ قويسىلا ئىكەن ، — دەپ قازىغا ئىلتىماس قىپتۇ . قازى ھەم ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل كۆرۈپ ، باپكارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قارىسا ، ئۆزىنىڭ خوتۇنى باپكارنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپتۇ . قازى بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ : « يارەببىم نېمە ئىشنى كۆردۈممەن » دەپ ئويلاپ :

— نىكاھ قىلىدىغان كىتاب ئۆيدە قاپتۇ ، — دېگىنىچە ئۆز ئۆيىگە

چىقىپ كېتىپتۇ . بۇنى كۆرگەن خوتۇن قازى ئۆيىگە چىقىپ بولغۇچە زەدىۋالنى قايرىپلا ئۆز ئۆيىگە چىقىپ كىيىم يەڭگۈشلەپ ، ھېچ ئىشنى بىلمىگەندەك ئولتۇرۇپتۇ . قازى ئۆيىگە كىرسە خوتۇنى ئولتۇرغان . زەدىۋالنىڭ ئاستىدا تۆشۈك بارلىقنى بىلمىگەن قازى خوتۇنىنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرغانلىقنى كۆرۈپ كۆڭلى تىنىپ ، ئۇنى - بۇنى ئاختۇرغان بولۇپ ، يەنە باپكارنىڭ ئۆيىگە مېڭىپتۇ . ئۇنىڭ خوتۇنى بولسا ، قازى تامنى ئايلىنىپ چىقىپ بولغۇچە زەدىۋال ئاستىدىكى تۆشۈكتىن چىقىپ ، باپكارنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپتۇ . بىر كەمدىن كېيىن قازى كىرىپ قارىسا ، باپكار ئالمەن دېگەن خوتۇن يەنە ئۆز جايىدا ئولتۇرۇپتۇ ، ئەمما بۇ خوتۇننىڭ ئۆز خوتۇنىدىن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىكەن . قازىنىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشۈپ :

— يەنە بىر كىتابىم ئايرىلىپ قاپتۇ ، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ . خوتۇنمۇ قازى ئۆيىگە چىقىپ بولغۇچە ھېلىقى تۆشۈكتىن چىقىپ ئاۋۋالقى جايىدا ئولتۇرۇپتۇ : قازى بۇ نۆۋەتمۇ ئۇنى - بۇنى ئاختۇرغان بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ . خوتۇن يەنە باپكارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ . قازى كىرىپ بۇ خوتۇننى كۆرۈپ باپكارغا نىكاھ قىلىپ قويغۇسى كەلمەي ، يەنە بىر باھانە تېپىپ ئۆيىگە مېڭىپتۇ . قازى چىقىپ بولغۇچە خوتۇنى تۆشۈكتىن چىقىپ ئولتۇرۇپ ، قازىنىڭ كىرىشى بىلەن ساقالدىن كاپ ئاپتۇ :

— سەن ئوغرى كىمىڭنى كۆزگە ئىلمايسەن ؟ كىرىسەن ، چىقىسەن ، بۈگۈن سەندە بىر گەپ بار . يا مېنى تالاق قىلىسەن ، بولمىسا راستىڭنى ئېيتىسەن ، — دەپ بويىنىغا ئېسىلىپ ياقىلىرىنى پارە - پارە قىلىۋېتىپتۇ . قازى خوتۇنىدىن ئاران تەستە قۇتۇلۇپ ، شۇ خاپىچىلىقتا باپكارنىڭ ئۆيىگە كىرىپلا ھېلىقى خوتۇننى باپكارغا نىكاھ قىلىۋېتىپتۇ .

ئاش - تائام يېيىلىپ ، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن قازى ئۆيىگە چىقىپ قارىسا ، خوتۇنى يوق تۇرۇپتۇ . بىلىپتۇكى ، خوتۇنىنى ئۆز ئاغزى بىلەن باپكارغا نىكاھ قىلىپ قويۇپتۇ . ئۇ ئۆز - ئۆزىگە : « ئەمدى ئەل - جامائەت ئىچىدە قانداقمۇ يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن ، ماڭا بۇ

شەھەر ھارام بولدى . چۆل ـ جەزىرىلەرگە كېتىپ ، تەركىدۇنيالىقتا ئۆ-
تەي . ئالەمدە ئىنسان ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ چوڭ شەرمەندىچىلىك بول-
ماس » دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ . قارىسا ، ئالدىدا بىر سوغا تۇرۇپتۇ .
ئۇنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ چۆللۈككە قاراپ راۋان بولۇپتۇ .

قازى شۇ ماڭغانچە مېڭىپتۇ ، مېڭىپتۇ ، بىر تۈزلەڭگە بارغاندا
قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ . قازى كىيىملىرىنى سېلىپ سوغىچاقنىڭ
ئىچىگە تىقىپ ، ئـۆزى قىپيالىڭـاچ سوغىنىـڭ ئـۈستىنى بېسىـپ ئول-
تۇرۇۋاپتۇ . بىر كەمدە يامغۇر توختاپتۇ . قازى كىيىملىرىنى كىيىپ ماڭاي
دەپ تۇرسا ، قارشى تەرەپتىن ئۇچىسىغا كۆك تون كىيگەن ، بېشىغا يې-
شىل سەللە ئورىغان ، بىر كۆزى قارىغۇ بىر مويسىپىت كىشى كىيىم -
كېچەكلىرى ھۆل ، پاتقاقتا تېيىلىپ ئاران تەستە مېڭىپ كېلىۋېتىپتۇ . ئۇ
قازىنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ سالاملاشقاندىن كېيىن :

— ئى بۇرادەر ، مۇشۇنداق قاتتىق ياغقان يامغۇردا نېمە ئۇچۇن
ھۆل بولمىدىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ . قازى جاۋاب بېرىپ :

— مېنىڭ ئوقۇيدىغان ئايىتىم بار . يامغۇر ياغسا ھۆل بولمايمەن ،
— دەپ ، يولىغا مېڭىپتۇ . ھېلىقى كىشى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ :

— مەن بولسام شەيتاندۇرمەن . ئون سەككىز مىڭ ئالەم مېنىڭ
قولۇمدا . ھەممىنى ئازدۇرالايمەن ، خالىغانىنى قىلالايمەن ، ئەمما يامغۇر
ياغسا ھۆل بولمايدىغانىنىڭ يولىنى بىلمەيدىكەنمەن . مەن سېنىڭ ھەر
قانداق ھاجىتىڭ بولسا راۋان قىلسام ، سەن ئاشۇ ئايىتىڭنى ئۆگىتىپ
قويساڭ ، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ .

— ئۇنداق بولسا ، — دەپتۇ قازى ، — ئالدى بىلەن ھىيلە ـ مە-
كىرلىرىڭدىن سەن دەرس ئۆتۈپ ، تەلىم بەرگىن .

شەيتان ماقۇل بولۇپ ، كۆپلىگەن ھىيلە ـ مىكىر يوللىرىنى ئۆ-
گىتىپتۇ . ئاندىن :

— يەنە بىر ئىش قالدى ، — دەپتۇ قازى .

— قايسى ئىش ؟ — دەپ سوراپتۇ شەيتان .

قازى بايان قىلىپ ، خوتۇنى بىلەن ئۆزى ئارىسىدا يۈز بەرگەن

ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ كېلىپ، خوتۇنى بىلەن باپكاردىن ئىنتىقام ئېلىشىنىڭ ئامالىنى سوراپتۇ. شەيتان ماقۇل بولۇپ بىر سىقىم توپىغا ئايەت ئوقۇپ:

— سەن بۇنى ئاپىرىپ تاڭ سەھەر ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قازاننىڭ قۇلىقىغا سېپىۋەتكىن. قالغان ئىشنى كېيىن كۆرىسەن. «كىشىنىڭ ئەنتى كىشىدە قالماس». ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلدى. يامغۇردا ھۆل بولمايدىغان ئايەتنى ئۆگەت، — دېگەنىكەن، قازى:

— ئۇنداق بولسا، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش بىر سوغىچاقنى نەگە بارساڭ يېنىڭدىن ئايرىماي كۆتۈرۈپ يۈرگىن. يامغۇر يېغىپ قالسا كىيىم ـ كېچەكلىرىڭنى سېلىپ ئۇنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇۋالساڭ كىيىملىرىڭ ھەرگىز ھۆل بولمايدۇ، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ شەيتان ئۆگەتكەن ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە پۇشايمان قىلىپ، «دۇنيادا مېنى ھېچكىم ئازدۇرالمايتتى ھەم گوللىيالمايتتى. قازى دېگەن ئەبلەخلەر شەيتاننىمۇ ئازدۇرالايدىكەن. ئەپسۇس، بۇ مېنىڭ بەرگەن تەلىملىرىم بىلەن جاھاننى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان بولدى. بۇندىن كېيىن قازى بار جايدا مېنىڭ خىزمىتىم قالمىدى. چۈنكى، مېنىڭ ۋەزىپىلىرىمنى شۇلار ئورۇندايدۇ» دەپ يولىغا كېتىپتۇ.

قازى بولسا، شەيتاننىڭ تەلىمى بىلەن شەيتاننىڭ ئۆزىلا بولۇپتۇ، شەيتان بىلەن خوشلىشىپ بولۇپ ئۆز ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ، شەيتان ئۆگەتكەن ئەپسۇنلارنى ئىشلىتىپ كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن كېچىسى تاڭنى تەستە ئاتقۇزۇپتۇ. تاڭ سەھەردە باپكار بىلەن خوتۇنى غۇسسۇل قىلغىلى قوپۇپ بولغۇچە باپكارنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. باپكار: «بۇ كېچىدە ئۆيگە كىرگەن كىمدۇر» دەپ ئويلاپ:

— كىم؟ — دەپ توۋلاپتۇ.

— مەن ئىدىم. ئۆيدە ئوت ئۆچۈپ قاپتىكەن. ئوتقا كىردىم، — دەپ ئوچاقتىن بىر تال چوغنى ئالغان بولۇپ ئوتنى ياندۇرۇۋېتىپتۇ. قازى ۋە شەيتان ئايەت ئوقۇپ بەرگەن توپىنى قازاننىڭ قۇلىقىغا سېپىۋېتىپتۇ.

قازى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئوت يېنىپ كېتىپ، غوسسۇلغا قويۇپ قويغان سۇ گىژىلداپ قايناشقا باشلاپتۇ. باپكار خوتۇنىغا:

— قازان قايناپ كەتمىسۇن، ھېلى سۇ تاپالماي قالىمىز، قازاننى چۈشۈرۈۋېتىڭ، — دەپتۇ.

خوتۇن چاپاننى يېپىنچاقلاپ بىرىپ قازاننىڭ قۇلىقىنى تۇتۇشقا خوتۇننىڭ قولى قازانغا چاپلىشىپ قاپتۇ. خوتۇننىڭ قولى كۆيۈپ:

— ۋاي ئۇستام ئىش بولمىدى. قولۇمنى قازان تۇتۇۋالدى، — دەپتۇ. باپكارمۇ قىپيالىڭاچ ئىكەن. چاپاننى يېپىنچاقلاپ بىرىپ قازاننى تۇتۇپ كۆتۈرگەنىكەن، ئۇنىڭمۇ قولىنى تۇتۇۋاپتۇ. بۇلار: «ئەمدى قانداق قىلارمىز» دەپ. خانىقانىڭ ئالدىدىكى بوياقچىنىڭ كۆتىكىگە ئۇرۇپ قازاننى چېقىپ قۇتۇلماقچى بولۇپ، بىرىپ قازاننى كۆتۈرۈپ كۆتەككە ئۇرغانىكەن، كۆتەك قازاننى تۇتۇۋاپتۇ. ئىككىسىنىڭ يېپىنچاقلىۋالغان چاپانلىرى ئۈستىدىن چۈشۈپ كېتىپ يالىڭاچ بولۇپ قالغانىكەن. ئىككىسى قازانغا چاپلىشىپ، قازان كۆتەككە چاپلىشىپ، ئۈستۈن بولالماي موزايدەك ئېڭىشىپ تۇرۇپتۇ.

قازى قىلغان ئەپسۇنلىرىنىڭ كۈچىنى كۆرۈپ، ئىككىسىنىڭ ھالىنى بىلمەكچى بولۇپ ئارقىسىدىن كەلسە، قىپيالىڭاچ ھالدا ئېڭىشىپ تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ قازىنىڭ قەھرى تېشىپ، كەلگەن پېتى خوتۇننىڭ قوڭىغا تەپكەنىكەن، قازىنىڭ پۇتى خوتۇننىڭ قوڭىغا چاپلىشىپ قېلىپ ئاجرىتالماي، بىر پۇتلۇق بولۇپ تۇرۇپتۇ. تاڭ ئېتىپ، جامائەت ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشكە باشلاپتۇ. «ئورنى كىم كولىسا، ئالدى بىلەن ئۆزى چۈشىدۇ» دەپ، قازى جامائەت ئالدىدا رەسۋا بولۇپتۇ. بۇلارنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى كېسىپ ئاجرىتىپ، خانىقانىڭ ئالدىدىن قوغلاپ ساپتۇ. قازى كىشىلەرنى رەسۋا قىلىمەن دەپ ئەپسۇن ئوقۇپ ئۆزىمۇ، بىرگە شەرمەندە بولۇپتۇ.

بۇ مىسالنى ساڭا شۇنىڭ ئۈچۈن كەلتۈردۈمكى، قازى دېگەنلەر رەھىمسىز كېلىدۇ. ئۆزىنى دەپ باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىنى قۇربان قىلىدۇ. ئۆزىنى دانا، باشقىلارنى دۆت كۆرىدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ دۆتلۈكىنى

ئويلىمايدۇ . قارى دۆت ۋە ئەخمەق بولمىسا ، خوتۇنىنى باشقىلارغا ئۆزى ئىكاھ قىلىپ قويمايتتى . قازىلاردا سەممىيەتلىك بولمايدۇ . مەنپەئەتنى كۆرگەندە ھەممىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ . شەيتاننى ئالدىمىغان بولسا ئىدى ، شەيتاننىڭ ئۆچ ئېلىشىغا دۇچار بولۇپ ، خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا بولمايتتى . ئۇلاردىكى بىلىم شەيتاننىڭ تەلىمىدۇر . سەن بولساڭ ئاشۇ قازىلارنىڭ ۋەكىلىدۇرسەن .

## بېيىت

بىلەمسەن ئۆزۈڭنى ئى تۇز كور قازى ،
يەپ كەلدىڭ گاھ ۋەقفى ۋە يېتىم ھەققىنى ،
گەر كەلسە كىشىلەر قىلىشىپ دەۋا ،
پارا يەپ سۆزلىدىڭ بۇرمىلاپ ھەقنى .

ئى قازى ، ئەمدى گەپنى تۈگەت . قېچىر بىلەن نەرسە ـ كېرەكلىرىڭنى تېزرەك تاپشۇر . يەنە تەخىر قىلىپ تۇرمايمەن .

— ئى يىگىت ، — دېدى قازى ، — نادانلارنىڭ دانالار بىلەن قانداقمۇ تەڭ تۇرغىنى بولسۇن ؟ ئىككىمىز دەرۋەقە چېقىشالمايمىز . بۇ ھەقتە مېنىڭمۇ بىر ھېكايە ئېيتىپ بەرگۈم بار . سەنمۇ تاقەت قىلىپ ئاڭلاپ باق .

— قېنى ئېيت ، — دېدى ئوغرى .

شۇنداق قىلىپ ، قازى ئۆزىنى دانالار ئورنىدا ، ئوغرىنى بولسا ، نادانلار ئورنىدا ھېسابلاپ ، دانىشمەن بىلەن نادانىنىڭ ھېكايىسىنى باشلىدى :

## دانا بىلەن نادان ھېكايىسى

رىۋايەت قىلىنىشىچە ، بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن . ئۇ پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرى بار بولۇپ ، ئۇ دانىشمەن ئىكەن . ئۇ ۋەزىر شۇنداق ئەقىللىق ئىكەنكى ، ئۇنىڭ دېگەنلىرى بولماي قالمايدىكەن . ھېچ ئىش نەزەرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن . ئۇنىڭ تەدبىرلىك ئىكەنلىكى

مەشھۇر بولۇپ، دۈشمەنلەر بۇ مەملىكەتكە قەست قىلىشقا جۈرئەت قىلال-
مايدىكەن. شۇ سەۋەبتىن پادىشاھ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، ھەممە دانىش-
مەن ۋەزىرلىرىدىن ئۈستۈن كۆرىدىكەن ۋە ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقماي،
دېگىنى بويىچە ئىش قىلىدىكەن. شۇڭا بۇ پادىشاھنىڭ مەملىكىتى مۇس-
تەھكەملىنىپ، شۆھرىتى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپتۇ. مەملىكەت روناق
تېپىپ، خەلقى بېيىپتۇ. بىر قانچە مەملىكەتلەر ئۇنىڭ ئىتائىتىگە بوي-
سۇنۇپ، باج - خىراجەت تۆلەپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ بولسا، ۋەزىردىن
كۆڭلى سۆيۈنۈپ، ئىككىسى قان - قېرىنداشتەك بولۇپ كېتىپتۇ. مەم-
لىكەت خەلقى ھەم ۋەزىرنى مەدھىيىلەپ، ياخشى سۆزلىرىنى قىلىدىغان
بولۇپتۇ. بۇ ھال باشقا ۋەزىر، دانىشمەنلەرنىڭ ئۇغىسىنى قايىنىتىپ،
ئىچىنى ئېچىشتۇرۇپتۇ - دە، ھەسەت ئوتى پەلەككە ئۆرلەپ، دانىشمەن
ۋەزىرنى يوقاتماقچى بولۇشۇپتۇ. بۇلار پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ ئەرز
قىلىپ:

— ئى پادىشاھى ئالەم، بۈگۈن بىز سىزنىڭ بەرگەن تۇزىڭىز-
نىڭ ھەققى ئۈچۈن بىر سۆيىقەستنى مەلۇم قىلماقچىمىز. سىزنىڭ ئە-
شەنگەن ئادىمىڭىز بولسا، ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ دۈشمىنىڭىزدۇر، دانىش-
مەن ۋەزىرنى سىز ياخشى كۆرگەنسېرى ئۇنىڭ ئابرۇيى ئېشىپ كېتىپ،
سىزنى كۆزگە ئىلماس بولدى، پۇقرالار ئۇنى پادىشاھ قىلىمىز دەۋاتىدۇ،
ئۇمۇ سىز بىلەن تەخت تالىشىپ، ئورنىڭىزغا پادىشاھ بولۇش غەرىزىدە
يۈرمەكتە. سىز بۇنىڭغا تەدبىر قىلمىسىڭىز، ھەممىمىز ئۇنىڭ ئاياغ ئاس-
تىدا خورلۇققا قالىمىز، — دېيىشىپتۇ.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ تەھقىق قىلمايلا دانىشمەن ۋەزىرنى شۇئان
زىندانغا بۇيرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ھەسەتخور ئەمەلدارلار دەسسەپ، پا-
دىشاھنى ماختاۋېرىپ، ئۇنى يولدىن چىقىرىپتۇ. پادىشاھ ئەيش - ئىش-
رەتكە بېرىلىپ، دۆلەت ئىشلىرى بىلەن كارى بولماپتۇ. شۇنداق قىلىپ،
بۇ خەۋەرلەر ھەممە مەملىكەتلەرگە تارقىلىپ، قول ئاستىدىكى
مەملىكەتلەر ئىتائەتتىن باش تارتىپ، باج - خىراجەت بەرمەپتۇ. دۆلەت
ئاجىزلىشىپ، زاۋاللىققا يۈزلىنىپتۇ. دانىشمەن ۋەزىرنىڭ يوقلۇقىنى بىل-

گەن بىرقانچە رەقىبلەر بىرلىشىپ ، مەملىكەتكە تاجاۋۇز قىلىپ ، قىرغىن-چىلىق قىلىشقا باشلاپتۇ .

پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ ، دۆلەت ئەركانلىرىنى يى-غىپ كېڭەش قىپتۇ ، ئەمما ھېچكىم مەسلىھەت بېرەلمەپتۇ . پادىشاھ غەزەپلىنىپ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ . بۇلار ئارىسىدىن بىر دانىشمەن كىشى مەلۇم قىلىپ :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، بۇنىڭدەك كۈچلۈك دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ، زىنداندىكى دانىشمەن ۋەزىردىن باشقا كىشى تەدبىر قىلالمايدۇ . بىزنى ئۆلتۈرگىنىڭىزمۇ بىكار . — دەپتۇ .

پادىشاھنىڭ ھەم كۆڭلىدە بار ئىكەن . ئەمما قىلغان ھۆكمىدىن يېنىشقا ئامالسىز تۇرغانىكەن . دەرھال زىندانغا بېرىپ دانىشمەن ۋەزىرنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ . ئۇلار زىندانغا بارسا ، دانىشمەن ۋەزىر زىنداندىن چىققىلى ئۇنىماي ، « نادانغا ياخشىلىق قىلمەن دېگۈچە زىنداندا ياتقىنىم تۈزۈك » دەپتۇ . پادىشاھ ھەرقانداق قىلىپمۇ ۋەزىرنى زىنداندىن چىقىرالماي ، دانىشمەنلەرنى توپلاپ ، ئۇلاردىن :

— قانداق قىلساق ئۇنى زىنداندىن ئېلىپ چىققىلى بولىدۇ ؟ — دەپ مەسلىھەت سوراپتۇ . ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسى :

— ئى پادىشاھى ئالەم ، دانىشمەن ۋەزىر بولسا ، تەڭداشسىز دانادۇر ، ئىلىم - بىلىمدە كامالەت ئىگىسىدۇر . بىلىم ئەھلى ئۇمىدۋار كېلىدۇ ، يىراقنى كۆرەلەيدۇ . ئۆزىگە كەلگەن پېشكەللىكنى ئۆتكۈنچى ھادىسە دەپ بىلىدۇ . ياخشى - يامان كۈنلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسان بېشىدا گويا پادىشاھلارنىڭ چېكىسىدىكى نوھدەك تەۋرەپ تۇرىدۇ ، تاج - نوھمۇ تەۋرەپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن كونىسى بىلەن يېڭىسى ئالمىشىپ تۇرىدۇ . ئەقىللىق بولسا ، ئالماشتۇرغىلى بولمايدۇ . مەنسەپ - ئەمەل دېگەنلەرگە ھەركىمنى تەيىنلىسە بولىۋېرىدۇ . ھوقۇق گاچىغىمۇ زوۋان چىقىرىدۇ . دانىشمەنلەرنى بولسا ، تەيىنلىگىلى بولمايدۇ . ئۇنىڭ ئەقىل - پاراستىنى تارتىۋالغىلى بولمايدۇ . « گۆھەر ياتىدۇ سايدا ، تونۇمىسا نېمە پايدا » دەپ ، دانالاردىن پايدىلىنىشنى بىلىش كېرەك . مېنىڭچە ،

دانىشمەن ۋەزىرنى زىنداندىن قايتۇرۇپ كەلگىلى بولىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن
تەدبىر قىلىش كېرەك . دانالار بىلەن نادانلار بىر - بىرى بىلەن گويا
ئوت بىلەن سۇدەك ھەرگىز چىقىشالمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۆمرىدە
مەكتەپ كۆرمىگەن ، بىلىمسىز ، قارا قورساق ئادەمدىن بىرنى تېپىپ كې-
لىپ ، ئۇنى ۋەزىرنىڭ قېشىغا ئەكىرىپ قويۇش لازىم . شۇ چاغدا ئىك-
كىسى قاملىشالماي ۋەزىر ئۆزلۈكىدىن زىنداندىن چىقىشنى تەلەپ قى-
لىدۇ ، — دەپتۇ .

پادىشاھ بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ ، پۈتۈن ئۆمرىدە شەھەر
كۆرمىگەن ، جاڭگالدا يۈرۈپ كۈل ، كۆمەچ يەپ ئۆمرى ئۆتكەن بىر
مالچىنى تاپتۇرۇپ كېلىپ ، ئۇنى دانىشمەن ۋەزىرنىڭ يېنىغا ئەكىرىپ
قويۇپتۇ . بۇلار بىر كېچىنى زىنداندا بىرگە ئۆتكۈزۈپتۇ . تاڭ ئاتقاندا
ۋەزىر بامدات نامازنى ئوقۇۋېتىپ : « ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللا »
دەپ ئوڭ ، سول مۈرىسىگە قاراپ سالام بەرگىلى تۇرغاندا ھېلىقى مالچى
ۋەزىرگە قاراپ يىغلاپ كېتىپتۇ . ۋەزىر كۆڭلىدە : « بۇ ئادەم مېنىڭ ئە-
بادىتىمنى كۆرۈپ دىلى ئېرىپ يىغلاپ كەتتى » دەپ ئويلاپ ، ئۇنىڭ
ھالىغا ئىچ ئاغرىتىپ مېھرىبانلىق قىپتۇ . ئەمما گەپ - سۆز قىلماپتۇ .

پېشىن ۋاقتى كەپتۇ . ۋەزىر پېشىن نامازنى ئۆتەپ ، يەنە ھېلىقى-
دەك مۈرىسىگە قاراپ سالام بەرگەندە مالچى ئۆزىنى توختىتالماي ھۆر-
كىرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ . بۇنىڭدىن ۋەزىر قاتتىق تەسىرلىنىپ ، نامازدىن
پارىغ بولغاندىن كېيىن :

— ئى بۇرادەر ، سېنىڭ دىلىڭ ناھايىتى يۇمشاق ئىكەن . مەن
نامازغا تۇرغاندا يىغلاپ ئۆزۈڭنى توختىتالماي قالدىڭ ، كەل ، ساڭا ناماز
ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قوياي ، — دەپتۇ .

مالچى دەپتۇكى :

— مەن سېنىڭ نامازلىرىڭغا يىغلىمىدىم . ھەر قېتىم ناماز ئوقۇ-
غاندا ئىككى مۈرەڭگە قاراپ سالام بەرسەڭ ، مۈرەڭدىن ھالقىپ دۈمبەڭگە
چۈشكەن ساقاللىرىڭ ، جاڭگالدا قالغان بىر ئۆچكەمنى ئەسلىتىۋەتتى .
مېنىڭ بىر ئۆچكەم بار ئىدى ، بىر كۆمەچ كۆمسەم تېگىنى ئۇنىڭغا بې-

رىپ . تېگىنى ئۆزۈم يەپ چوڭ قىلغانىدىم . سېنىڭ ساقاللىرىڭنىڭ سالام بەرگەندە مۇرەگدىن ھالقىپ دۈمبەڭگە چۈشكەن ۋاقتى ھېلىقى ئۆچكەمنىڭ ساقىلىغا بەك ئوخشاپ كېتىدىكەن . سېنىڭ ئىبادەت ، ناماز دېگەنلىرىڭنى ئۆچكەمنىڭ بىر تال ساقىلىغا تېگىشمەيمەن . نامىزىڭنى ماڭا ئۆگەتمەن دېمەي ، نەگە ئاپارساڭ ئاپار .

دانا ۋەزىر بۇنى ئاڭلاپ ، « نادان كىشى مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا ، بۇنىڭ بىلەن بىللە ياشىغۇچە ئالەمدە ياشىمىغان ياخشىكەن . خاپىلىق تارتسامۇ بۇ ئادەمدىن ئايرىلىدىغان ئىش بولسا ، يەنىلا زىنداندىن چىقىپ پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى قىلاي » دەپ ئويلاپ ، بېرىپ ، زىنداننىڭ ئىشىكىنى مۇشتلاپتۇ . زىندانبەنلەر كېلىپ ۋەزىرنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئاپىرىپتۇ . ۋەزىر تەدبىر قىلىپ دۈشمەننى چېكىندۈرۈپ ، مەملىكەتنى خاتىرجەم قىپتۇ .

مەن بۇ ھېكايىنى شۇنىڭ ئۈچۈن مىسال كەلتۈردۈمكى ، نادانلار بولسا ، ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ . سەن بولساڭ نادان كىشىدۇرسەن . ئەگەر سەن نادان بولمىغان بولساڭ ئىدى ، باغداد قازىسىغا بۇگۈنكىدەك قوپاللىق قىلىپ خاپا قىلمىغان بولاتتىڭ . مەنمۇ ئىبادەت يولىدىن كېچىكىپ سەن بىلەن سۆزلىشمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەيتتىم . سەن دەرھال يولنى بوشىتىپ كۆزۈمدىن يوقال ! دەپ بۇيرۇق قىلدى .

ــــ ئى قازى . مەن ئەگەر نادان بولسام ، ئۇن بەش يول يىراقلىقتىن كېلىپ سېنى بۇ ھالەتكە كەلتۈرۈپ ، مۇرادىمغا يېتەلەيتتىممۇ ؟ ئەگەر سەن دانا بولغان بولساڭ تاڭ ئاتقاننى پەرق ئېتەلمەي ، يېرىم كېچە بىلەن ئۆيۈڭدىن چىقىپ ماڭا دۇچار بولۇپ ، ھازىرقىدەك بىچارە ھالەتكە كېلىپ يالۋۇرۇپ يۈرەتتىڭمۇ ؟

ئىگەم جەھلى بىلەن ئېتىڭ بولدى قازى ،
خەللاقى جاھان ھېكمەت ئىلە يوق رازى .
ئوتتەك بولۇپ ئۆرتىدىڭ جاھان بارىنى ،

تا سەن بۈگۈن باغدادتىن يوقالغىن قازى .

ئى قازى ، ئۆگەنگەن ئىلىملىرىڭدىن يامان نىيەتتە پايدىلىنىشنى ئويلىساڭ ، ئۇنداق بىلىمنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوقتۇر ، — دېدى ئوغرى . قازى :

— ئى يىگىت ، ئىبادەت قىلامسەن ؟ — دەپ سورىدى .

— نېمە ئۈچۈن ئىبادەت قىلمىغۇدەكمەن ، — دەپ جاۋاب بەردى ئوغرى ، — ئەگەر مەن ئىبادەت قىلمىسام ، يېرىم كېچىدە شېرىن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ، مېنىڭ چەككەن مېهنەت - مۇشەققەتلىرىمنىڭ بەدىلىگە سېنى ئالدىمغا ئەۋەتىپ بېرەتتىمۇ ؟

بۇ سۆزگە بولمىغاي ئەلۋەتتە غايەت ،
دېگەن بىلەن تۈگىمەس بۇ ھېكايەت .
ئالۇرمەن ھەر نېمە بارىڭنى قولدىن ،
ھەدىس ۋە ئايەتتىن ئەيلەپ رىۋايەت .

قازى يەنە ھەدىس بىلەن پوپوزا قىلىپ :

— ئى يىگىت ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىدە « ئاجىز ۋە دەردمەنلەرنىڭ دۇئايىبەدلىرىدىن قورقۇڭلار ، ئۇلارنىڭ قارغىشى ئىجابەت بولغۇسىدۇر » دەپتۇ . بۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭ كاپىر بولىسەن . مېنىڭ قارغىشىمدىن قورقىمامسەن ؟ — دېدى .

— ئى قازى ، — دېدى ئوغرى ، — مۇنداق تۆت كىشىنىڭ دۇئاسى مۇستەجاپ بولۇر ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى : پۇقرالارنىڭ پادىشاھلارغا قىلغان دۇئاسى ، ئىككىنچىسى : شەيخ ۋە ئۇستازلارنىڭ مۇرىت ۋە شاگىرتلارغا قىلغان دۇئاسى ، ئۈچىنچىسى : ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە قىلغان دۇئاسى ، تۆتىنچىسى : غېرىب - مۇساپىرلارنىڭ ئەھلى مەملىكەتلەر ھەققىدە قىلغان دۇئالىرىدۇر . ئى قازى ، راست گەپ قىلغىن . يۇقىرىقى تۆت خىل كىشىلەردىن قايسى بىرى سېنى قارغاپ دۇئايىبەد قىلغان بولغىيتتى ؟ ئۇلارغا نېمە زۇلۇم قىلغان بولغىيتتىڭ ؟

— ئى يىگىت . سەن مېنى ئاۋارە قىلما . سېنىڭ قىلغانلىرىڭ ئاخىر ئۆزۈڭگە ياندۇ ، ئۇ چاغدا . پۇشايمان قىلغانلىرىڭمۇ بىكار .

ھەر كىشى خەقنى قەستلەپ لەخمە قازسا ،
ئالدى بىلەن كىشى چۈشمەي ، ئۆزى چۈشەر .

دەپ قازى ئوغرىغا نەسىھەت قىلماقچى بولدى . ئوغرى :
— ئى قازى ، سېنىڭ بۇ سۆزلىرىڭ ماڭا كار قىلمايدۇ . بۈگۈن كېچە سېنى يالىڭاچلاندۇرماي قويمايمەن .

جامەلىرىڭنى تىككۈچىلەر ئويلىغان ،
ئالدىن بىلىپ بەدەنلىرىمگە ئۆلچىگەن .

تەقدىر ئەزەلدىنلا سېنىڭ تونلىرىڭنى ماڭا بۇيرۇغانىدى ، مەن كىيسەم راسا مۇۋاپىق كېلىدۇ ، — دېدى .
قازى دېدىكى :
— ئى يىگىت ، كىشىدىن ئالغان بايلىق ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ بەرىكەتلى بولمايدۇ .
— ئى قازى ، — دېدى ئوغرى ، — ھەر كىم ئىسراپخور بولىدىكەن ، دۇنياسى چەكسىز بولسىمۇ بەرىكەتلى بولمايدۇ . مەن بولسام ھەر قانداق ۋاقىتتا ناھايىتى تېجەپ سەرپ قىلىمەن . شۇڭا مېنىڭ تاپقىنىم بەرىكەتلىكتۇر .
— ئۇنداق بولسا ، سېنىڭ دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى بېرەي . ئەمما باغنىڭ ئىشىكىگىچە مەن بىلەن ھەمراھ بولۇپ بىللە بارغىن ، — دېدى قازى .
— ھەي قازى ، سەن بىلەن باغنىڭ ئىشىكىگە بىللە بارسام . سەن باغۋەننى چاقىرىپ بىرلىشىپ مېنى تۇتماقچىمۇ ؟ قاچمىسام تۇتۇۋالىسەن ، قاچسام ، سېنىڭدىن ئالىدىغانلىرىم قېلىپ قالسا ئۇ چاغدا زىيان تارتمايمەنمۇ ؟ ھەرگىزمۇ سەن بىلەن بىللە بارمايمەن . پەيغەمبەر ئەلەي-

ھېسسالام « سالامەتلىك ھوشيارلىقتۇر » دېگەنىدى . مېنى سەن ئالدىيالمايسەن .

راست ئىشقا قەسەمنى ياد ئەتسەڭ ،
قارار تاپماسكى ساڭا مەئمۇر .
قىلساڭ ياد ئەگەر يالغان قەسەم ،
خارلانغايسەن ئاخىر ،قاراپ تۇر .

ئەمدى گەپنى ئۇزارتماي ، قېچىردىن چۈشۈپ نەرسە - كېرەكلىرىڭنى تېز تاپشۇر . — دېدى ئوغرى .

قازى بۇ ئوغرىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى بىئارام بولدى ۋە ئوغرىغا سوئال قويۇپ بېقىپ ، ئوغرىنىڭ جاۋابىغا ھېچ سۆز تېپىپ بېرەلمەي ، يەرگە قاراپ تۇرۇپ ئويلىنىشقا باشلىدى . ئوغرى كۆردىكى ، قازى گەپ تاپالماي يەرگە قاراپ خىيالغا چۈشۈپتۇ . ئوغرى قازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قېچىردىن يەرگە چۈشۈردى ۋە سەللىسىنى بېشىدىن ئالدى . ئاندىن :

— ئى قازى ، كىيىم - كېچەكلىرىڭنى سېلىپ ماڭا بەر ، — دېدى .

قازى سىرتقى كىيىملىرىنى سېلىپ بېرىپ تۇردى . ئوغرى :

— ئى قازى بىلەمسەن ، ئىبنى ئاباسنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ، ھەزرىتى سەللەللاھۇ ۋەسسەللەم « ئىككى كۆڭلەكلىك كىشىنىڭ ئىمانىنىڭ ھالاۋىتى بولمىغاي » دېگەن . سېنىڭ ئۆيلىرىڭدە بولسا ، كۆڭلەكلىرىڭ كۆپتۇر ، تېز بول ! ئۇچاڭدىكىنى سېلىپ ماڭا تېز تاپشۇر ، — دەپ بۇيرۇدى .

— ئى ئىنساپسىز ، — دېدى قازى ، — مېنى يالىڭاچ قويمىغىن . مەن ناماز ئوقۇيمەن .

— سەللەللاھۇ ۋەسسەللەم « يالىڭاچ ناماز قىلماقلىق جائىزدۇر » دېگەن ، — دېدى ئوغرى .

قازى نائىلاج كۆڭلەكنى سېلىپ بەرگەنىدى ، ئوغرى ئۇنىڭغا

ئىشتانىنمۇ سېلىشقا بۇيرۇدى . ئەمما قازى قوبۇل قىلمىدى . ئوغرى ئېيت-تىكى :

— ئى قازى ، ئاڭلىمىغانمىدىڭ ، بىر ھېكىمگە : « ئى ھېكىم ، ئۆتكەن كېچە ئۆيۈڭگە ئوغرى كىرىپتۇ » دەپ ،خەۋەر كەپتۇ . ھېكىم جاۋاب بېرىپ :« خۇدايا خۇدا بەندە ، ئۇ ئوغرى ئۆيلەنگەن بولمسۇن يەنە » دەپتۇ .« نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەيسەن ؟ » دەپ سورىغانىكەن « شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، ئوغرى كىرگەن بىلەن ئۆيۈمدىن سۈپۈرگىنى ئې-لىپ كېتىپتۇ ، ( ئېھتىمال ئۆيلەنگەن بولسا ، ئاشۇ ئادەتىي نەرسىنىڭ خى-جالەتچىلىكىدىن كەلدىمىكىن ) دەپ بولدى قىلدىم » دەپتۇ . مەنمۇ يېڭى ئۆيلەنگۈچىدەك خىجالەتتىمەن ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە نەرسىلىرىڭنى تولۇق تاپشۇر ، — دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

بەرگىن سېلىپ ئىشتىنىڭنى سەن ئى قازى ،
تا مەن بولاي ساخاۋىتىڭدىن رازى .

شۇنداق قىلىپ ، قازىنىڭ قېچىر ، كىيىم - كېچەك ، ھەتتا ئىش-تانلىرىغىچە سالدۇرۇپ ئېلىپ ، قىپيالىڭاچ قىلدى . ئاندىن ئوغرى قازى-دىن سالدۇرۇۋالغان كىيىملەرنى كىيدى ۋە قېچىرغا مىنىپ ، ئۆتۈكىنىڭ نالى بىلەن قېچىرنى دېۋىتىپ قورساققا تەپكەندى ، قېچىر نالىنىڭ زەر-بىسىدىن سەكرەپ ، ئويناقلاپ كەتتى . ئوغرى قازىنى مەسخىرە قىلىپ :

— ئى قازى ، كۆردۈڭمۇ ؟ سېنىڭ مالىلىرىڭ ئەزەلدە ماڭا بۇي-رۇلغانىكەن . بۈگۈن ئۆز ئىگىسىنى تاپقانلىقى ئۈچۈن قېچىرىڭ ئوي-ناقلاپ كەتتى ، ئاللادىن تىلەيمەنكى ، سېنىڭ بىلەن يەنىمۇ دىدار كۆ-رۇشۇشكە نېسىپ قىلغاي ، — دەپ ئۆز يولىغا كەتتى . قازى ھەم ئۆيى تەرەپكە راۋان بولدى ، بىر كەمدە ئۆيىگە يېتىپ باردى . مۇلازىملار كۆردىكى ، قازى ھەممىدىن ئايرىلىپ قىپيالىڭاچ كەپتۇ . دەرھال يېڭى كىيىم - كېچەكلەرنى كەلتۈرۈپ قازىنى كىيىندۈردى . بۇ خەۋەر دەرھال باغداد شەھرىگە تارقىلىپ : « بۈگۈن كېچە قازىنى باغنىڭ يولىدا بىر ئوغرى يالىڭاچلاپ ھەيدىۋېتىپتۇ » دېگەن گەپ - سۆزلەر پۇر كەتتى .

بۇنى ئاڭلىغان شەھەر كاتتىلىرى توپلىشىپ قازىدىن ھال سورىغىلى كەلدى. قازى ئۆزى بىلەن ئوغرى ئوتتۇرىسىدا بولغان گەپ - سۆزلەرنى بايان قىلدى. شۇ زاماندا بىر شائىر بار ئىدى، قازى بىلەن ئوغرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىدەك نەزمىگە كەلتۈردى:

كەلدى دۆچ بۇ كېچە ماڭا تەررار[1]،
ئۇ ئىكەن ئىلىم بابىدا تەييار.
قېچىر ۋە جامەم ئېلىپ ئول بەد رەڭ،
تەفسىر، ئايەتلەردىن ئېيتتى قاتار.
قولىدا تىغى، تىلى ئىتتىك ئاندىن،
تېزراق ئويلا كىم چاپاردا شەررار[2].
مۇنەججىم، مۇھەددىس ئىكەن ناتىق،
يېڭەلمەس ئۇنى تۇمەن مىڭ ئەييار.

بۇ نەزمىنى ھەممە ئادەملەر ئاڭلاپ، قازى بىلەن ئوغرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولدى.

شۇنداق قىلىپ، قازى ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ بىر مۇلازىمى يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— ئى قازى، سىزنىڭ قېچىرىڭىزغا مىنگەن، بېشىغا دەستارىڭىزنى ئورىغان، ئۇچىسىغا تونلىرىڭىزنى كىيگەن، قولىدا كىتاب بار بىر كىشى كېلىپ: «قازى بىلەن كۆرۈشىمەن. ئۇنىڭ بىلەن زۆرۈر ئىشىم بار ئىدى، دەيدۇ» دېدى. قازى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ۋەھىمىگە چۈشۈپ:

— دەرھال شەھەر دەرۋازىلىرىنى تاقاڭلار، ھەرگىز كىرگۈزمەڭلار، — دەپ بۇيرۇپ، كۆڭلىدە: «ئۆتكەن كېچە قولىدا كىتاب يوق تۇرۇپمۇ ئايەت، ھەدىسلەرنى سۆزلەپ مېنى مات قىلدى. ئەمدى ئۇ

---

① تەررار — ئوغرى.
② شەررار — ئۇچقۇن.

كىتاب ئەكەلگەن بولسا، قانداق قىلارمەن؟» دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا، بىردىنلا ئوغرى كىرىپ كېلىپ سالام قىلماستىنلا قازىنىڭ چەپ قولىدىن يۇقىرىراق ئولتۇردى.

قازى بۇنى كۆرۈپ:

— ئى ئەدەپسىز، نېمە ئۈچۈن سالام قىلمايسەن. مەن باغداد شەھىرىنىڭ قازىسى تۇرسام، ئۆيۈمگە ئىجازەتسىز كىرىپ، مەندىن يۇقىرى ئورۇندا ئولتۇرۇشقا نېمە ھەددىڭ؟ — دېدى.

— ئى ھەزرىتى قازى، — دېدى ئوغرى، — سالام ئۈچ خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچىسى: قورققانلىقتىن سالام بېرىدۇ. چۈنكى، مەن سەندىن قورقمايمەن. ئىككىنچىسى: تەمەخورلۇق سالىمىدۇر. مېنىڭ سەندىن ھېچقانداق تەمەيىم يوق. ئۈچىنچىسى: مۇسۇلمانچىلىق سالىمىدۇر. چۈنكى، قازىلاردا ھېچقانداق مۇسۇلمانچىلىق يوقتۇر. بۇ ھەقتە شائىرلار دەپتۇكى:

ئىمانغا يېتەلمەي ئۆتتى بۇ ئۆمرۈڭ،
ئۆزۈڭنى شەرىئەت قازىسى مەن دەپ.
تاپقاندا بوزەكنى دەررىلەر ئۇردۇڭ،
ناھەقنى ھەق قىلدىڭ بەرسە پارا يەپ.

قازى دېدىكى:

— ئى شەيخ، مەن ئۆزۈمنى مۇسۇلمان ھېسابلايمەن. مېنىڭ تائاملىرىم ھالال نەرسىلەردۇر.

— بۇ نەزمىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ — دېدى ئوغرى:

پارا ئالۇر قازى ئۆزگە خوي قىلادۇر،
ئەلۋەتتە ئۇنى ياخشى خىسلەت بىلەدۇر.
ھەر يەردە ئەگەر ئۆلگەن ئېشەكنى كۆرسە،
ئۆزىنى ئۇنىڭغا دۇئاكۇ قىلادۇر.

بۇ چاغدا قازىنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ ، كۆپ قورقتى ۋە ئوغرىدىن ھال سوراپ :

— ئى ئۇلۇغ شەيخ ، كەلگىنىڭ ئوبدان بوپتۇ . نەدىن كەلدىڭ . ۋە نېمە مەقسىتىڭ بار ؟ — دېدى . ئوغرى دېدىكى :

— ئى قازى ، بىلىپ قالغىنكى ، بۇگۇن بۇ كىتابنى مۇتالىئە قىلـغانىدىم . بۇ كىتابنىڭ ھاشىيەسىدە يېزىلىپتۇكى : سەن مېنىڭ قۇللىـرىمدىن ئىكەنسەن .

— قايسى ئىسپات بىلەن ؟ — دەپ سورىدى قازى .

— بىلىپ قويغىنكى ، — دېدى ئوغرى ، — رىۋايەت قىلىنىشىـچە ، ئاتام بوۋامدىن ، بوۋام ئىبنى ئاتباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇۋەسسەللەمـدىنكى ، سېنىڭ ئاتا ـ بوۋا ئەجدادىڭ بىزنىڭ خانىدانىمىزنىڭ قۇللىرىـدىن ئىكەن .

قازى بۇنى ئاڭلاپ قورققانلىقىدىن تىترەپ كەتتى ۋە ئوغرىدىن :

— ئى شەيخ فازىل ، مەقسىتىڭ نېمە ؟ — دەپ سورىدى .

— ئى قازى ، سېنى دەلىل ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىگە ئاساـسەن ئۆز قۇلۇم قىلىمەن . مەنسەپ ۋە قازىلىقىڭنى ئالىمەن . بارلىق مال ـ مۈلكۈڭنى ئېلىپ ، پەرزەنتلىرىڭنى سېتىپ خىراجەت قىلىمەن . — دەپ جاۋاب بەردى ئوغرى .

قازى ئوغرىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ھېچ كۆزى يەتمەي ، يىغلاپ تۇرۇپ ئوغرىغا ئىلتىماس قىلىپ :

— ھەممە نەرسەمنى ئالساڭمۇ ئال ، لېكىن باغداد شەھىرىدە مېنى رەسۋا قىلمىساڭ ، — دەپ يالۋۇرغىلى تۇردى .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى ئوغرى ، — مىڭ تىللاغا بىر ساراي ئالـغانىدىم . ئۇنىڭدىن بىر تىللانى بەردىم . يەنە توققۇز يۈز توقسان توققۇز تىللاسى بار . شۇ پۇلنى تەييارلاپ بەرگەيسەن .

قازى بۇ تەلەپنى قوبۇل كۆردى ۋە كۆڭلىدە : « ھۆججەت بېـرەي . پۇلنى بەرسەم ، بېرەرمەن ، بولمىسا ، يوق » دەپ بىر پارچە سۆلـھىنامە تەييارلىدى ، باغدادنىڭ ئۇلۇغ ـ ئۆششاق ، ئۆلىما ۋە مەشايىخلىرىـ

نىڭ ھەممىسى قازىنىڭ ھويلىسىغا كېلىپ شاھىد بولۇپ قول قويدى . قازى پۇلنى تەييارلاپ بەرمەكچى بولدى ۋە ئوغرىدىن پۇلنى تەييارلاپ بولغۇچە كۈندە كېلىۋالماسلىقنى ئۆتۈندى . بۇنى ئوغرى ھەم قوبۇل قىلدى . قازى ئۆيىگە كىرىپ خوتۇنىنى چاقىرىپ :

— ئوغرىغا ئالىي تائام تەييارلاڭلار ، تۆزىمىزنىڭ يۈزىدىن بۇندىن كېيىن كېلىپ مېنى تەشۋىشكە سالماس ، — دەپ بۇيرۇدى ۋە يەنە خوتۇنىغا ، — تائام بىلەن قوشۇپ بۇ توخۇنى كاۋاپ قىلىپ كەلتۈرۈڭلار ، — دېدى . ئاندىن كېيىن قازى ئوغرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىر مۇنچە سۆزلەر بىلەن ئۆيىگە تائامغا تەكلىپ قىلدى . ئوغرى تەكلىپنى قوبۇل كۆرۈپ ئۆيىگە كىردى . بىر كەمدە قازىنىڭ خوتۇنى بىر قولىدا داستىخان ، بىر قولىدا توخۇ كاۋىپى كۆتۈرۈپ كىرىپ قازىنىڭ ئالدىدا قويدى . قازى كۆڭلىدە : « بۇ توخۇنى تەقسىم قىلىشنى ئوغرىغا ھاۋالە قىلمايمەنمۇ . ئەگەر توغرا تەقسىم قىلالمىسا . شەرمەندە قىلىمەن » دەپ ئويلاپ . توخۇنى ئوغرىنىڭ ئالدىغا قويۇپ :

— ئى شەيخ ، توخۇنى سەن تەقسىم قىلغايسەن ، — دېدى .

ئوغرى توخۇنى پارچىلاپ پارە - پارە قىلىپ ، بېشىنى قازىنىڭ ئالدىغا قويدى . بوينىنى قازىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئالدىغا قويدى . ئىككى قانىتىنى قازىنىڭ ئىككى ئوغلىغا قويدى . قالغىنىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويدى . ئاندىن كېيىن :

— قېنى گۆشكە بېقىڭلار ، — دېدى .

قازى بۇنى كۆرۈپ سورىدىكى :

— مەن ھەممىگە باراۋەر تەقسىم قىل دېگەنىدىم ، بۇ قانداق تەقسىمدۇر ؟

— بۇ شۇنداق تەقسىماتكى ، — دېدى ئوغرى ، — بېشىنى سىنىڭ ئالدىڭىغا قويدۇم . چۈنكى ، سەن بۇ ئۆينىڭ باشلىقىدۇرسەن . بوينىنى خوتۇنۇڭنىڭ ئالدىغا قويدۇم . چۈنكى بويۇن باشقا يېقىندۇر . ئىككى قانىتىنى ئىككى ئوغلۇڭنىڭ ئالدىغا قويدۇم . چۈنكى ، ئىككى ئوغلۇڭ گوياكى ئىككى قانىتىڭدۇر . قالغان قىسمىنى ئۆز ئالدىمغا قويـ

دۇم. چۈنكى، بۇنىڭ بىلەن سىلەرگە مېھمان بولغايمەن.

قازى ھەيران بولۇپ، گەپ تاپالمىدى. تائام يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن قازى ئوغرىنى دۇئاغا تەكلىپ قىلغاندى. ئوغرى قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— خۇدايا، يەنە بىر ساراي ئالغاندىم. قىرىق تىللا بەرمەكچى بولۇپ يېرىم تىللانى بېرىپ، قالغىنى نېسى قالغاندى. ئۇنىمۇ قازى بې-رىشكە، قازى قىزىنى ماڭا نىكاھلاپ بېرىشكە، بۇ ئۆيگە بىز ئىگىدارچى-لىق قىلىپ ئولتۇرۇشقا نېسىپ قىلغايسەن. بۇنىڭ بىلەن قازى بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىزدا دوستلۇق ۋە تۇغقانچىلىق پەيدا بولسۇن، — دەپ قولىنى يۈزىگە ئاپىرىپ «ئامىن» دېدى. قازى بۇنى ئاڭلاپ:

— ئى شەيخ، يەنە نېمە مەقسىتىڭ بار، — دەپ سورىدى.

— مەقسىتىمنى دۇئايىمدىن ئاڭلىغانسەن، — دېدى ئوغرى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى قازى، — بىزنىڭ ئۆيدە يەتتە دانە تۇخۇم بار. بىز بەش كىشى بولدۇق. ئەگەر توغرا تەقسىم قىلالىساڭ، تەلەپ قىلغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى بېرىمەن. ھەتتا ۋەدە قىلغانلىرىمدىنمۇ ئارتۇق بېرىمەن.

ئوغرى تۇخۇمنى ئېلىپ ئۇيان ئويلاپ ــ بۇيان ئويلاپ، تەقسىم قىلىشنىڭ ئامالىنى تاپالمىدى. قازىنىڭ خوتۇنى ئوغرىنىڭ ئامالسىز قال-غانلىقىنى بىلىپ، ئوغرىدىن:

— نېمە ئۈچۈن تەقسىم قىلالمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

ئوغرى:

— ئەقلىم يەتمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى قازىنىڭ خوتۇنى، — ئەگەر قازى-دىن ئالغان نەرسىلەرنى ۋە تىلخەت بىلەن قوشۇپ ھەممىسنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە بەرسەڭ تۇخۇمنى مەن تەقسىم قىلالايمەن.

ئوغرى كۆڭلىدە: «مەن شۇنچە ئەقىل ــ پاراسەت، ھىيلە ــ تەدبىر بىلەن تەقسىم قىلالمىغان يەردە، بۇنىڭدەك بىر خوتۇن كىشى قانداق تەقسىم قىلالىسۇن؟» دەپ ئويلىدى. نىھايەت، سەئىدىنىڭ:

گەرچە شەيتان ھەممىنى ئازدۇرسىمۇ،
ھىيلىدە خوتۇن ئاڭا ئۇستاز ئېرۇر.

دېگەن بېيىتلىرىنى ئۇنتۇپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ، قازىنىڭ خوتۇنى تەقسىم قىلالىسا، ئوغرى قازىدىن ئالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ياندۇرۇپ بېرىدىغانغا پۈتۈشتى. ئوغرى ئۆيىگە بېرىپ قازىدىن ئالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، بىر خالىس كىشىگە تاپشۇردى. خوتۇن تەقسىم قىلالىسا، بۇ نەرسىلەر قازىغا قالماقچى، ئەگەر تەقسىم قىلالمىسا، قازىنىڭ پۈتۈن بارلىقىنى ئوغرى ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. ئاندىن كېيىن قازىنىڭ خوتۇنى تۇخۇمنى قولىغا ئالدى.

ئوغرىنىڭ ئالدىغا يەتتە تۇخۇمدىن قويدى بىرىن،
قويدى قازى ئالدىغا بىرلا تۇخۇم ئۇ نازىنىن.
قالغان ئۇ بەشتىن ئىككىنى قويدى ئىككى ئوغلىغا،
ئاخىرقى ئۈچ دانىنى ئۆز ئالدىغا قويدى بارىن.

قازىنىڭ خوتۇنى ئولتۇرغانلارنى يېيىشكە تەكلىپ قىلغانىدى، ئوغرى:

— بۇ قاملاشمىدى، قانداق توغرا تەقسىمات دېگىلى بولسۇن؟ — دېدى.

— بۇ شۇنداق تەقسىماتكى، — دېدى خوتۇن، — ھەر قانداق ئۇلۇغلار غىمۇ يارايدۇ. چۈنكى، سىلەر ئەر كىشىلەردۇرسىزلەر، ھەر بىرىڭىزلەرنىڭ ئىككىدىن تۇخۇمىڭىزلەر بار. مەن بىردىن بەردىم. شۇنىڭ بىلەن ھەر بىرىڭىزلەردە ئۈچتىن تۇخۇم بولدى. مەن بولسام خوتۇن كىشىدۇرمەن. مەندە تۇخۇم بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ دانىنى ئۆزۈم ئېلىپ، ھەممىمىز باراۋەر بولدۇق، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئوغرى ئالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قازىغا قايتۇ-

رۇپ بەردى .ئاندىن ئۆيدىن چىقىپ ، « ئەگەر تىرىك بولىدىكەنمەن خوتۇن خەق بىلەن ھەمسۆھبەت بولمىغايمەن »دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

« خوتۇنلار بار جايغا شەيتان يولۇقماس » ،
دېگەن سۆزنى بىلدىمكى ، بولدى ئەلھەق راس .
ئۆزىنى « مەن » دېگەن داناالار ئەقلى ،
خوتۇنلار مىكرىدىن ئارتۇق چىقالماس .

شۇنداق قىلىپ ، ئوغرى ئەقىل ـ پاراسەتتە قازىنىڭ خوتۇنىدىن يېڭىلىپ قالغىنىغا ھەيران بولۇپ ، ئۆيىگە بېرىپ خىيال بىلەن ئولتۇرغا-نىدى ، ئىشىكتىن بىر بۇرادىرى كىرىپ كەلدى . سالام ـ سەھەتتىن كېيىن مېھمان سۆز ئېچىپ :

— ئى بۇرادەر ، خاپا كۆرۈنىسەن ، سەۋەب نېمە ؟ — دەپ سو-رىدى . ئوغرى بولغان ئىشلارنى بايان قىلىپ ، ئۆزىنىڭ بىر ئايال كىشى-دىن يېڭىلىپ قالغانلىقىغا ئەپسۇسلار قىلدى . مېھمان دېدىكى :

— ھەي بۇرادەر ، مەن سېنى تەگدىشى يوق دانا دېسەم ، سېنىڭ ھەم بىلمەيدىغانلىرىڭ كۆپ ئىكەن . خوتۇنلار ئەرلەردىن ئەقىللىقتۇر . ئوغرى پاششاپتىن ئەقىللىق بولمىسا ، پاشىيالامتى ؟ خوتۇنلار ئەردىن ئەقىللىق بولمىسا ، ئالدىيالامتى ؟ ئوغرى پاششاپتىن ئەقىللىق بولغاچقا ، پاششاپ ئوغرىنى تۇتالماي ئاۋارىدۇر . خوتۇنلار ئەرلەردىن ئەقىللىق بول-غاچقا ، ئەرنىڭ خوتۇنلارغا ئالدانمايدىغىنى تېخى كۆرۈلگەن ئەمەس ، ئۇلار شۇنداق ئالدىيالايدۇكى ، ناز بىلەن مەپتۇن قىلىپ ، ھىيلە بىلەن ئىشەندۇرەلەيدۇ . سەن بۇ ھەقتە ئالدانغان خاقان ھېكايىسىنى ئاڭلىمى-غان بولساڭ كېرەك .

— ئى دوستۇم دېدى ، — ئوغرى ، — ئالدانغان خاقان قانداق بولغانىكەن ؟

مېھمان ھېكايىسىنى باشلىدى :

# ئالدانغان خاقان ھېكايىسى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۆتكەن زاماندا، ناھايىتى دانا، پاراسەتلىك بىر خاقان ئۆتكەنىكەن. خادىملىرىنى ئەقىل - پاراسەت جەھەتتە سىناپ تۇرىدىكەن، نادانلارنى يېنىغا يولاتمايدىكەن. ئەمما ئۇنىڭ خوتۇنى ئۆزىدىنمۇ ئەقىللىق ۋە دانىشمەن ئىكەن. پادىشاھنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرىدىكەن.

بۇلار مۇشۇنداق ئۆتۈپ يۈرۈپ، خاقانىنىڭ خوتۇنى بىر مىراخور بىلەن دوست بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئىككىسى بارغانسېرى ئامراقلىشىپ بىر - بىرىدىن بىردەم ئايرىلسا تۇرالمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ، خاقانىنى ئەخمەق قىلىپ يۈرۈپتۇ. بۇ خوتۇن كۆڭدە نەچچە خىل ياسىنىدىغان، بىر جايدا ئولتۇرالمايدىغان، قاتتىق ئاۋاز بىلەن قاقاقلاپ كۈلىدىغان، تولا ئەيىنەككە قارايدىغان، گەپ - سۆزدە يات - يات ئازىدىغان، قويغان - تۇتقانلىرى قالايمىقان، ئۆي ئىشىغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، توي - تۆكۈن، ئويۇن - مەشرەپكە بارغىلى ئامراق بولۇپ قاپتۇ.

خاقان خوتۇنىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ گۇمانلىنىپ يۈرسە، خوتۇنى يات - ياتلا مىراخورنىڭ قېشىغا چىقىدىغان، مىراخور ھەم ئۇنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. يۈرسەت تاپسىلا خوتۇنى مىراخورنىڭ ياخشى سۆزىنى قىلىپ خاقانغا تولا ماختايدىغان بولۇپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن بىلىپتۇكى: «خوتۇنۇم بىلەن مىراخور تېپىشىپ قاپتۇ. قويۇپ بەرسەم بىر نەچچە بالىمىز تۇرسا، خاقانىمىزنىڭ خوتۇنى ئات باقار قۇل بىلەن دوست بولۇپ قاپتۇ، دېگەن گەپ تارقاپ كەتسە؛ قويۇپ بەرمىسەم بۇ ئىشقا ۋىجدانىم چىدىمىسا. ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ ئىشنى بىلمىگەن كىشى بولۇپ تۇرۇپ باشقا بىر گۇناھنى ئارتىپ شۇنىڭ بىلەن مىراخورنى ئۆلتۈرەي» دەپ ئويلاپتۇ. بىر كۈنى خاقان ئۆيىدە بېشىنى سىلاپ يېتىپ، مىراخورنى چاقىرىپ:

— تېپىپ كىر ! — دەپتۇ . مىراخور :

— خوپ ، — دەپ چىقىپ نېمىنى تېپىپ كىرىدىغانلىقىنى بە-لەلمەي خاقانىنىڭ خوتۇنىدىن سوراپتۇ :

— ئى خانىكە ، پادىشاھ مېنى چاقىرتىپ كىرىپ : « تېپىپ كىر » دېدى ، نېمىنى تېپىپ كىرىشنى بىلەلمىدىم ، ئەمدى مېنى ئۆلتۈ-رىدىغان بولدى ، قانداق قىلارمەن ؟ — دەپتۇ .

— قانداق تۇرۇپ ، تېپىپ كەل ، دەپ بۇيرۇدى ؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇن .

— بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ، — دەپتۇ .

— ئۇنداق بولسا ، — دەپتۇ خوتۇن ، — ساتىراشنى تېپىپ كەل .

مىراخور بېرىپ ساتىراشنى تېپىپ كەپتۇ . خاقان بۇنىڭ بىلەنمۇ گۇناھ ئارتالماپتۇ .

خاقان يەنە تەدبىر ئويلاپ ، باشقا بىر كۈنى مىراخورنى چاقىر-تىپ ، ئوڭدا يېتىپ « تارت » قىلىپ بىرنى ئوسۇرۇپ :

— تۇتۇپ كىر ! — دەپتۇ . مىراخور چىقىپ يەنە خانىكەدىن سوراپتۇ ، خانىكە :

— قانداق تۇرۇپ شۇنداق دېدى ؟ — دەپ سوراپتۇ . مىراخور :

— بىرنى ئوسۇرۇپ تۇرۇپ ، — دەپتۇ .

— ئۇنداق بولسا ، بالىسى قېچىپ كەتتى ، ئانىسىنى تۇتۇپ كەل-دىم دەپ قۇرۇق گەندىدىن بىر پارچە ئېلىپ كىر ، — دەپ يول كۆر-سىتىپتۇ . مىراخور چىقىپ خانىكە دېگەندەك قىلىپ جازادىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ .

خاقان :« بۇ نېمە ئىشتۇر ؟ » دەپ ھەيران بولۇپ ، يەنە بىر كۈنى مىراخورنى چاقىرتىپ ، تورۇسقا قاراپ يېتىپ :

— ئېلىپ كىر ! — دەپتۇ . مىراخور نېمە قىلارىنى بىلەلمەي خا-نىكەدىن سوراپتۇ . خانىكە :

— ئۇ قانداق ھالەتتە دېدى ؟ — دەپ سوراپتۇ . مىراخور جاۋاب

بىرىپ :

— تورۇسقا قاراپ يېتىپ ، — دەپتۇ .

— ئۇنداق بولسا ، ياغاچچىنى ئېلىپ كىر ، — دەپتۇ .

مىراخور چىقىپ ياغاچچىنى ئېلىپ كىرىپتۇ . سارايىنىڭ بىر تال ۋاسسى چىقىپ كەتكەنىكەن . ئۇنى تۈزەپ جايىغا كەلتۈرۈپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ .

خاقان ئۈچ تەدبىر بىلەنمۇ مىراخورنى تۇتالماي ، ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپ ماراپ يۈرۈپتۇ ۋە خوتۇنىنىڭ پات ـ پات ئاختاخانىغا كىرىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپتۇ . خاقان : « مېنىڭ مىراخورغا قىلغان پەرمانلىرىمنى خوتۇنۇمدىن باشقا كىشى چۈشەنمەيتتى . خوتۇنۇم بولسا دانىشمەندۇر . شۇنىڭ ياردىمى بىلەن مىراخور جازادىن قۇتۇلۇپ قالدى . ئەمدى بۇلار ھوشيارلىشىپ ئاختاخانىدا كۆرۈشىدىغان بوپتۇ . ئۇنىڭ جېنىنى شۇ يەردە ئالاي » دەپ ، بىر ئاخشىمى ماراپ ئولتۇرسا ، خوتۇنى ئەتراپقا سەپسېلىپ بېقىپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ . خاقان بۇنى كۆرۈپ « ئەمدى ئۆز ئۆيۈمدە تۇتىدىغان بولدۇم » دەپ قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئۆي تەرەپكە يۈگۈرۈپتۇ . ئۇنىڭ شەپىسىنى سەزگەن خوتۇن دەرھال بىر تاغارنى ئېلىپ تېگىنى تېشىپ مىراخورغا كىيدۈرۈپ :

— خاقان كىرىشى بىلەن تەڭلا پۇتلىرىڭنى تاغاردىن چىقارماي يۇمىلاپ ئىشىكتىن چىقىپ قېچىپ كەتكىن . ساڭا ھېچ گەپ بولمايدۇ ، — دەپ ئۆگىتىپتۇ . پادىشاھ قەھرى ـ غەزەپ بىلەن كېلىپ ئىشىكنى تېپىپلا ئېچىشىغا ، بوسۇغىدىن بىر يۇمىلاق نەرسە يۇمىلاپ چىقىپ قاراڭغۇدا غايىب بوپتۇ . خاقان ئۆيگە كىرىشىگە :

— خاقان ئالىيلىرى ياخشى ۋاقىتىدا كەپتىلا ، ئۇھ ، ئەجەب يېنىكلىشىپ قالدىم ، — دەپتۇ خوتۇنى . خاقان تېخىمۇ غەزەپ قىلىپ ، ئۆينى ئاختۇرسا ھېچكىم كۆرۈنمەپتۇ . چىقىپ كەتكەن نەرسىدىن گۇمان قىلىپ :

— ھەي خوتۇن ! ھېلىقى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن كىم ؟ راستىنى ئېيتمىساڭ كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن ، — دەپتۇ .

خوتۇن قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ. خاقان ھەيران بولۇپ:

— نېمىگە كۈلسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئالىيلىرى شۇنىمۇ بىلمەمدىلا؟ — دەپتۇ خوتۇنى، — چىقىپ كەتكەن نەرسە بولسا، قوقاق، مەن قوقاقداپ قالغانىكەنمەن، بۈگۈن بىرسىدىن: «قوقاق يۇمغاقسۇتتىن قورقارمىش» دېگەننى ئاڭلاپ، چېكەمگە يۇمغاقسۇت قىستۇرۇۋالغانىدىم. ماڭا چاپلاشقان قوقاق يۇمغاقسۇتتىن قورقۇپ بەدەنلىرىمدىن چىقىپ يۇملاپ قېچىپ كەتتى. قوقاقنىڭ پۇت ـ قولى يوق دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىلا؟ شۇڭا، چاپلاشقان يەردە ئۇزاق تۇرۇپ قالىدىكەن، — دەپتۇ ۋە چېكىسىدىكى يۇمغاقسۇتنى ئېلىپ خاقانغا سۇنۇپتۇ.

خاقان ئويلاپتۇكى: «قاچقان نەرسىنىڭ راستلا پۇتى يوق ئىكەن. قوقامۇ قورقىدىكەن، مەنمۇ يۇمغاقسۇت ئېلىۋالسام بولغۇدەك» دەپ يانچۇقىغا يۇمغاقسۇت سېلىۋاپتۇ. ئۇندىن كېيىن مىراخور داۋاملىق خانىكەنىڭ ئۆيىگە كىرىدىغان بوپتۇ. خوتۇندىن بەزىدە نالە ئاڭلانسا، خاقان ئۇنى «خوتۇنۇمغا قوقاق چاپلاشقان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ چارىسى بار، چىقىرىۋېتەلەيدۇ» دەپ خاتىرجەم يۈرۈپتۇ.

بۇ ھېكايىنى شۇنىڭ ئۈچۈن مىسال كەلتۈردۈمكى، ئاشۇنداق نەچچە مەملىكەتلەرنى ئىدارە قىلغۇچى بىر خاقانمۇ، خوتۇن كىشىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت، ھىيلە ـ مىكىرلىرىگە تاقابىل كېلەلمەي، يېڭىلىپ، بىر ئۆمۈر ئۇلارنىڭ ئەخمەق قىلىشىغا ئۇچراپتۇ. سېنىڭ بىر خوتۇندىن يېڭىلىشىڭ ھېچقانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، دېدى.

ئوغرى بۇ ھېكايىدىن تەسىرلىنىپ: «كىشىلەرنىڭ شەكلىگە ۋە جىنسىغا قاراپ باھا بەرمەك قىيىن ئىكەن» دەپ ئويلاپ:

— ئى بۇرادەر! ماڭا ياخشى نەسىھەتلەر بىلەن ئىبرەتلىك ھېكايىلەرنى مىسال قىلىپ تەسەللى بەردىڭ. كېيىنكى ئۆمرۈمنى تەنھالىق بىلەن ئۆتكۈزگەيمەن، — دېدى.

— ئى بۇرادەر، — دېدى مېھمان، — خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئەمەستۇر. قازىنىڭ خوتۇنىغا ئوخشاش ئەقىللىق، مېھمان-

دوست ، ئېرىگە مېھرىبان ، كىشلەرگە ھۆرمەت قىلىدىغان ، نومۇسلۇق ، ئۇيـاتچان خوتۇنلار ھەم كۆپ . سەن ئادەم خۇيلۇق ، ياخشى مىجەزلىك خوتۇنلارنى تاللاپ بىللە ئۆتۈپ ، ھاياتىنىڭ لەززىتىدىن بەھرىمەن بو- لۇشۇڭ كېرەك . سەن « ماقۇلچى ساھابە » نىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىمىغان بولساڭ كېرەك .

— ئى بۇرادەر « ماقۇلچى ساھابە » نىڭ ھېكايىسى قانداق بولغا- نىكەن ؟ سۆزلەپ بەرگىن ، مەن ھەم ئىبرەت ئالاي .

ماقۇل ، — دەپ مېھمان ھېكايىسىنى باشلىدى :

## ماقۇلچى ساھابە ھېكايىسى

رىـۋايەت قىلىنىشىچە ، پەيغەمبەرلەر زامانىدا بىر ساھابە ئۆتكەنى- كەن . دىلى يۇمشاق ، ھەممە ئىشقا « ماقۇل » دەپ جاۋاب بېرىدىغان ، ئەسلا « ياق » دېيىشنى بىلمەيدىغان كىشى ئىكەن .

بـۇ ساھابەنىڭ بىرلا قىزى بار بولۇپ ، قىزىنىڭ چوڭ بولۇپ بو- يىغا يېتىشى بىلەن تەرەپ - تەرەپتىن لايىق كېلىشكە باشلاپتۇ . ساھابە بولسا ، كەلگەنلەرگە يۈز كېلەلمەي كەلگەن لايىقلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاشلا « قىزىمنى بېرەي ، ماقۇل » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ، تۆت كۈن ئىچىدە تۆت يىگىتكە ۋەدە بېرىپ ، توي كۈنىنى بىر كۈن قىلىپ بەلگى- لەپتۇ . كۈندىن - كۈن ئۆتۈپ ، توي كۈنى يېقىنلاپ كەپتۇ . ساھابە بۇ ئىشتىن بىشى قېتىپ ، « كەلگەنلەرگە قىزىمنى بېرەي دەپ ۋەدە قىلى- ۋەردىم . قىزىم بولسا بىر ، يىگىت تۆت كىشىدۇر ، ئەمدى قانداق قىلغۇ- لۇق ؟ » دەپ ، پەيغەمبەرنىڭ قېشىغا بېرىپ :

— يا رەسۇلىللاھ ، مەن بىر قىز چوڭ قىلغانىدىم . ئۇمۇ كەلدى : قىزىڭىزنى بېرىڭ دەپ ، بۇمۇ كەلدى : قىزىڭىزنى بېرىڭ دەپ . كەلگەن ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرالماي ھەممىسىگە بېرەي ، دەۋېرىپتىمەن . ئەمدى توي كۈنى يېقىنلىشىپ قالدى . كەلگەنلەرگە نېمدەپ جاۋاب بې- رەرمەن ، — دەپ يىغلاپتۇ . پەيغەمبەر دەپتۇ :

— ئى ساھابە ، سەن ئۆيۈڭگە قايتىپ ، مۈشۈكنىڭ ئاسلىنىدىن بىرنى ، ئىتنىڭ كۈچۈكىدىن بىرنى ، ئېشەكنىڭ تەخىيىدىن بىرنى تېپىپ ، ئۆزۈڭنىڭ قىزى بىلەن قوشۇپ بىر ئۆيگە سولاپ قويغىن . مۈشكۈلۈڭ ئاسان بولىدۇ .

ساھابە ئۆيىگە بېرىپ پەيغەمبەر دېگەندەك قىلىپ تۆتىنى بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ . ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچسا ، ئۆزىنىڭ قىزى بىلەن ئوخشاش تۆت قىز ئولتۇرۇپتۇ . ساھابە بۇلاردىن قايسىسى ئۆزىنىڭ قىزى ، قايسىسى كۈچۈك ، قايسىسى مۈشۈك ، قايسىسى تەخەي ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەپتۇ . شۇنداق تۇرسا ، تۆت تەرەپتىن تويلۇق تارتىپ تۆت يىگىت كەپتۇ . شۇ كۈنى توينى قىلىپ ، تۆت قىزنى تۆت يىگىتكە بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ . كۆڭلىدە : « بۇ قىزلارنىڭ قايسىسى مېنىڭ قىزىم ، قايسىسى باشقىلىرى ، ئۇنى بىلەلمىسەم ، ئەمدى ئەرلىرى نېمىدەپ كېلەر ؟ » دەپ ئەندىشە قىلىپ تۇرسا ، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە چوڭ كۈيئوغلى ئەر - خوتۇن كىرىپ كەپتۇ . ساھابە « چاتاق چىقتىمىكىن » دەپ ئەنسىرەپ كۈيئوغلىدىن :

— ھە ، ئوغلۇم ، قىزىمىز چىشىڭىزغا تەگمىگەندۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— چىشىمغىمۇ تەگمىدى ، بىراق ئوينىشىپ قويسام يۈزلىرىمگە يامىشىپ ، تىرمىلاپ تۇرىدۇ ، بىر تەرەپتىن پىخىلداپ كۈلىدۇ . ھالىمىز مانا شۇ ، — دەپتۇ . ساھابە كۆڭلىدە : « مۈشۈكنىڭ بالىسى ئىكەن » دەپ بىلىپ :

— خاپا بولماڭ ئوغلۇم ، ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى چاقچاق قىلغىنى ، كىچىكىدىنلا تاتىلاپ ئويۇن قىلاتتى . مەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلاي ، — دەپ ماگدۇرۇپتۇ .

چوڭ كۈيئوغۇل كېتىپ تۇرۇشىغا ، ئىككىنچى كۈيئوغلى ئەر - خوتۇن كىرىپ كەپتۇ . ساھابە بۇلارنى كۆرۈپ : « بۇ ئىككىسى نېمە چاتاق چىقارغاندۇ ؟ » دەپ ئەنسىرەپ كۈيئوغلىدىن :

— ھە ، ئوغلۇم ئۆي تۇتالامدىكەنسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ .

كۆيئوغلى :
— ئۆيغۇ تۇتۇپ كېتىمىز . ئەمما ئۇنى ئۆزۈمگە ئۆگىتىۋالاي دەپ
بىر يەرلىرىنى تۇتۇپ قويسام ، قارسىلدىتىپ تېپىپ خاپا قىلىۋاتىدۇ ، —
دەپتۇ ، ساھابە كۆڭلىدە : « بۇ ئېشەكنىڭ بالىسى ئىكەن » دەپ بىلىپتۇ
ۋە :
— بالا دېگەننىڭ ئۆزىنى تۇغقان بىلەن خۇيىنى تۇغمايدىكەنمىز ،
كىچىكىدىنلا ئاداشلىرىنى تېپىپ ئويۇن قىلاتتى . مەن نەسىھەت قىلاي ،
خاپا بولماڭ ، — دەپ يولغا سېلىپ قويۇپ تۇرسا ، ئۈچىنچى كۆيئوغلى
ئەر - خوتۇن كىرىپ كەپتۇ . ساھابە ئۇنىڭدىنمۇ ھال سوراپتۇ . كۆي-
ئوغلى جاۋاب بېرىپ :
— شۇنداق يېقىن بېرىپ كۆڭۈل ئىزھار قىلسام ، كارسىلدىتىپ
چىشلەپ قورقۇتۇپ تۇرىدۇ ، — دەپتۇ . ساھابە كۆڭلىدە « بۇ ئىتنىڭ
كۈچۈكى ئىكەن » دەپ بىلىپ :
— قورقماڭ ئوغلۇم ، چىرايلىق دېگەننىڭ ئاشۇنداق خۇيى سەت
كېلىدىكەن . كىچىكىدىنلا بىرسى ئويۇن قىلىپ قويسا چىشلەپ ئەركە-
لەيتتى . مەن نەسىھەت قىلاي ، — دەپ ئۇنىمۇ يولغا سېپتۇ .
ئاخىر تۆتىنچى كۆيئوغلى ئەر - خوتۇن كەپتۇ . ساھابە ئۇلارنى
ئۆيگە باشلاپ ، ھال سوراپتۇ . كۆيئوغلى جاۋاب بېرىپ :
— ئاتا - ئانامغا رەھمەت ، بۇ قىز ئاق كۆڭۈل ، سەمىمىي ،
مېھرىبان ، راستچىل ، پەزىلەتلىك ، ئەقىل - پاراسەتتە تولغانىكەن . مې-
نىڭ ھۆرمىتىمنى قىلىدۇ ، مەن ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ . تالاغا
چىقسام كىيىملىرىمنى تۈزەشتۈرىدۇ ، ئۆيگە كىرسەم ، تازىلاپ ، يۈز -
كۆزلىرىمنى يۇيغىلى سۇ تەييارلاپ تۇرىدۇ ، قىل دېگەننى قىلىدۇ ، قىلما
دېگەندىن ئۆزىنى تارتىدۇ . ئۆزلىرىگە رەھمەت ئېيتقىلى كەلدىم ، —
دەپتۇ . ساھابە بۇنى ئاڭلاپ : « ئۆز قىزىم ئىكەن » دەپ بىلىپتۇ ۋە
ئۇلارنى ئوبدان مېھمان قىلىپ يولغا سېپتۇ . بۇ ئىككىسى ئۆمۈر بويى
بىللە ئۆتۈپ ، تەڭ قېرىپتۇ . قالغانلىرى بولسا ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسكى خۇي-
لىرى بىلەن ئەرگە تېگىپ - ئەردىن چىقىپ ، ۋەيرانلىقتا ئۆتۈپتۇ . خو-

تۇنلارنىڭ مىجەزى : ئىت خۇيلۇق ، ئېشەك خۇيلۇق ، مۇشۇك خۇيلۇق ، ئادەم خۇيلۇق بولۇش شۇنىڭدىن قاپتۇ .

مەن بۇ ھېكايەتنى شۇنىڭ ئۈچۈن مىسال كەلتۈردۈمكى : ئادەم خۇيلۇق خوتۇننى تاللاپ ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتسەڭ ، خۇددى قازى-نىڭ خوتۇنىدەك رەقىبلەر ئالدىدا يەرگە قاراتماي ، جان پىدالىق بىلەن سېنى قوغدايدۇ . بۇنىڭدەك دانا خوتۇنلار ھەرگىز يۇزۇڭنى تۆكمەيدۇ ، بەلكى ياخشى ئابرۇي ـ ئىناۋەت بېغىشلايدۇ ، دەپ ھېكايىسىنى تۈگەتتى .

ئوغرى مېھماننىڭ ھېكايەتلىرىدىن كۆپ ئىبرەتلەر ئېلىپ ، ئىن-سانلارنى پەرق ئېتىش توغرىسىدا يەنە بىر بىلىمگە ئېرىشىپ ، ئۆيىگە بې-رىپ كىتاب مۇتالىئە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى .

# پادىشاھ جەئپەر ھېكايىسى

رىۋايەتچىلەرنىڭ ھېكايە قىلىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا كاتتا بىر مەملىكەت بار بولۇپ، ئۇنىڭ جەئپەر ئىسىملىك بىر پادىشاھى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئادالەت بابىدا شان - شەۋكىتى مەشھۇر بولۇپ، كۆپلىگەن مەملىكەتلەر ئۇنىڭ ئىتائىتىگە كىرىپ، باج - خىراجەت تۆلەيتتى. شۇ سەۋەبتىن، خەزىنىسى ھەددى - ھېسابسىز ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ پەرزەنتى يوق ئىدى. شۇڭا كۆڭلى غەش بولۇپ: « ماڭا شۇنچە خەزىنە ۋە شاھلىق مەرتىۋىسىنى نېسىپ قىپتۇ، بىراق ياندۇرغان چىرىغىمنى ئۆچۈرۈپ قويماي. تەختىمگە ۋارىسلىق قىلغىلى بىر پەرزەنت بەرمەپتۇ. مېنىڭ شورلۇق يەر، مېۋىسىز دەرەختىن نېمە پەرقىم بولسۇن » دەپ، كېچە - كۈندۈز ھەسرەت - نادامەتلەر چېكىپ، ئاھ ئۇرۇپ ئاللاغا يىغلاپ، خۇدادىن بىر ئوغۇل پەرزەنت تىلىدى. خەزىنىلىرىنى كەڭ ئېچىپ، يېتىم - يېسىر، مۇساپىر - مۇجاپىر، يوقسۇل - بىچارە، شەيخ - دەرۋىشلەرگە كۆپلەپ سەدىقىلەر بېرىپ، ئۇلاردىن دۇئا تەلەپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئاخىر ئۇنىڭ دۇئا - تىلاۋەتلىرى ئىجابەت بولۇپ، ئاللا ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلدى. پادىشاھ خۇشال بولۇپ، مەملىكەتلىرىدىكى پۇقرا ۋە سودىگەرلەرنىڭ نەچچە يىللىق باج - سېلىقلىرىنى كەچۈرۈم قىلدى. مەھبۇسلارنى زىنداندىن ئازاد قىلىپ ئەركىنلىك بەردى. ھېچكىم - ھېچكىمگە ئاداۋەت قىلماسلىق، خۇشال - خۇرام ياشاشقا پەرمان قىلدى. ياخشى كۈن، ياخشى سائەتنى تاللاپ، شاھزادىنىڭ ئات تويىنى قىلىپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز پۇقرالارغا ئاش - چاي بەردى. ئاندىن كېيىن ئوغلىنى قابىلىيەتلىك دايەلەرنىڭ قولىغا تاپشۇردى. شاھزادە دايەلەرنىڭ تەربىيىسىدە شۇنداق تېز چوڭ بولۇشقا

باشلىدىكى . بىر كۈندە بىر ئاي ئۆتكەندەك ، بىر ئايدا بىر يىل ئۆتكەن-
دەك يوغىناپ ، ئون ئىككى ياشقا تولغاندا ، قەلەمدە ، ئەلەمدە كامالەتكە
يېتىپ تەڭداشسىز ماھارەتلەرنى ئىگىلىدى .

پادىشاھ جەئپەر ئوغلىدىن پەخىرلىنىپ ، كۆڭلى خاتىرجەم ئۆتتى
ۋە « ئەمدى تاجۇتەختىم كىشىنىڭ قولىدا قالمايدىغان بولدى » دەپ
ئويلاپ يۈرەتتى . كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۈشتۈمتۈت شاھزادىگە بىر كېسەل
تەگدىكى ، ئۇنىڭ ھالى كۈندىن - كۈنگە زەئىپلىشىشكە باشلىدى . ئاخىر
بۇ كېسەل ئەۋجىگە چىقىپ شاھزادىنى يىقىتتى . بۇ ھال شۇئان پادى-
شاھقا مەلۇم قىلىندى . نى - نى داڭلىق تېۋىپلەرنى كەلتۈرۈپ كۆر-
سەتتى ، ئۇلارنىڭ بەرگەن دورىلىرى ھېچنېمىگە پايدا قىلمىدى . قىلمى-
غان سەۋەب ، بەرمىگەن دورا قالمىدى . كېسەل ياخشىلانمىدى . بۇنىڭ-
دىن پادىشاھنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ، خاپىچىلىقى زىيادە بولدى :
كېچە - كۈندۈز ئوغلىغا ئاللادىن شىپالىق تىلەپ ، نالە - پەرياد
قىلاتتى ، شاھزادىنىڭ كېسەل ئازابىدىن نالىلەر قىلىپ ، « ئاھ بېشىم ،
ۋاي يۈرىكىم » دېگەن ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ يۈرەكلىرى ئېچىشىپ ، جى-
گەرلىرى پارە - پارە بولۇپ ئۇزاق - ئۇزاق ھوشىدىن كېتەتتى . بىر-
كەمدىن كېيىن يەنە ھوشىغا كېلىپ قالاتتى . ئوغلىنىڭ بىچارە ھالىنى
كۆرگەندە ئۇنىڭغا تەشنالىق بىلەن قاراپ ئولتۇرۇپ ، يۈرەك - باغرىدىن
قانلار تاماتتى .

شۇنداق قىلىپ ، شاھزادىگە ئاخىر ئەجەل ئوقى تېگىپ يورۇق
ئالەمدىن كۆز يۇمدى . ئاتا - ئانا زار - زار يىغلاپ ، نامىزىنى ئوقۇپ ئۆ-
زىنىڭ باغچىسىغا دەپنە قىلدى ، شۇ كۈندىن باشلاپ پادىشاھ كۈندە كې-
لىپ ئۇنىڭ قەبرىسىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ ، ئوردا ئىشلىرىغا چىقمىدى .
قاتتىق ماتەمدار بولۇپ ، ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىدى . بۇنىڭدىن دۆلەت
ئەركانلىرى كۆپ قايغۇرۇپ ، پادىشاھنىڭ كۆڭلىدىن غەم - قايغۇنى
كۆتۈرۈش ئۈچۈن تەدبىرلەر قىلىپ ، تەسەللى بېرىشتى . ئۆلگەننىڭ
كەينىدىن ئۆلگىلى بولماس ، ئۆلۈم ھەممىگە باردۇر ھەم سۈننەتتۇر ،
ئاللانىڭ ھۆكمىگە پۈتمەك كېرەك ، دەپ كۆپلىگەن تەسەللىلەردىن كې-

يىن پادىشاھنىڭ كۆڭلىدىكى غەم ـ قايغۇنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن شىكارغا ئېلىپ چىقتى. بۇلار شىكارغا چىقىپ كېتىپ باراتتى، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بىر ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى ئۇچرىدى. ئۇنى ئېلىپ قارىغانىدى، باش سۆڭەككە ئۈچ قۇر خەت يېزىقلىق ئىكەن. ئۇ خەتنى ئوقۇپ كۆرسە خەتتە: «قاتتىقتىن ـ قاتتىق، نېمە قاتتىق؟»، «ئاچچىقتىن ـ ئاچچىق، نېمە ئاچچىق؟»، «شېرىندىن ـ شېرىن، نېمە شېرىن؟» دېيىلىپتۇ.

جەئپەر شاھ باشنى قولىغا ئېلىپ قاراپ ھەيران بولدى. ئەمما خەتكە جاۋاب تاپالمىدى. باشنى ئېلىپ ئوردىسىغا قايتىپ كەلدى. بارلىق ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپ:

— بۇ باشتىكى خەتنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار، — دېدى. ۋەزىرلەر خەتنى ئوقۇپ بېقىپ، ھېچقايسىسى بىر نەرسە دېيەلمىدى. دېگەندىمۇ، بىرسىنىڭ دېگىنى بىرسىنىڭ دېگىنىگە ئوخشىمايتتى.

شۇنداق قىلىپ، خەتنىڭ مەنىسىنى ھېچكىم يېشەلمىدى. ئاخىر پادىشاھ جاكار قىلدۇرۇپ: «كىمكى باش سۆڭەكتىن ئۈچ خەتنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرەلىسە، ئۆز يېنىمدىن ئورۇن بېرىپ، ئۇلۇغلاردىن قىلىمەن» دېدى. بۇ خەۋەر ئالەمنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە يېتىپ بېرىپ، دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىدىن ئادەملەر كېلىشكە باشلىدى. ئەمما ئۇلارمۇ، ھەر قايسىسى ھەر تەرىقىدە تەبىر ئېيتىشتى، بىرىنىڭ دېگىنى بىلەن بىرىنىڭ دېگىنى ئەسلا ئوخشىمىدى. خىلمۇخىل بېرىلگەن بۇ جاۋابلار خەتنىڭ ئۆز مەنىسى ئەمەس، بەلكى تەخمىنەن ئوخشىتىشلار ئىدى.

پادىشاھ جەئپەرنىڭ مەملىكىتىدە، بىر يوقسۇل كەمبەغەل كىشى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئون بەش ياشقا كىرگەن بىر قىزى بار ئىدى. بۇ قىزنىڭ ئىسمى گۈلفىرەھ ئىدى. ئۇ شۇنداق بىر قىز ئىدىكى، ھۆسن بابىدا تاجىدار، نازاكەت بابىدا يەتتە ئىقلىمغا مەشھۇر، لاتاپەت بابىدا شېكەر سۆزلۈك تۇتىلاردەك سۆزمەن ئىدى ۋە پاراسەتلىك، دانىشمەن

ئىدى . ئۇ قىزىل ياقۇتنەك لەۋلىرىنى تەۋرىتىپ سۆز قىلىدىغان بولسا ، شەھەر خەلقى بىھوش بولۇپ ، يىمەك ـ ئىچمەكتىن قالاتتى . پادىشاھ جەئپەرنىڭ باش سۆگەكتىكى خەتنىڭ جاۋابىنى تاپالماي تارتىۋاتقان ئاۋارىچىلىكىنىڭ خەۋىرى بۇ قىزغىمۇ يېتىپ كەلدى .

شۇنداق قىلىپ ، گۈلفىرەھ بۇ ئىشتىن ئەجەبلىنىپ ئاتىسىنى چاقىرىپ :

— ئى مېھرىبان ئاتا ، پادىشاھ جەئپەر شىكارغا چىقىپ كېتىۋاتسا ، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى ئۇچراپتۇمىش ، ئۇ باش سۆگەككە ئۈچ جۈملە خەت يېزىلغانىكەن . پادىشاھ ئۇ خەتنىڭ مەنىسىنى بىلمەكچى ئىكەن . ئەمما ئۇنىڭ يېنىدىكى دانىشمەن ، ئەقىلدارلىرى تەبىر بېرەلمەي ، پادىشاھنى غەمگە مۇپتىلا قىپتۇ . سىز پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ، ئۆزىڭىزنى مەلۇم قىلىپ ، باش سۆگەكتىكى خەتكە تەبىر بېرىمەن دەڭ . ئۇ سىزدىن سورىغاندا :

— قاتتىقتىن ـ قاتتىق ، ئاتىنىڭ تۇيىقى قاتتىق : ئاچچىقتىن ـ ئاچچىق ، ئۆلۈم ئاچچىق ، شېرىندىن ـ شېرىن ، ئۆيلەنمىگەن ئادەمگە ئۆيلەنمەك شېرىن ، دەپ جاۋاب بېرىڭ . ئەمما مېنىڭ ئۆگەتكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ قويماڭ . — دېدى .

گۈلفىرەھنىڭ ئاتىسى ناھايىتى خۇشال بولۇپ ، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا راۋان بولدى ، ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ، نۇرغۇن رەنج ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ ، ئاخىر جەئپەر شاھنىڭ تۇرغان شەھىرىگە يېتىپ باردى . ئۈچ ـ تۆت كۈن ھاردۇق ئالغاندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ ، خادىملارغا ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ :

— مېنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىرىڭلار ، ئۇنىڭ بىلەن مۇھىم ئىشىم بار ئىدى ، — دەپ ئىلتىماس قىلدى .

پادىشاھنىڭ خوجا سەئىد دەپ بىر ۋەزىرى بار ئىدى ، غۇلاملار بېرىپ بوۋاينىڭ ئىلتىماسىنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلدى . ۋەزىر پادىشاھ جەئپەرگە مەلۇم قىلدى . پادىشاھ جەئپەر ۋەزىرگە :

— ئۇنىڭدىن سوراڭلار ، نېمە ئەرزى بار ئىكەن ؟ — دەپ

تاپشۇردى . ۋەزىر بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ :

— ئى بوۋا ، نېمە ئەرزىڭ بار ؟ — دېدى .

— ئەرزىم شۇكى ، باش سۆگەكتىكى ئۈچ خەتنىڭ تەبىرىنى بەرگىلى كەلدىم ، — دېدى بوۋاي .

پادىشاھ ۋەزىردىن بۇ مەلۇماتنى ئاڭلاپ ، بوۋاينى دەرھال ئېلىپ كىرىڭلار ، دەپ ئەمىر قىلدى . پادىشاھ بوۋاينى كۆرۈپ :

— ئى بوۋاي . دېمەكچى بولغانلىرىڭىزنى بايان قىلىڭ ، — دېدى . بوۋاي بولسا ، قىزنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى بايان قىلدى .

پادىشاھ بوۋاينىڭ بەرگەن تەبىرىدىن ھەيران بولۇپ ، بوۋايدىن :

— ئى بوۋاي ، بۇ دېگەنلەر ئۆزىڭىزنىڭ سۆزى ئەمەس . كىمنىڭ ئۆگەتكەنلىكىنى دەڭ . بولمىسا ، ئۆلتۈرۈلىسىز ، — دەپ قورقۇتۇپ ھەيۋىلەر قىلدى . بۇ بىچارە كىشى ئەندىشىگە چۈشۈپ ، راستىنى ئېيتمىسا ئۆلىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى . ئاخىر نائىلاج بولۇپ :

— ئۆيۈمدە ئون بەش ياشقا كىرگەن گۈلفىرەھ ئىسىملىك بىر قىزىم بار ئىدى . شۇ ئۆگەتتى ، — دەپ جاۋاب بەردى . ئون بەش ياشلىق بىر قىزنىڭ ئەقىل - پاراستىنى ئاڭلاپ ، پادىشاھ باشلىق دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ ھەممىسى ھەيران قالدى ۋە تەھسىن - ئاپىرىن قىلىشتى . بوۋاينىڭ بەرگەن جاۋابى جەئېەرگە ياراپ ، گۈلفىرەھكە غايىبانە ئاشىق - نىگاران بولدى . ئۇنىڭغا ئاتاپ ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

### بېيىت

ئۆزىنى كۆرمەي تۇرۇپمەن ماڭا دىلبەر ئۇچرىدى ،
جان دىماغىنى تازا قىلغان زۇلفى ئەنبەر ئۇچرىدى .
قۇش كەبى تەشنا بولۇپ ، غەم دەشتىدە نالەر ئىدىم ،
تەلىيىم كېلىپ ماڭا ، سەرۋە - سەنۇبەر ئۇچرىدى .
ئاررۇ - ئارمان يولىدا ، مۇڭداشقا مەن تەشنا ئىدىم ،
لەبلىرى قەن ۋە ھەسەل ، شېرىن زۇۋانىم ئۇچرىدى .
ئەقلى - ئىدراك ، پەھمى بىلەن قىلدى شەيدا ئۇل نىگار ،

كۆكسۈمگە زەربە ئۇرۇپ ، جانىمغا نەشتەر ئۆچرىدى .
يورۇماي ئۆتكەندى كۆڭلۈم مېنىڭ تۈنلەر كەبى ،
شۈكرى مىڭلاپ تەڭرىگە ، شامۇ چىراغىم ئۆچرىدى .
كەتتى ئەقلىم بۇ بېشىمدىن ھەر نېچۈك سۆز سۆزلىسەم ،
ئەيىب ئەمەستۇر بۇگۇن ماڭا ئەپسۇنگەر ئۆچرىدى .

شۇنداق قىلىپ ، پادىشاھ جەئپەر گۈلفىرەھنىڭ ئاتىسىغا كۆپلە-گەن ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئىنئام قىلدى . پادىشاھ خوجا سەئىد ۋە-زىرنى بىر چەتكە تارتىپ خىلۋەتكە ئاپىرىپ :

— ئى ۋەزىر ، بوۋاينىڭ قىزى تەرىپتىن تاشقىرى دانا ۋە زېرەك ئىكەن ، بۇنى قايسى تەرىقە بىلەن كەلتۈرۈپ ، كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولارمىز ؟ — دەپ مەسلىھەت سالدى .

ۋەزىر دېدىكى :

— ئى ئۇلۇغ شاھىم ، ئۇنىڭ تەدبىرى ئاساندۇر ، بىر غېرىج يە-پەك رەخت ئەۋەتىپ ، مۇشۇ رەختتە بىر كىيىم تىكىپ ئەۋەتسۇن ، دې-سەك ، ئەلۋەتتە بۇنىڭغا ئاجىز كېلىدۇ ، ياكى بىرەر گەپ - سۆز ئەۋە-تىدۇ . مۇشۇ تەدبىر ئارقىلىق ئالاقە قىلىپ ، كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتى يارالتقىلى بولىدۇ .

— ئى خوجا سەئىد ۋەزىر ، بۇ ئىشنى زىنھار كېچىكتۈرۈپ بول-ماس ، — دەپ جەئپەر بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

## بېيىت

جاننى ئاغرىتماي نېمە بىلسۇن ئۇل كىشى جان قەدرىنى ،
دەردى يوقلار نېمە بىلسۇن دەردى بارنىڭ قەدرىنى .
بۇلبۇللار شەيدا بولۇر گۈل قەدرىنى بىلگەن ئۈچۈن ،
نېمە بىلۇر قاغا - قۇزغۇن ، گۈل بىرلە بوستان قەدرىنى .
مەقسەتنى ھاسىل قىلالماس بىمۇشەققەت ھەر كىشى ،

تاكى تەشنا بولمىغۇچە نېمە بىلۇر سۇ قەدرىنى .
ئەلئارا كۆپ سۆزلىمە ، ساقلاپ سىرىڭنى سۆزلىگىن ،
بولما ھەيران سەن مېنىڭدىن بىلگىن مۇھەببەت قەدرىنى .

شۇنداق قىلىپ ، ۋەزىرنىڭ كۆرسەتكەن تەدبىرى پادىشاھقىمۇ ياقتى ، شۇئان بوۋاينى كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا بىر غېرىچ رەختنى بېرىپ :

— بۇ رەخت بىلەن قىزىڭىز ماڭا بىر كىيىم تىكىپ ئەۋەتسۇن . ئەگەر ، قوبۇل قىلمىساڭلار ھەر ئىككىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ ، مال ـ مۈلكۈڭلارنى تالان ـ تاراج قىلىمەن ، — دەپ ، بوۋايغا ۋەزىرنى بىللە قوشتى .

گۈلفىرەھنىڭ ئاتىسى پادىشاھ بەرگەن بىر غېرىچ لاتىنى ئېلىپ يىغلا ـ يىغلا ئۆز شەھىرىگە راۋان بولدى . شۇنداق مېڭىپ ، بىر مۇددەت يول يۈرۈپ ، ئۆز يۇرتىغا يېتىپ باردى . قىزى بىلەن كۆرۈشۈپ ، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ئۈچ خەتكە تەبىر بەرگەنلىكىنى ، جاۋاب پادىشاھقا ياراپ ، بوۋاينىڭ ئۆز سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەنلىكى ، پادىشاھنىڭ قىستىشى بىلەن ئامالسىزلىقتىن راست سۆزلەشكە مەجبۇر بولغانلىقلىرىنى قالدۇرماي بايان قىلىپ ، كۆزلىرىدىن ياش ئورنىغا قان ئاققۇزدى . ۋەزىرنىڭ بىللە كېلىش سەۋەبلىرىنى ئېيتىپ ، پادىشاھ بەرگەن بىر غېرىچ لاتىنى گۈلفىرەھكە سۇنۇپ ، بۇنىڭدا بىر كىيىم تىكىپ ئەۋەتسۇن دېدى ، دەپ يەتكۈزدى .

گۈلفىرەھ ئاتىسىغا تەسەللى بېرىپ :

— ئى ئاتا ، ئۆتكەن ئىشقا كۆز يېشى قىلىش پايدىسىزدۇر . پادىشاھقا جاۋابنى ئۆزۈم بېرىمەن ، — دەپ ، ئۆيىگە كىرىپ ، پادىشاھ ئەۋەتكەن لاتىنىڭ چوڭلۇقىدا بىر غېرىچ قەغەز ئېلىپ چىقىپ ۋەزىرگە بېرىپ :

— بۇنى پادىشاھنىڭ قېشىغا ئاپارغايسىز . مەن تىكىدىغان كىيىمنىڭ ئەندىزىسىنى كېسىپ ئەۋەتسۇن . ئاشۇ قېلىپ بويىچە تىكىپ ئەۋەتىمەن . لېكىن ئۇندىن باشقا قېلىپنا تىكەلمەيمەن . — دېدى .

ۋەزىر بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ ، قەغەزنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا قاراپ راۋان بولدى . پادىشاھنىڭ بارگاھىغا بېرىپ ، گۇلفە- رەھنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى . بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھ ۋە ئەھلىمەجلىسنىڭ ھەممىسى تەئەججۇپلىنىپ ، بارماقلىرىنى چىشلەپ تەپەككۇردا قالدى . پادىشاھ قىزنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە ئال- دىراپ ، ئىنتىزارلىقى تېخىمۇ زىيادە بولدى . قىز ئەۋەتكەن قەغەزگە قاراپ ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى :

## بېيىت

كۆيدۇرمەك ئۇچۇن دىلبەر ئۆزىنى ئايان ئەتتى ،
قېچىپ يانا ناز ئەيلەپ ، ئۆزىنى پىنھان ئەتتى .
جاللىتى ئاتتى مېنى شۇنچە يىراقتىن چېنەپ ،
ھەر تىننقتا جېنىمدىن قېنىمنى راۋان ئەتتى .
مۇھەببەت مەيدانىدا كىرپىكلىرى سەپ تارتىپ ،
جىلۋە ئوقى ئاتماققا قېشىنى كامان ئەتتى .
بىلمىدى ھالىمنى ئۇ يۈزمۇيۈز كۆرمەي تۇرۇپ ،
ۋەئدىنى كېيىن سۇرۇپ مېنىڭدىن گۇمان ئەتتى .
كەلمىدى نازلەر بىلەن باغرىمنى كاۋاپ ئەيلەپ ،
زالە سۈپەت داغىنى كۆكسۇمگە نىشان ئەتتى .
ھەر تەدبىر قىلىپ باقسام ، ئۇنىڭدىن چاتاق تېپىپ ،
ئۆزىنى قەستەن قاچۇرۇپ ، ئاشىقتىن يىراق ئەتتى .
ئىشق - مۇھەببەت لەشكىرىنى ماگدۇرۇپ ئول دىلبەر ،
جان ۋە تېنىدە ئىقلىم رەختىنى تالان ئەتتى .
ۋۇجۇد ئىمارىتىمنى رەھىمسىز خاراب ئەيلەپ ،
ئەل ئىچرە قىلىپ مەجنۇن ، رەسۋايى جاھان ئەتتى .

— ئەي ۋەزىر ، يەنە نېمە تەدبىرلىرىڭ بار ؟ — دەپ سورىدى . ۋەزىر مەسلىھەت بېرىپ :

— ئى ئۇلۇغ شاھىم ، ئۆكۈزدىن بىرنى ، پادىشاھ بۇ ئۆكۈزنى يەتتە ئاي بولغاندا بالالاتسۇن ، دىدى دەپ ئەۋەتسەك ، بۇنىڭدا ئاجىز كېلىپ بىزدىن يېڭىلۇر ، ئۇ يېڭىلمىگۈچە تەسلىم بولماس ، — دىدى .

پادىشاھ ئۇنىڭ مەسلىھىتىنى ماقۇل كۆرۈپ ، گۈلفىرەھنىڭ قېشىغا ۋەزىردىن بىر ئۆكۈز ئەۋەتتى . ۋەزىر بېرىپ ، بۇ ئۆكۈزنى يەتتە ئاي بولغاندا تۇغقان موزىيى بىلەن كۆرسىتىسىز ، دەپ گۈلفىرەھكە تاپشۇردى . گۈلفىرەھ ھەم قوبۇل قىلدى . بوۋاي ئەندىشە قىلىپ نالىلەر قىلماقتا ئىدى . گۈلفىرەھ ئاتىسىغا تەسەللى بېرىپ :

— قورقماڭ ، بۇ ئۆكۈز يەتتە ئايلىق بولغاندا تەمىناتىمىزغا يېتىدىكەن ، — دىدى ، ۋەزىرگە : — سىز يەتتە ئاي بولغاندا كېلىڭ . ئۆكۈزنىڭىزنى قوشكېزەك تۇغدۇرۇپ قوياي ، — دەپ يولغا سالدى .

شۇنداق قىلىپ ، ۋەزىر ئۆز يولىغا راۋان بولۇپ ، پادىشاھقا گۈلفىرەھنىڭ بەرگەن جاۋابىنى بايان قىلدى . بۇنى ئاڭلاپ ، پادىشاھ ۋە ۋەزىر — ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى ئىشنىڭ ئاخىرىنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇشتى . پادىشاھ جەئپەر ئۈچۈن يەتتە ئاي يەتتە يىلدىنمۇ يىراق ئىدى . يار ۋەسلىدە ھالى خاراب ، باغرى كاۋاپ بولۇپ ، دەرد — ئەلىمى كۈندىن — كۈنگە زىيادە بولماقتا ئىدى . كۈندىن — كۈن ئۆتۈپ ، ئايدىن — ئاي ئۆتۈپ ، يەتتە ئايمۇ توشتى . ۋەزىرنى چاقىرىپ گۈلفىرەھنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى .

ۋەزىر تەييارلىقلار قىلىپ ، گۈلفىرەھنىڭ يۇرتىغا بېرىپ ، ئۇنىڭ ئىشىكىنى قاقتى . گۈلفىرەھ چىقىپ كۆردىكى ، ۋەزىر يېتىپ كەپتۇ . ئۇنىڭغا :

— تۇرۇپ تۇرۇڭ ، ئۆيدە ئاتام يوق ، — دىدى .

— نەگە كەتتى ؟ — دەپ سورىدى ۋەزىر .

— ھاممامغا تۇغقىلى كەتتى ، — دىدى .

ۋەزىر بۇ جاۋابتىن ھەيران بولۇپ ، قايتىپ بېرىپ پادىشاھقا قىزنىڭ جاۋابىنى مەلۇم قىلدى .

-ھەي ئەخمەق ! — دىدى پادىشاھ . — شۇنىمۇ گەپ دەپ

كۆتۈرۈپ كەلدىڭمۇ ؟ گۈلفىرەھكە دېگىنكى ، ئەر كىشىنىڭ تۇغقىنى نەدە بار . ئەركەكمۇ تۇغامدۇ ؟ مەن ئۇ قىزنى « ئاقىل ۋە دانا ئىكەن » دەپ خىيال قىلسام ، ئەمما ئۇ نادان ، ئەخمەق ئىكەن . بۇ سۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا يەتكۈز . — دېدى .

ۋەزىر كېلىپ ، پادىشاھنىڭ دېگەنلىرىنى گۈلفىرەھگە يەتكۈزدى . گۈلفىرەھ :

— ئى ۋەزىر ، بىرىپ پادىشاھقا يەتكۈزگەيسىزكى ، دۇنيادا ئۇنىڭدەك ئەخمەقتىن ئىككىنچى بىرسى بولمىسا كېرەك . ئۇنداق بولسا ، ئۆكۈزمۇ بالا تۇغامدۇ ؟ — دېدى .

ۋەزىر بېرىپ ئاڭلىغانلىرىنى پادىشاھقا بايان قىلدى . پادىشاھ گۈلفىرەھنىڭ جاۋابىدىن قاتتىق خىجالەتتە قېلىپ ، تەپەككۇر چىشلىرى بىلەن قوللىرىنى چىشلەپ قالدى ، ئۇنىڭ دانا پىكىرلىرىگە ھەيران بولۇپ ، ئەقىل گۈزەللىكىگە قايىل بولدى . قىزنىڭ دادىسىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەلچى ئەۋەتتى . بوۋاي كۆپ ئەندىشىلەر بىلەن يولغا چىقىپ ، كۆپ يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ ، پادىشاھنىڭ شەھىرىگە داخىل بولدى . بۇ خەۋەر ئوردىغا مەلۇم بولۇپ ، پادىشاھ ھەم خۇشال بولدى . شاھ بوۋاينى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن شاھ ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلىپ :

— ئى بوۋا ، قىزىڭىز ئاجايىپ زېرەك ۋە دانا ئىكەن . مەن شۇنچە ۋىلايەتلەرنىڭ پادىشاھى بولساممۇ ، سىزنىڭ قىزىڭىزدەك ئاقىل قىزنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم . ئۇمىدىم شۇكى ، قىزىڭىزنى نىكاھ شەرئى قىلىپ ماڭا بەرسىڭىز ، — دېدى .

بوۋاي پادىشاھنىڭ بۇ تەكلىپىنى ئاڭلاپ :

— ئى پادىشاھىم ، بىز بولساق كەمبەغەل ، سىزگە مۇناسىپ ئەمەسمىز ، ئەگەر جانابىڭىز قوبۇل قىلسىڭىز ، بىز ھەم ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىمىز ، — دېدى . پادىشاھ بۇ جاۋابتىن كۆپ رازى بولۇپ :

— ئۇنداق بولسا ، گۈلفىرەھنى ئېلىپ كەلگەيسىز . ئۇنىڭ بىلەن بىر پىيالە چاي ئىچىشىپ ، دەيدىغان ئىككى شەرتىم بار ئىدى ، ئىزھار قىلماقچىمەن ، — دېدى .

گۈلقىزەھنىڭ ئاتىسى پادىشاھ ھۇزۇرىدىن چىقىپ ئۆز يۇرتىغا راۋان بولدى ، قىزى بىلەن كۆرۈشۈپ ، پادىشاھنىڭ تەلەپلىرىنى بايان قىلدى . گۈلقىزەھ دېدىكى :

— بىز شاھلارنىڭ خىلى ئەمەسمىز ، سەۋر قىلساق بەلكى ئۆز خىلىمىزدىن بىرسى چىقىپ قالار . سىز بېرىپ ، دېگەنلىرىمنى پادىشاھقا يەتكۈزۈڭ .

بوۋاي بارغاندا پادىشاھنىڭ ھالى خارابلىشىپ ھىجران ئازابىدا تولغانماقتا ئىدى . ئۇ گۈلقىزەھنىڭ ئىشقىدا ئاھ ئۇرۇپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى :

## غەزەل

يېتەلمەي دەردى ئىشقىڭدىن سەھەرلەر ئۆيغىنىپ كەلدىم ،
رەقىبلەردىن سېنى دىلبەر كويۇڭغا قىزغىنىپ كەلدىم .
قەيەردە شامنى كۆرسەم جامالىڭ شامى بولغاي دەپ ،
ئۇرۇپ پەرۋانىدەك قانات ، بېشىڭغا ئايلىنىپ كەلدىم .
كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ ، چالا بوغۇزلىغان قۇشتەك ،
ئۇرۇپ باشنى قارا يەرگە ، يىلاندەك تولغىنىپ كەلدىم .
ئانا تۇپراققا توختىماي ، بىلىڭكى غەم تۇپرىقى ياغدى ،
ئاشۇ تۇپراقى يامغۇردا ، بىلەمسىز بۇلغىنىپ كەلدىم .
پېشانەمگە پۈتۈلگەننى ، ئېنى تارتماسقا چارەم يوق ،
تېنىمنىڭ چىدىرى غەمدۇر ، ئەزەلدە ئاھ ئۇرۇپ كەلدىم .
مۇھەببەت يولىدا سۇلتان گاداي بىلەن بارابەردۇر ،
يورۇتقان تۈننى چىراغتەك ، تاڭ ئاتقۇچە يېنىپ كەلدىم .

ئى بوۋا ، گۈلقىزەھكە يەتكۈزۈڭكى ، مەن ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىپ ، نىكاھىمغا ئالمىغۇچە ئارام ئالالمايمەن . سۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزگەيسىز .

بوۋاي قايتىپ كېلىپ ، پادىشاھنىڭ دەردلىك ئاھ ئۇرۇپ قىلغان

سۆزلىرىنى قىزى گۈلفىرەھكە يەتكۈزدى .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى قىز ئاتىسىغا ، — سىز پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا يەنە بېرىپ ئېيتىڭكى : پادىشاھ ئۆز ئوردىسىغا بىر زىياپەت مەجلىس ھازىرلىسۇن . بۇ زىياپەتكە دۇنيادا ھېچقانداق پادىشاھلاردا بولمىغان تائام ۋە سازەندىلەرنى ھازىر قىلسۇن . مەن كىيىپ بېرىش ئۈچۈن رەڭگارەڭ لىباسلار مۇھەييا قىلسۇن . ئۇندىن كېيىن ئۆزى كىيىدىغان لىباسلىرىدىن بىر - ئىككىنى ئەۋەتسۇن . بەش ئاتلىق ھارۋا بىلەن ماڭا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن ئىككى نەپەر ساھىبجامال كېنىزەك ئەۋەتسۇن . شۇنداق بولغاندا ، مەن جەئپەر شاھنىڭ زىياپەت ھوزۇرىغا بېرىپ ، قويىدىغان شەرتلىرىنى ئاڭلاپ باقاي . قېنى ئۇ قانداق شەرتلەركىن .

شۇنداق قىلىپ ، گۈلفىرەھنىڭ ئاتىسى پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ ، قىزنىڭ ئېيتقانلىرىنى قالدۇرماي بىر - بىرلەپ بايان قىلدى . پادىشاھ ئاڭلاپ شاد - خورام بولۇپ ، قىزنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل كۆرۈپ ، تۈرلۈك - تۈرلۈك نېمەتلەرنى ھازىرلىدى . نەچچىلىگەن قوللار ۋە ھۆر كەبى قىزلار ، غىلمانلار كەبى باللار ئالتۇن جاملارنى تۇردى ، گۈلفىرەھ ئولتۇرغىلى ئالتۇن كورسىلارنى تەييارلاپ تۇردى . يەنە تۆت كىشى ئالتۇن تاۋاقلارغا لەئل - جاۋاھىراتلارنى تولدۇرۇپ ، بېشىدىن چاچقىلى ، « قاچان كېلەركىن ؟ » دەپ ئىنتىزار بولۇپ تۇردى . ئۇنىڭ ئالدىغا رەڭدار ئەتلەسلەردىن چېدىر ۋە تەختىراۋان كەبى ھارۋىلار ئەۋەتتى ، گۈلفىرەھنىڭ كىيىپ كېلىشى ئۈچۈن كىيىم - كېچەك ، ئالتۇن - كۈمۈش ، جاۋاھىردىن زىننەت بۇيۇملار بىلەن قوشۇپ ، بىر نەچچە ساھىبجامال كېنىزەكلەرنى ئەۋەتتى . بۇلار كېلىپ گۈلفىرەھكە خەۋەر بېرىپ ، ئىشىكتە ئىنتىزار بولۇپ تۇردى .

شۇنداق قىلىپ ، ناماز خۇپتەن بىلەن پادىشاھ تەرەپتىن بۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، گۈلفىرەھ سۇمبۇل كەبى چاچلىرىنى تاراپ ، ئايتاپ كەبى نۇرلۇق يۈزلىرىنى مۇشك - ئەنبەر بىلەن مۇئەتتەر ئەيلەپ ، بېشىغا جاۋاھىرات ۋە گۆھەرلەردىن كۆز قويۇلغان تاجىنى كىيىپ ، يۈز

نۇرى بىلەن قاراڭغۇ كېچىلەرنى كۈندۈز كەبى روشەن قىلىپ، ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەن كىيىملەرنى كىيىپ، دۇر، ياقۇت، مارجانلارنى بويىنىغا تاقاپ، شۇنداق بىر ساھىبجامال بولدىكى، يۈزىنىڭ شولىسى تاملارغا چۈشۈپ، كۆرگەنلەرنىڭ ھوشلىرى كېتىپ ئەقىللىرى يوقىدى. ئۇ گويا بۇلۇت ئارىسىدىن چىققان ئايدەك يەر يۈزىنى روشەن قىلدى. ئىككى تەرىپىدە كېنىزەكلەر ئاسراپ مېڭىپ، ھەر بىر قەدىمگە بىر خىل ئەتلەسلەردىن پاياندار تاشلاپ، ئېلىپ چىقىپ ھارۋىغا ئولتۇرغۇزدى.

شۇنداق قىلىپ، گۈلفىرەھ ئۆزى بىلەن دىمەتلىك قىزلار بىلەن ۋىدالىشىپ، ئاندىن كېيىن ئاتىسى بىلەن ئامانلىشىپ يولغا چىقتى. پۈتۈن شەھەر خوتۇن-قىزلىرى گۈلفىرەھكە ئاق يول تىلەپ. يىغلىشىپ ئۇزىتىپ قويىدى. قىزنى كۆرگەن شەھەر خەلقى ئۇنىڭ ھۆسن-جامالىدىن ھەيران بولۇپ ھوشلىرىدىن كېتىپ، ئەقلىدىن ئېزىپ:

— ئاھ گۈلفىرەھ، ئاھ گۈلفىرەھ، — دېگىنىچە قالدى.

گۈلفىرەھ كۆپ مەنزىللەرنى بېسىپ ئاخىر جەئپەر شاھنىڭ ۋىلايىتىگە يېتىپ كەلدى. كۆردىكى:

— پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن سارايلاردىن تارتىپ، كوچىلار غىچە خىلمۇخىل زىننەتلەر بېرىپ، كېنىزەك ۋە چۆرىلەر ھەر خىل ئويۇن نومۇرلىرىنى تەييارلاپتۇ. شەھەر خەلقى تامامەن جەم بولۇپ، يوللىرىغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇپتۇ.

ئەلقىسسە، پادىشاھ گۈلفىرەھنى كۈتۈپ، يېتىپ كەلمىگەنچە تەقەززا بولۇپ، رەستە-بازارلىرىنى ساياھەت قىلىپ يۈردى. يولدا تۇرغان كۈتكۈچى كېنىزەكلەرنىڭ قېشىغا كەلگەندە ئۇلارغا سېخىيلىق بىلەن ئىلتىپاتلار قىلدى. ئوردىغا يېقىن كەلگەندە خادىملار خەۋەر يەتكۈزۈپ:

— مەھبۇبىڭىز شەھەرگە يېتىپ كەلدى، — دېدى. پادىشاھ ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ، خەۋەرچىلەرگە ئىنئاملار بەردى. ئاندىن كېيىن ئەمر قىلىپ، دۇتار، تەمبۇر، قالۇن، غېجەك، ساتار، راۋابلارنى كەلتۈرۈپ، ئويۇنلارنى باشلىدى. گۈلفىرەھ كۆرۈپ باقمىغان بۇ ئاجايىپ

ئويۇن نومۇرلىرىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن تەبەسسۇم قىلغانىدى، ئۇنىڭ جاۋاھىراتتەك چىشلىرىدىن چىققان نۇر ئۇچقۇنلىرى ساراي تاملىرىنى چاقنىتىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن خالايىق يەنە بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ بېسىپ كېلىشكە باشلىدى، بۇ چاغدا مۇلازىم ئوغۇل، قىزلار گۇلفىرەھنىڭ بېشىدىن تاۋاق - تاۋاق تىللالارنى چاچتى. گۇلفىرەھنى سارايغا باشلاپ كىرىپ، ئالتۇن كۇرسىغا تەكلىپ قىلدى.

گۇلفىرەھ ساھىبخانلار بىلەن ھال - ئەھۋال سورىشىپ، قىزلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشۇپ ئولتۇردى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ كېچە قىزلار بىلەن ئويناپ - كۈلۈپ، بېيىت قوشاقلار ئېيتىشىپ ئۆتتى. پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئالىي زىياپەت تەييارلىنىپ، خىللانغان ئەلنەغمە - سازەندىلەر بىلەن كېچىنى ئويۇن - مەشرەپ قىلىپ ئۆتكۈزدى.

پادىشاھ بولسا، جاۋاھىر تاجنى بېشىغا كىيىپ، ئالتۇن - كۈمۈشتە بېزەلگەن لىباسلار بىلەن ياسىنىپ، گۇلفىرەھنىڭ نۇر بىلەن بىنا بولغان يۈزىگە شەيدا بولۇپ، بۇلبۇلدەك شېرىن سۆزلىرىگە تەشنا بولۇپ، ئىنتىزارلىقتا ئۆز سارىيىدا ئولتۇرغانىدى، ۋەزىر بېرىپ پادىشاھنىڭ ھالىنى گۇلفىرەھكە يەتكۈزۈپ:

— ئى پادىشاھىمىزنىڭ كۆرگۈسى، مۇبارەك كۆزلىرىنىڭ سۈرمىسى، كۆڭۈل زىكرىنىڭ كەئبىسى، سىز نۇرلۇق يۈزىڭىز، شېرىن سۆزىڭىز، ئۆتكۈر ئەقىل - پاراسىتىڭىز بىلەن پادىشاھىمىزنى ئاشىق - بىقارار قىلدىڭىز. سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا قولىغا تەسۋى ئېلىپ، كېچە - كۈندۈز زىكرىڭىزنى قىلماقتا. ھەسەل ھەرىسى گۈل ئىزدىگەندەك، ئۇنىڭ يۈرىكى سىزگە تەشنادۇر. ئەگەر سىز قوبۇل كۆرسىڭىز ئۇ سىزنى ھالاللىق بىلەن نىكاھىغا ئېلىشنى خالايدۇ. مەرھەمەت قىلىپ ئۇنىڭ خىلۋەتخانىسىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، مېھىر - شەپقىتىڭىز بىلەن ئۇنىڭ پەرىشان ھالىغا مەدەت بەرگەيسىز، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، گۇلفىرەھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، سۇمبۇل چاچلىرىنى تاراپ، خۇش پۇراق ئەتىرلەرنى چېچىپ،

ئالىي لىباسلارنى كىيىپ ، بوينىغا ياقۇت ـ جاۋاھىر ، مارجانلارنى تاقاپ ، شۇنداق بىر زىبا بولدىكى ، كۆرگەن كىشى ئەقلى ـ ھوشىدىن ئازغە- شاتتى . ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە دايەلەر ئۆتۈپ قوللىرىدىن يېتىلەپ ، ھەر قەدىمىگە ھەررەڭ ئەتلەسلەر تاشلىدى . سازەندىلەر مۇڭلۇق كۈيلىرىنى ياڭرىتىپ ئەۋجىگە چىقىرىپ ، قوشاق ، غەزەل ئوقۇدى . شۇ تەرىقىدە پادىشاھنىڭ خىلۋەتخانىسىغا بىللە ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنى كۆتۈرۈپ ئا- پىرىپ مۇرەسسە كۇرسىسىغا ئولتۇرغۇزدى . مۇزىكىلارنىڭ مۇڭى ، غە- زەللەرنىڭ ھۇزۇرىدىن گۈلفىرەھنىڭ دىللىرى ئېرىپ ، ھوشىدىن كەت- تى . جەئپەر شاھ بىلەن ئۇچراشقانىنمۇ بىلمىدى . بىر كەمدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ قارىسا ، جەئپەر شاھ يۇزلىرىگە ئىشتىياق بىلەن سۆيۈپ ، مەڭزىلىرىدىن شاپتۇللار ئۈزگىلى تۇرۇپتۇ . گۈلفىرەھنىڭ ھەم ۋۇجۇدىدا مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى يالقۇنلىنىپ ، ھېسسىيات قايىنىمىدىن دولقۇنلار ئۆرلەپ . پادىشاھ جەئپەرگە مۇستەھكەم چاپلاشتى . جەئپەر شاھ تەشنا- لىق لەززىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ لەۋلىرىدىن ئارقىمۇئارقا بۆسەلەر ئال- دى . تۇرلۇك تائام ، ئالىي شارابلارنى كەلتۈرۈپ ، يەپ ـ ئىچىپ ، شارابنىڭ كۈچىدىن شىركەيىپ بولغانىدى ، گۈلفىرەھ ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ :

— ئى پادىشاھىم ، ئاتامغا گۈلفىرەھ بىلەن دېيىشىدىغان ئىككى شەرتىم بار دېگەن ئىكەنسىز . ئۇ نېمە شەرت ئىدىكىن ، ماڭا بايان قىلە- غايسىز ، — دېدى . پادىشاھ دېدىكى :

— بىرىنچى شەرتىم شۇكى ، سىزنى نىكاھ شەرئى بىلەن ئۆز نىكاھىمغا ئالىمەن . ئىككىنچى شەرتىم : مېنىڭ نىكاھىمغا كىرگىنىڭىز- دىن كېيىن مەندىن ئىجازەتسىز ئەر كىشى بىلەن بىر ئېغىزمۇ سۆزلەش- مەيسىز ، ئەگەر سۆزلەشسىڭىز ئۆيدىن خالىغان نەرسىڭىزنى ئېلىپ ، كېتىڭ . ماڭا تالاق بولىسىز .

بۇ شەرتنى گۈلفىرەھمۇ قوبۇل قىلدى . ئىككىسى شاد ـ خۇرام بولۇپ ، قەدەھلىرىنى داۋام قىلدى .

شۇنداق قىلىپ ، پادىشاھ ۋەزىرنى چاقىرىپ ، توي تەييارلىقىنى

قىلىشقا ئەمىر قىلدى . يۇرتنىڭ ئەمرا ـ پەزلالىرىدىن تارتىپ يۇقرالىرى‑غىچە ئالدىلىرىغا نېمەتلەر تارتىپ ، شاھانە توي بىلەن گۈلفىرەھنى نى‑كاھىغا ئالدى . يۇقرالارغا تىللا چېچىپ . ھەممىنى خۇشال قىلدى . بۇلار تويدىن كېيىن ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن غەمسىز ئۆتتۇشتى .

مۇشۇنداق بىر زامانلار ئۆتتى ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ شى‑كارغا كەتكەنىدى ، ئاشۇ كۈنلەردە ئىككى ئادەم دەۋالىشىپ كەلدى . بۇلار بىردىن ئاتلىرىنى يايلاققا قويۇۋەتكەنىكەن . بۇ ئاتلارنىڭ بىرسى ئايغىر . بىرسى بايتال بولۇپ ، ئۇلار ئاتلىرىنى ئىزدەپ بارسا ، ئايغىر ئاتنىڭ ئاستىدا بىر قۇلان يېتىپتۇ . بۇنى كۆرۈپ ئايغىر ئاتنىڭ ئىگىسى :

— مېنىڭ ئايغىرىم قۇلانلاپتۇ ، ئۇنداق بولمىسا مېنىڭ ئايغىرىمى‑نىڭ ئاستىدا تۇرامدۇ ، — دەپتۇ .

بايتال ئاتنىڭ ئىگىسى بولسا :

— مېنىڭ بايتىلىم بوغاز ئىدى ، قۇلان مېنىڭكى ، — دەپتۇ . بۇلار ئىككىسى كۆپ جەڭ ـ جېدەللەر قىلىشىپ ، ئاخىر بىر ـ بىرىنىڭ ياقىلىرىدىن سۆرەپ جەئپەر شاھنىڭ بارگاھىغا كەپتۇ . بۇلار كەلگەندە جەئپەر شاھ شىكاردىن كەلمىگەنىدى . گۈلفىرەھ چىقىپ ئۇلاردىن :

— نېمە ئەرزىڭلار بار ؟ — دەپ سورىغانىدى ، بۇ ئىككى ئادەم ئۆز ئارىلىرىدا بولغان دەۋالىرىنى بايان قىلدى . گۈلفىرەھ ئاڭلاپ ھۆكۈم قىلىپ :

— ئايغىر ئات قۇلانلىمايدۇ ، قۇلان بايتالنىڭكى . بايتال قۇلانلى‑غاندىن كېيىن قۇلان بېرىپ ئايغىرنىڭ ئاستىدا يېتىپ قالغان ، — دې‑دى . بۇ ھۆكۈمدىن ھەر ئىككى تەرەپ رازى بولدى . دەۋاگەرلەر قاي‑تىشقا تەرەددۇت قىلىپ تۇرۇشىغا جەئپەر شاھ شىكاردىن كېلىپ قالدى ـ دە ، ئۇلاردىن :

— نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭلار ؟ — دەپ سورىدى .

ئۇلار جاۋاب بېرىپ :

— ئارىمىزدا دەۋالىرىمىز بار ئىدى ، گۈلفىرەھ مەلىكە ھۆكۈم قى‑لىپ رازى قىلدى ، — دېيىشتى . پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ گۈلفىرەھ‑

نىڭ قېشىغا كىرىپ :

— ئى گۈلفىرەھ ! مەن سېنى ئېلىشتىن بۇرۇن شەرت قىلىپ ، مېنىڭدىن رۇخسەتسىز بىراۋغا ھۆكۈم قىلساڭ ، ياكى بىرەر ئەر بىلەن سۆزلەشسەڭ ماڭا تالاق بولسەن ، ئۆيدىن خالىغان نەرسەڭنى ئېلىپ كەت دېگەنىدىم . ئەمدى سەن شەرتكە خىلاپلىق قىلدىڭ . ئۆيۈمدە تۇرماي دەرھال كەت ، — دېدى .

گۈلفىرەھ دېدىكى :

— ئى شاھىم . بۈگۈن كېچە بۇ ئۆيدە رىزقىم تۈگەپتۇ . بۈگۈن كېچە ئاخىرقى قېتىم بىر نۆۋەت بەزمە قۇرساق ، ئاندىن كېيىن كەتسەم قانداق ؟

پادىشاھ ماقۇل بولدى . شۇئان سورۇن تەييارلىنىپ تۈرلۈك نېمەتلەر ۋە ئالىي شارابلار ھازىرلاندى . بەزمە باشلىنىپ ، ئارقا - ئارقىدىن تۇتۇلغان شارابنىڭ كۈچىدىن پادىشاھ مەست بولۇپ ھوشىدىن كەتتى . گۈلفىرەھ پادىشاھنىڭ بىھوش بولغانلىقىنى كۆرۈپ ، بىر مۇلازىمنى چاقىرىپ ، دەرھال ھارۋا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى . مۇلازىم ھارۋىنى ھازىر قىلدى . پادىشاھنى ھارۋىغا سالدۇرۇپ ، گۈلفىرەھ ئۆزىمۇ ھارۋىغا چىقىپ پادىشاھنى بىر سائەت ئايلاندۇردى . ئاندىن پادىشاھ ھوشىغا كەلدى . كۆردىكى ، مەلىكە[1] گۈلفىرەھ بىلەن بىر ھارۋىدا كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ ، پادىشاھ ھەيران بولۇپ :

— بۇ نېمە ھادىسە ؟ — دەپ سورىغانىدى ، گۈلفىرەھ جاۋاب بېرىپ :

— ئۆزىڭىز ھۆكۈم قىلىپ : ئۆيۈمدىن نېمىنى خالىساڭ شۇنى ئېلىپ كەت دېگەنىدىڭىز . ئۆيىڭىزدە سىزدىن باشقا نەرسىنى ئېلىشنى خالىمىدىم ، — دېدى .

---

[1] مەلىكە دېگەن سۆز توغرىسىدا قاراشلار ئوخشاش ئەمەس . كەڭ ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ( شاھ ) لار مالىك دەپ ئاتىلىدۇ . مالىك ( پادىشاھ ) نىڭ ئايالى مالىكە ( مەلىكە ) دەپ ئاتىلىدۇ . خان . خاقانلارنىڭ ئايالى خانىكە دەپ ئاتىلىدۇ . خانىش دېگەن سۆز قەدىمكى ئەسەرلەردە يوق . بۇ ھازىرقى زاماندا پەيدا قىلغان يېڭى ئىجادىيەت بولۇپ . ھېكايىدە ئەسلىدىكى ئاتىلىشنى قوللاندىم ( تۈزگۈچى ) .

پادىشاھ بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ئۆز ھۆكمىگە ئۆزى ھەيران بولۇپ ، گۇلفەرەھنى ئېلىپ ئوردىسىغا قايتىپ كېلىپ ، قايتىدىن توي قىلىپ يەنە بىر قېتىم نىكاھىغا ئالدى . ئۇندىن كېيىن بۇلار گۇلفىرەھنىڭ ئاتىسىنى كەلتۈرۈپ ھالىدىن خەۋەر ئالدى . پادىشاھ گۇلفىرەھتىن نەچچە پەرزەنتلەر كۆردى ، بۇلار ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن پەرزەنتلىرى پادىشاھ بولۇپ ئۆتتى .

# ئوتۇنچى بوۋاي بىلەن بوۋى خوتۇن ھېكايىسى

رىۋايەت قىلغۇچىلار ئەپسانىلەردىن نەقىل قىلىپ ، كۆرگەن ـ
ئىشتكەنلىرىدىن شۇنداق ھېكايىلەر قىپتۇكى ، بۇرۇنقى زاماندا بىر ئو-
تۇنچى بوۋاي ئۆتكەن بولۇپ ، ئۇنىڭ بالىلىرى ئۇششاق ھەم كۆپ ئى-
دى . ئولتۇرغۇدەك ئۆي ، تېرىغىلى يەر ، ئىشلەتكىلى چار پاي ياكى قى-
لىدىغان بىرەر ھۈنەر قاتارلىق ھېچنېمىسى يوق بولۇپ ، بار ـ يوقى پە-
قەت ئوتۇن چىگىدىغان بىرلا ئارقىنى ( ئارغامچا ) بار ئىدى . شۇڭا ،
بوۋاي مەھەللىنىڭ چېتىدىكى بىر ئىگىسىز يەرگە گەمە كولاپ ئولتۇ-
رۇپ ، كۈندە جاڭگالدىن بىر يۈدۈم ئوتۇن تېرىپ بازارغا ئاپىرىپ يېرىم
تەڭگىگە سېتىپ ، شۇ پۇلغا بالىلىرىغا نان ۋە كۆكتات ، يېمەكلىكلەر
سېتىۋېلىپ كۈن كەچۈرەتتى . بالىلىرى بولسا ، ياز كۈنلىرى يېرىم يالى-
ڭاچ ، يالاڭ ئاياغ يۈرسە ، قىش كۈنلىرى ھەممىسى ئوچاقنىڭ ئالدىغا
توپلىشىپ پۇتلىرىنى ئوتقا قاقلاپ ، يېرىم ئاچ ، يېرىم توق دېگەندەك
سېرىقتال ئۆتەتتى .

بىر كۈنى بوۋاي ئۆزىنىڭ ھالىغا قاراپ كۆپ ئېچىنىپ ، بالىلىرى-
نىڭ ئاچلىق زارىغا چىدىماي ئەتىگەن تۇرۇپ ، ئوتۇن تەرگىلى جاڭگالغا
كېتىپ بارغانىدى ، بېلىگە ئورىۋالغان ئوراغ ئارقان چۈشۈپ قالدى .
ئەمما بوۋاي تېخى ناشتا قىلمىغانىدى ، ئۇنىڭ خىيالى بالىلىرىدا بولۇپ ،
قېرىلىق تەسىرىدىن ئارقاننىڭ قەيەرگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلمىدى .
ئۇيان ئىزدەپ ، بۇيان ئىزدەپ ئارقانىنى ھېچ يەردىن تاپالماي ، جاڭگال-
دىن يىغلا ـ يىغلا ئۆيىگە يېنىپ كەلدى . بالىلىرى بوۋاينىڭ بەللىرى

يادەك ئېگىلىپ، كۆزلىرىدىن ياش كەلكۈنلىرى توختىماي ئېقىپ. ھەسرەت - نادامەتلەر بىلەن كېلىۋاتقان ھالىنى كۆرۈپ، ئالدىغا چىقىپ:

— ئى ئاتا. ئوتتۇنىڭىز قېنى؟ بىز تېخى ناشتا قىلمىدۇق، — دەپ يىغلىشىپ، بوۋاينىڭ غەمكىن كۆڭلىگە ئوت يېقىپ، يۈرەك - باغرىنى داغلىدى. بوۋاي ھەم باللىرى بىلەن تەڭ يىغلىدى:

يېشىنى دەريا قىلىپ زار - زار يىغلاپ،
دېدى ھالىنى يۈرەك باغرىنى داغلاپ.
«باللىرىم خۇدا بەرسۇن قانائەت،
مۇشۇنداق كۈنلەردە قىلسۇن سالامەت.
قېرىلىقتىن ئوراغ بەلدىن چۈشۈپتۇر،
تاپالماستىن ئاتاڭ مۇندا كېلىپتۇر»

بوۋاي ئارقانىنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايان قىلىپ، باللىرىغا تەسەللى ئېيتتى.

بۇنى ئاڭلاپ باللىرى يىغلادىلەر،
«تېخى ئاتا ناشتىسىز بىز» دېدىلەر
«ئىلاجىنى قىلىپ بۈگۈن ئۆتەرمىز،
بۈگۈن ئۆتسە ئەتە قانداق قىلارمىز؟»
بوۋاي بىلەن باللىرىمۇ ئول كېچە،
ئۇخلىيالماي يىغلاشتى تاڭ ئاتقۇچە.

شۇنداق قىلىپ، بوۋاي كېچىنى باللىرى بىلەن يىغا - زار قىلىپ ئۆتكۈزۈپ، تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقانىنى ئىزدەپ جاڭگالغا ماڭدى. شۇ ماڭغانچە ماڭغان ئىزلىرىنى ئىزدەپ چۆل - جاڭگاللارنى، تاغۇئېدىرلارنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، ھېچ يەردىن تاپالمىدى. ئاچلىقتىن ماغدۇرىدىن كېتىپ، باشلىرى قېيىپ كۆزلىرى

قاراڭغۇلاشتى ، ئاپتاپنىڭ تەپتىدىن پاناھلانغۇدەك جاي تېپىلمايتتى . دەل مۇشۇنداق چاغدا ، تاغدا بىر ئۆڭكۈر ئۇچرىدى . بوۋاي ئاللانىڭ ئىنايىتىگە مىڭ شۈكرىلەر قىلىپ ، كۆرۈپ باقماق ئۈچۈن ئىچكىرىگە قارىغىنىدى ، بىر ئادەم كۆرۈندى .

ئەسلىدە بۇ يەرنى بىر بۇۋى خوتۇن ماكان قىلىپ ، كۆپ يىلدىن بۇيان ياشاپ كەلگەنىدى . بوۋاي ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاپ كۆردىكى ، چاچلىرى كاپۇردەك ئاپئاق ئاقارغان ، يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان ، ئاجايىپ سالاپەتلىك ، كۆزلىرىدىن مېھىر ـ شەپقەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بىر خوتۇن ئىبادەتتە ئولتۇرۇپتۇ .

ئۇشۇل ئۆڭكۈرگە بوۋاي ئاستا كىردى ،
ئەدەپ بىلەن بېرىپ يېنىدا تۇردى .
قاراپ ئىدى بوۋاي بۇۋى تەرەپكە ،
ئېگىپ باشىنى سالام قىلدى ئەدەپكە .
ئىلىك ئېلىپ بوۋايدىن سورىدى ھال ،
دېدى ، مۇندا كېلىشىڭ نىمە ئەھۋال ؟

بوۋاي بۇۋى خوتۇننىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ ، ھېكايىسىنى باشلاپ دېدىكى :

— مەن بولسام چىن ماچىن ۋىلايىتىدىندۇرمەن . ئاتا ـ بوۋام چىن ماچىننىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بولۇپ ، مال ـ دۇنياسى ھەددى ـ ھېسابسىز ئىدى . ئاتامنىڭ ئون پەرزەنتى بار بولۇپ ، بۇلاردىن مەنلا ئوغۇل ئىدىم . ئاتام مەندىن زور ئۈمىدلەر كۈتۈپ : « مال ـ دۇنيالىرىمنىڭ ۋارىسى بولىدىغان بولدى » دەپ مېنى كۆپ ئەتىۋارلاپ ، مۇددەرىس تەكلىپ قىلىپ مەخسۇس ئوقۇتتى . مېنى ئاتا ـ ئانام ئەزىز كۆرەتتى ، مۇلازىمەتچى خادىملارمۇ ئاتا ـ ئانامغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن مېنى ئەتىۋارلىغان بولۇپ ماختاپ ، ئاغزىمدىن بىرەر سۆز چىقىپ بولغۇچە قۇللۇق بىلدۈرۈپ تۇرىدىغان بولدى . چوڭ بولغانسېرى مىجەزىم ئىتتىك ۋە قەھرلىك بولۇپ ، ئوقۇشۇمنى تاشلىۋەتتىم . مال ـ دۇنيانىڭ ھەۋىسىدە

قىلىمەن دېگەننى قىلىپ، بۇزۇقچىلىققا ئارىلىشىپ قالدىم. ئادەملەر كۆزۈمگە توخۇدەك ئاجىز ۋە قەدىرسىز كۆرۈنىدىغان بولۇپ، ئۆزۈمنى گويا جاھاندا بىرلا كىشىدەك ھېسابلايدىغان كىبىر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. قىمارخانا، شارابخانا، پاھىشىخانىلار مېنىڭ كۈندىلىك پائالىيەت ئورنۇم ئىدى. پۇل ـ مالنى ئۆزۈم تاپمىغاچقا، ئۇنىڭ قەيەردىن كېلىشى بىلەن ھېسابلاشمايتتىم. يېنىمدا بارنى خەجلەپ، يەتمىسە قەرز ئېلىپ ئاتامنى كۆرسىتىپ قوياتتىم. ئاتاممۇ مېنىڭدىن ئەنسىرەپ قەرزدارلار كەلسە پۇلنى بېرىپ رازى قىلىپ ماگدۇراتتى.

يېشىم يىگىرمىگە يەتكەندە ئاتا ـ ئانامدىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئايرىلدىم. بۇنىڭغا بىر تەرەپتىن ھەسرەت چەكتىم. يەنە بىر تەرەپتىن خۇشال بولدۇم. بارا ـ بارا قەرزدارلارنى ئەۋەتسەم ئاتام پۇل بەرگىلى ئۇنىماس بولۇپ، مەن خەجلەيدىغان پۇلمۇ ساناققا چۈشۈپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن، « ئاتا ـ ئانام تېزراق ئۆلگەن بولسا، مال ـ دۇنيا ماڭا قالار ئىدى » دەپ ئويلايتتىم. مېنىڭ كۈتكەن كۈنۈم ئاخىر يېتىپ كېلىپ، ئىككىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇزاتتىم. ئۆلەرنىڭ قىرقى نەزىرىنى بېرىپ بولۇشۇمغا، كىشىلەر كۈندە دېگۈدەك ھۆججەتلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئاتامنىڭ قەرزىنى سۈيلىگىلى تۇردى. ئۇ ساندۇقنى ئاختۇرىمەن، بۇ ساندۇقنى ئاچىمەن. ھەممىسىدە پۇل دېگەن نەرسە يوق، ئاتامنىڭ ماڭا پۇل قالدۇرماي قەرز قالدۇرۇپ كەتكىنىگە نەپرەتلەر قىلىپ ئۆزۈمنى ھېچ باسالماي، قولۇمغا كەتمەننى ئالدىم. « زاراتگاھلىققا بېرىپ ئۇنىڭ گۆرىنى ئېچىپ، ئۆلۈكىنى كۆيدۈرۈپ ئىنتىقامىمنى ئالىمەن » دەپ ماگدىم. خوجىدار دېدىكى:

— ئى بەگزادە نەگە ماگدىگىز؟

— ئاتامنىڭ گۆرىنى ئاچقىلى، — دېدىم.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى.

— ماڭا پۇل قالدۇرماي، قەرز قالدۇرۇپتۇ، شۇنداقمۇ ئاتا بولامدۇ؟ ئۇنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورۇپ، قىلغانلىرىغا تويغۇزىمەن، — دېدىم.

— ئى بەگزادە ، — دېدى خوجىدار ، — قالغان قەرزلەر سىز-
نىڭ قەرزىڭىزدۇر ، ئاتا - ئانىڭىزنى سىز ئۆلتۈردىڭىز . قىلغان دەرد -
ئەلەملىرىڭىز ئازلىق قىلىۋاتامدۇ ؟

خوجىدارنىڭ مەندىن قورقماي تۇرۇپ قىلغان سۆزلىرىگە غەزەپ-
لىنىپ ، كەتمەن بىلەن چاپماق بولۇپ يۈگۈرگەنىدىم . مۇلازىملار تۇتۇ-
ۋېلىپ :

— ئى بە؟گزادە ، ئۇ راست ئېيتىدۇ . ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ
باققايسىز ، — دېدى

— قېنى ئېيتسا - ئېيتسۇن ، — دېدىم .

— ئى بەگزادە ، — دېدى خوجىدار ، — سىزنىڭ ئاتىڭىزنىڭ
مال - دۇنياسى ھەددى - ھېسابسىز ئىدى ، سىز چوڭ بولغاندىن
باشلاپ ، « مېنىڭ ئىز باسارىم » دەپ ، نېمە قىلسىڭىز ئىختىيارلىقنى
سىزگە بەردى . كۈندىن - كۈنگە كەڭ قوللۇق قىلىپ بۇزۇپ - چاچ-
قىلى تۇردىڭىز . پاھىشىخانىدىن ، قىمارخانىدىن ، شارابخانىلاردىن
ھۆججەتلىرىڭىزنى ئېلىپ كېلىپ ئاتىڭىزغا ئارامچىلىق بەرمىدى ، سىز-
نىڭ بىنومۇسلۇقلىرىڭىزدىن نومۇس قىلىپ ، بىچارە ئاتا - ئانىڭىز قولىدا
بار ماللىرىنى قەرزىڭىزگە بېرىپ ئاخىر ھېچنېمىسى قالمىدى . يەنىلا سىز
پۇل دەپ تۇرۇۋالغىنىڭىزدا ئامالسىز كىشىلەردىن قەرز ئېلىشقا باشلىدۇق ،
قەرزدارلار كەلسە ، بىرىدىن ئېلىپ ، بىرىگە بېرىپ ئازراق كۈن ئۆت-
كۈزگەنىدۇق . بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇتلا پاھىشىخانا خوجايىنى ھۆججىتى-
ڭىزنى كۆتۈرۈپ ئىككى ئادەم ئەۋەتىپتۇ . مۆھلەت سورىساق بەرمىدى .
ئاخىر « پۇلنى بەرمىسەڭ جان بەرسەڭمۇ بولىدۇ » دەپ ئاتىڭىزنى كۆ-
تۈرۈپ يەرگە بېسىپ گېلىغا دەسسەپ ئۆلتۈردى . ئاتىڭىز ئالدىدا ، ئاپى-
ڭىز كەينىدە ، ئالەمدىن ئۆتتى . دەللاللار يەنە بولدى قىلماي ، قولىغا
چىققانلا نەرسىنى ئېلىپ كەتتى . سىز بۇ چاغدا شارابخانىدا مەست -
بىھوش ئىكەنسىز . سىز كەلگىلى ئۇنىمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن ، سۆزىڭىزگە
ئاساسەن دەپنە قىلدۇق . بولغان ئىشلار مانا شۇ .

سىز ئاتا - ئانىڭىزنىڭ سۆزىگە كىرگەن بولسىڭىز ، ئۇلارمۇ

دەرد ـ ئەلەم بىلەن خورلۇق ئاستىدا ئۆلمىگەن بولار ئىدى. سىزمۇ يامان ناملارغا قالمىغان بولاتتىڭىز. ھازىر سىز ھېچ ئىش بىلەنلا كارىڭىز يوق كېرىلىپ يۈرگەن بىلەن ئەل ئىچىدە ئەڭ پەس كىشىلەردىن ھېسابلىنىپ قالغانلىقىڭىزدىن خەۋىرىڭىز بولمىسا كېرەك. ئەمدى ئاتا ـ ئانىڭىز ئۆلدى. بىزنىڭ ھەم ئىشىمىز تۈگىدى.

خوجىدارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ پەيلىمدىن ياندىم. ئاچچىقىمدا خوجىداردىن تارتىپ، ئىشلەمچىلەرگىچە ھەممىسىنى قايتۇردۇم. ئۆيۋاق، يەر ـ زېمىنلارنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ، بىر يىلغىچە خالىغانچە ئوينىدىم. ئۇندىن كېيىن پۇلمۇ يوق، ئۆيمۇ يوق، كىرىدىغان يەر تاپالماي يۈرسەم، ئاتامنىڭ ئۆلپەتلىرىدىن بىرسى كېلىپ قالدى. ئۇ مېنىڭ ئېچەنىشلىق ھالىمنى كۆرۈپ كۆز ياشلار قىلىپ، ئۆيىگە باشلاپ ئاپاردى. قېرىنداش، ئېگىچە ـ سىڭىللىرىمگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ زىننەت بويۇملىرىغىچە قالدۇرماي ئالداپ ئېلىپ، ئەرلىرىدىن ھەم قەرز ئېلىپ بەرمەي، ئەرلىرىنىڭ ئالدىدا گەپ قىلغۇدەك يېرىنى قويمىغانىدىم. شۇڭا ئۇلارغا كۆرۈنەلمەيتتىم. ئۇلارمۇ مەندىن بىزار بولغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئاتامنىڭ بۇرادىرىنىڭ ئۆيىدە ئۈچ كۈن تۇردۇم. قورسىقىم تويۇپلا ئاچلىقتا يۈرگەن كۈنلەرنى ئۇنتۇدۇم. ئۈچ كۈن داۋامىدا ئۇ ماڭا خىزمەت ئىزدىگەنىكەن، تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە يامۇلغا باشلاپ ئاپاردى، لەشكەر بولدۇم. ھەر كۈنى يامۇلنىڭ دەرۋازىسىدا قاراۋۇللۇققا چىقاتتىم. قورسىقىم ئاشقا تويۇپ، ئۈچام يېڭى ئېگىن كۆرۈپ، قولۇمدا قورال، خېلى سالاپەت كىرىپ قالدى. دادخاغا كەلگەنلەر ئىچكىرى كىرمەك ئۈچۈن بىزدىن رۇخسەت ئېلىش كېرەك ئىدى. كەلگەن دەۋاگەرلەرنى يامۇلغا كىرگۈزمەي، «ئىشىڭنى مەن ھەل قىلىپ قويىمەن» دەپ ئارىلىقتىن پۇل ئېلىۋەردىم. ئۇ پۇللارغا ئاخشىمى پاھىشىخانىدىن چىقماس بولدۇم. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن پۇل بەرگۈچىلەر:

— ئىشىمنى ھەل قىل، بولمىسا، پۇلۇمنى بەر، — دەپ كەلگىلى تۇردى. ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ، بۇنىڭغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ھېچكىمدىن ھېچ-

نىمە ئالالمىدىم . ئىلگىرى بەرگەنلەر ئەمدى بەرمەس بولدى . ئۆزۈمنى ئىناۋەتلىك كىشى دەپ يۈرۈپتىكەنمەن ، ئۇلار مېنىڭ ئەمەس ، بەلكى ئا- تامنىڭ يۈزىدىن بەرگەنلىكىنى ئاندىن بىلدىم .

شۇنداق قىلىپ ، قەرزدارلار كېلىۋېلىپ ، ئاخىر رەسۋايىم چۇۋۇ- لۇشقا باشلىدى ، ئالدامچىلىق گۇناھى ئارتىلىپ يىگىرمە بەش يىل زىنداندا ياتتىم . ئۇنىڭ ئىچىدە ئازاب - ئوقۇبەتتىن خالىي بولۇپ قالغان چاغلاردا ئويلىنىشقىمۇ پۇرسەت بار ئىدى . ئۆزۈمنىڭ قىلغان گۇناھلى- رىمغا توۋا قىلىپ ، خۇداغا نالىلەر قىلدىم . ئۆتكەن ئىش ئېزىغا كەل- مىدى . ئەللىك يېشىمدا زىنداندىن چىقىپ ، ئاتا - ئانامنىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلىپ ، يۈزلىرىمنى سۈركەپ قانغۇچە يىغلاپ ياتتىم ، ھېچبىر نىدا كەلمىدى . كۈندۈزلىرى مەدىكار ئىشلەپ ، كېچىلىرىدە ئاتا - ئانام- نىڭ مازىرىدا تۈنەپ يۈرگەنىدىم . مۇشۇنداق ئون يىل ئۆتكەندە بىر كېچىسى قەبرىستاندا يىغىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . كۆڭلۈمدە « بۇ نىمە ئاۋازدۇ ؟ » دەپ زاراتگاھلىقنى ئايلىنىپ كۆرسەم ، ئون سەككىز ياش ئەتراپىدا بىر قىز كۆزلىرىدىن قان ئاققۇزۇپ ، بىر قەبرىنىڭ ئالدىدا ئول- تۇرۇپ :« ئى رەھىمسىز پەلەك مېنى ئۆزۈڭ يارىتىپ ، ئاتا - ئانامدىن ئايرىپ خورلۇققا تاشلىۋەتكۈچە ، جېنىمنى ئالساڭ بولماسمىدى » دەپ ئۆزىگە ئۆلۈم تىلىگىلى تۇرۇپتۇ . بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ ئاستا قې- شىغا باردىم ، قىز مېنى كۆرۈپ پەرۋامۇ قىلمىدى . يەنىلا يىغا - زار قىل- ماقتا ئىدى . ئۇنىڭ بىچارە ھالىنى كۆرۈپ دىللىرىم سىمابتەك ئېرىپ ، بەدەنلىرىم بوشاپ كەتتى . قىزغا تەسەللى ئېيتماقچى ئىدىم ، نەدىكىنى ؟ ئۇنىڭ نالىسىگە پايلىماي شۇنداق يىغلاۋەتتىمكى ، قىزدىنمۇ ئاشۇرىۋەت- تىم ، بەلكى ئۇنىڭ ئوتلۇق ئاھلىرىنى ئاڭلىغۇچە ، بۇرۇنراق ئۆلۈپ كەتسەم بولماسمىدى ، دەپ كەتتىم . ئاتام - ئانامنىڭ غېرىبچىلىقىغا قوشۇلۇپ قىزنىڭ دەرد - ئەلەملىرى يۈرەك - باغرىمنى ئۆرتەپ ، شۇ يىغلىغانچە يېتىملىك دەرد تىغىنىڭ ئاستىدا قىلىپ ، بىھوش بولۇپ يې- قىلدىم . بىر كەمدە يۈزۈمگە ئوتتەك كۆيدۈرۈپ قايناق تامچىلارنىڭ چۈشۈۋاتقانلىقىنى سەزدىم . كۆزۈمنى ئاچسام . ھېلىقى يىغلىغان قىز .

بېشىمنى قوچىقىغا ئېلىپ كۆز ـ ياشلىرىمنى ئېرتقىلى تۇرۇپتۇ . ئەمما كۆزلىرىدىن شىددەت بىلەن چۇشۇۋاتقان قانلىق تامچىلار بولسا ، قەل- بىمدە قاينام هاسىل قىلماقتا ئىدى . ئۆزۈمنى ئوڭشاپ ، قىزنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئەپۇ سورىدىم . قىز هەم تەسەللىلەر بېرىپ ، هالىمنى سورىدى . بېشىمدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى بايان قىلغانىدىم . ئۇ ماڭا هېسداشلىقلار قىلدى . كېچىنى قەبرىستانلىقتا ئۆتكۈزۈپ ، ئەتىسى بامداتتىن كېيىن قىزنىڭ ئۆيىگە باردۇق . ئۇنىڭ ئۆيى مەهەللىدىن يىراقراق بىر ئېقىننىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ ، بىر تۈپ قاپاق توغراق يىراقتىن ئۇنىڭ ئۆيىگە بەلگە بولۇپ تۇراتتى . ئەتراپتىكى دەرەخزار- لىقلارنى يىراقتىن كۆرۈپ كۆجۈم بىر يۇرتتەك هېس قىلغانتىم . بىز يې- قىنلاپ يېتىپ بارغاندىلا يوغان توغراق تۈۋىدە كىچىككىنە بىر ئېغىزلىق كەپىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم . ئۆيگە كىردۇق ، كۆردۈمكى ، ئۆينىڭ ئىچى ناهايىتى پاكىز ، تەرتىپلىك ئىدى . بىساتلار سېلىپ ، ئالدىمغا داستىخان ئالدى . ناشتىدىن كېيىن داستىخان يىغىلغاندا ، قىزدىن سوراپ :

— ئىسمىڭىز نېمە ؟ ئۆزىڭىز كىم بولىسىز ؟ — دېدىم .

— ئىسمىم گۈلبانۇ ، مۇشۇ ئۆينىڭ بىچارىسى بولىمەن ، ئاتامنىڭ ئېتى ئەبۇل ، ئاپامنىڭ ئېتى زىبىدە ئىكەن . زەينۇرە ئىسىملىك بىر ئا- چامۇ بار ئىدى . مەن تۇغۇلۇپ ئىككى ئايلىق بولغاندا كېسەل بىلەن ئا- پام ئۆلۈپ كېتىپتۇ ، ئۈچ ئايدىن كېيىن ئاتام ئەبۇل ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، مەن ئىككى ئايلىق ، ئاچام ئىككى ياشلىق ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىمىزدىن يېتىم قېلىپ ، ئاپامنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ پەرۋىشىگە قالدۇق . بوۋلارنىڭ هال ـ كۈنى ياخشى ، ئىناۋىتى يۇقىرى ئىدى ، يەنە كېلىپ رەهىمدىل ، ئىنساپلىق كىشىلەر ئىدى . بىزنى ناهايىتى ئەزىز كۆرەتتى . بەش ياشلارغا كىرگەندە ئاچامغىمۇ كېسەل تەگدى . بوۋام بىلەن چوڭ ئاپام كۆپ قايغۇرۇپ ، تېۋىپ چاقىرىپ داۋالاپ يۈرۈپ ئاچام ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى . ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا بوۋام ئالەمدىن ئۆتۈپ چوڭ ئاپام- نىڭ قولىغا قالدۇق . بىز تېخى كىچىك . چوڭ ئاپام بولسا . سەكسەن

ياشلاردا بار ئىدى . يەنى ھەممىمىز ئاجىز ئىدۇق . ئەمدىلا ئاچام ئون بەش ياشلارغا تولغاندا يۇرتىمىزدا يېغىلىق يۈز بەردى . ئاچارچىلىق باشلىنىپ ، ھەممە ئادەم ئوت - چۆپلەرنى يەپ ياشاشقا توغرا كەلدى . بىزگە ئوت - چۆپلەرمۇ كۆپرەك يوق ئىدى . مەھەللىمىزدە يۇسۇپ ئىسىملىك بىر ئوغرى بار ئىدى . ھەر كۈنى جەڭ - جېدەللەر بىلەن قولىدىن پىچاق چۈشمەيتتى . موشۇنداق كۈنلەردە ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدا ئۇ باش كۆتۈرۈپ ئاقساقال بولۇۋالدى . بىزلەرنى ئاجىز كۆرۈپ ، ئاچامغا ئەلچى قويدى . چوڭ ئاپامنىڭ ئاچامنى ئۇنىڭغا بەرمەي ئامالى يوق ئىدى ، ئەگەر قارشىلىق كۆرسەتسە ، ئۇ ئۆلتۈرۈشتىن يانمايتتى . شۇنداق قىلىپ ، ئاچامنى ئېلىپ كەتتى . ئۆيلىرىمىز يېقىن ئىدى ، ئەمما ئاچامنى بىزنىڭكىگە چىقارمايتتى . ئاچامنى كۈندە ئۇراتتى ، كۆزىمىزگە كۆرسىتىپ دەرەخلەرگە ئاساتتى . ئۇنىڭ تاياق زەربىسىدىن چىرقىراشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرساقمۇ ، ھېچ نەرسە قىلالمايتتۇق . ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاچامنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە مېنى ئېلىشقا ئەلچى ئەۋەتتى . چوڭ ئاپام جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇپ ئۇنىڭدىن قان قەرز تەلەپ قىلىپ ئەرز قىلماقچى بولدى . يۇسۇپ بۇنىڭدىن قورقۇپ ، ئۇن چىقىرالماي قالغانىدى ، ئەمدى چوڭ ئاپام ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇنىڭ كۆزى يۇمۇلماي تۇرۇپ ، يۇسۇپ مېنى ئېلىپ كەتمەكچى بولدى . مەن ئۇ قاتىلدىن قېچىپ نەچچە كۈنلەردىن بېرى زاراتگاھلىقتا يوشۇرۇنۇپ ، كۈندۈزلىرى كونا گۆر ئىچىدە ، كېچىلىرى ئەرۋاھلاردىن پاناھ ، ئاللادىن ئۆلۈم تىلەپ ئۆتمەكتىمەن . تەقدىر بۈگۈن ئىككىمىزنى ئۇچراشتۇردى . مېنى سورىسىڭىز كۆرگەن كۈنلىرىم مانا شۇ ، ئەمدى بۇ يەردىن تېز قوزغىلىپ يىراق جايلارغا كەتمىگۈچە ، ماڭا ھاياتلىق يولى يوقتۇر ، — دېدى .

مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ :

— ئى گۈلبانۇ ، خالىسىڭىز مەن سىزنى يىراق جايلارغا ئېلىپ كېتەي ، ھازىرلا يولغا چىقايلى ، — دېدىم . قىز ھەم قوشۇلۇپ ، بوغچىمنى تاڭدى ، مەن ئۇنى ئۆشنەمگە ئارتتىم ، يولغا چىقتۇق .

نەگە بېرىشنى، نېمە قىلىشنى ھەم بىلمەيتتۇق. بىر كۈندىن كېيىن بىر كارۋان توپىغا يېتىشتۇق. شۇلارنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنى بېقىشىپ، خىزمىتىنى قىلىپ جېنىمىزنى باقتۇق. كارۋان باشلىقى سەلىم ئىنساپلىق كىشى ئىدى. دەرد - ئەھۋالىمىزنى ئاڭلاپ گۈلبانۇ بىلەن ئىككىمىزنى نىكاھ قىلىپ قويدى. قىرىق بىر كۈن يول يۈرۈپ بۇ يۇرتقا يەتتۇق. ئاچ - توق قالساقمۇ كۆزىمىزگە كۆرۈنمەي، خۇشال، خاتىرجەم ئۆتتۇق. كۈندە مەدىكار ئىشلەپ، خوتۇنۇمنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ تۇردۇم. بىر يىلدىن كېيىن باللىق بولدۇق. ئۇندىن كېيىن ھەر يىلى بىردىن دېگەندەك باللار تۇغۇلغىلى تۇردى. «بايىنى كالا باسىدۇ، كەمبەغەلنى بالا» دېگەندەك، مەدىكارچىلىق بىلەن تاپقان پۇلۇم ھېچنېمىگە يەتمىدى. يىلدىن - يىلغا قېرىپ كۈچ - ماغدۇرۇمدىن قالغاچقا، كىشىلەر ئىشلەتمىدى. ئاخىر ئامال بولماي، ئىگىسى يوق بىر جاڭگالغا بېرىپ ئوتۇنلۇپ، كۈندە ئوتۇن تېرىپ كېلىپ بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا يېمەكلىك ئېلىپ خوتۇن - بالىلىرىمنى باقىدىغان بولدۇم. مانا ئەمدى قېرىلىقتىن ئوتۇن كېسىپ توشۇيدىغان ئوراغ، ئارقاننىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلمەپتىمەن.

بوۋاي ھالىنى بىر - بىر قىسسە قىلدى،
دېمەكچى سۆزلىرىنى قىسقا قىلدى.
مېنى ئاتايدۇلەر ئوتۇنچى ئېتىم،
يوقالدى دەسمايەم مېنىڭ بۇ قېتىم.
مەندىكى بار نەرسە ئىدى بىر ئوراغ،
يوق ئىدى ۋە يەنە باشقا بىر ياراغ.
چىقاتتىم دۈگجۈيۈپ ھەر كۈنى ئاستا،
جاڭگالدا يۈرەتتىم گاھى تاغ - تاشتا.
تېرىپ ئېلىپ بەش - ئون سىقىم ئوتۇننى،
يۈدۈپ ماڭار ئىدىم سۆرەپ پۇتۇمنى.
شەھەرگە كەلتۈرۈپ ئى بوۋى خوتۇن،

ساتار ئىدىم يېرىم تەڭگىگە ئوتتۇن .
ئۇنىڭ ھەممىسىنى قىلاتتىم خىراج ،
بۇ پۇل بولار ئىدى بىر كۈنگە ئىلاج .
تۈنۈگۈن يوقالدى ئوراغ ۋە ئارقان ،
ئاچ قالدى باللىرىم بولمىغاچقا نان .
ئىككى كۈن بولدى بىز قىلمىدۇق ناشتا ،
ساتقىلى ئوتتۇن يوق قايغۇمىز ئاشتا .
ئاختۇرۇپ ئارقانىنى ئوڭ ـ سولنى كېزىپ ،
كەپقالدىم بۇ غارغا يولۇمدىن ئېزىپ .
سىزمۇ بايان قىلىڭ ئۆز ھالىڭىزنى ،
بىلەي مەن ئەسلىدە كىملىكىڭىزنى .
بۇۋى ئاڭلاپ بوۋاينىڭ قىسسەسىنى ،
دېدى ئۆتمۈشىنىڭ ئاز ھەسسەسىنى .
ئاڭلاڭ سۆز قىسقىچە بۇۋىدىن بايان .
بولغايكى بۇۋىنىڭ ھالىمۇ ئايان .
بوۋاي بىلەن بولۇپ ئىشنى تاشلىدى ،
سۆزىنى ئاڭلاڭكى مۇنداق باشلىدى .

— ئى كەمبەغەل كىشى ، — دېدى بۇۋى خوتۇن ، — مېنىڭ ھالىمنى بىلمەكچى بولساڭ ، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش پەلەك زۇلمەتلىرىنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىگە مۇپتىلا بولۇپ ، ھاياتلىق لەززىتىدىن مەھرۇم بولغۇچىمەن .

مەن تېخى كىچىك ئىدىم . مەكتەپتىن كېلىپ تۇرسام بىر نەچچە كىشىلەر كېلىپ ئاتامنى تۇتۇپ كەتتى . بىز ناھايىتى كەمبەغەل ئىدۇق . ئاتامدىن ئايرىلساق ، ئىشىمىز تۈگەيتتى . « ئەمدى قانداق قىلارمىز ؟ » دەپ قايغۇرۇپ ، ئاپام بىلەن يىغلىشىپ ئولتۇرغانىدۇق . ئاتام يۈز ـ كۆزلىرى قىزىل قانغا بويالغان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى .

سىپاھ بەگ ئاتامنى ئىسىپ ئورۇپتۇ ،
« قىزىڭنى ئالىمەن ، بەر » دەپ تۇرۇپتۇ .
ئاتام دەپتۇ : « قىزىم ئەمدىلا ئون ياش
نەسلىڭىز ئەمەستۇر بەلكى قىزىل باش
بىلەمسىز بۇ قىلمىش نىمە دىگەن سەت
قىزىمنى بەرمەيمەن ئەبەدىلئەبەت » .
دەپتۇ ئۇ : « ئۆچ كۆنلۈك مۆھلەت بېرىمەن ،
ئۆزلۈكتىن بەرمىسەڭ ئۆزۈم بارىمەن » .
ئاتامدىن بۇ سۆزنى ئىككىمىز ئاڭلاپ ،
زارلاندۇق تەڭرىگە ئاھ ئورۇپ يىغلاپ .
دىيىشتۇق : « كېتەيلى باشقا بىر ئەلگە ،
چىگەيلى سەپەرنىڭ كەمرىنى بەلگە » .

شۇنداق قىلىپ . ئاتامدىن سىپاھ بەگنىڭ يامان غەرەز ۋە قىلمىشلىرىنى ئاڭلاپ ، باشقا بىر يۇرتقا كەتمەكچى بولۇپ . كېچىلەپ يولغا چىقتۇق . شۇ ماڭغانچە ئۆچىنچى كۈنى بىر جەزىرىگە يېتىپ ، كېتىپ بارغاندۇق ، ئارقىمىز تەرەپتىن چاڭ ـ توزان پەيدا بولدى . بىر كەمدە لەشكەرلەر يېتىپ كېلىپ بىزلەرنى تۇتماقچى بولدى . ئاتام جان پىدالىق بىلەن ئېلىشىپ قاتتىق جەڭ قىلدى . نەچچە لەشكەرنىڭ قانلىرىنى تۇپراققا ئىلەشتۇردى ، ئەمما دۇشمەن كۆپ بولغاچقا ، ئاتام ، ئانام دۇشمەن قولىدا ئۆلدى . مېنى تۇتۇپ ، سىپاھ بەگ ھۇزۇرىغا قايتۇرۇپ ئېلىپ ماڭدى . ئەمدىلا بىر پەرسەخ يول يۇرۇپ بۇ تاغنىڭ تۇۋىگە كەلگەندە تاغدىن بىر توپ قاراقچى چۈشۈپ لەشكەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى . بۇلار بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئېلىشقىلى تۇردى . مەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، تاغ تەرەپكە قاچتىم . ئۇلار ئىككى تەرەپ ئېلىشىپ ھەممىسى ئۆلۈپتۇ . مەن قانداق قىلىشنى بىلمەي تەمتىرەپ يۇرسەم ، بۇ ئۆڭكۈر يولۇقتى . ئىچكىرىلەپ كىرسەم ئۇنىڭ ئىچىدە ئوزۇق ـ تۈلۈك ھەددىسىز ئىكەن . ئەسلىدە بۇ ئۆڭكۈر ھېلىقى يول توسقۇچى

قاراقچىلارنىڭ ماكانى بولۇپ ، ئۇلا ر ئۆلۈپ ، بۇ ماكان مېنىڭ بولدى .
ئۇزۇق ـ تۈلۈكمۇ كۆپ ئىدى . مەن ئاشۇ ئۆڭكۈردىن چىقماي يوشۇرۇ-
نۇپ ياشىدىم ، ئۇزاق مەنزىللەر ئۆتتى . ئۇندىن كېيىن ياۋا مېۋە ، ئوت ـ
چۆپلەر بىلەن هايات كەچۈردۈم . دېمەك ، ئون يېشىمدىن باشلاپ ئا-
دەملەردىن ئايرىلىپ يېگانە ياشاپ كەلدىم . پۈتۈن ئۆمرۈمنى مۇشەققەت
ئاستىدا ئۆتكۈزۈپ ئاللانىڭ ئىبادىتىدە بولدۇم . مۇشۇنداق ئوتتۇز
يىللاردىن كېيىن بىر چۈش كۆردۈم . بىر نۇرانە كىشى كېلىپ : « ئى
بۇۋى ، مۇشكۈلۈڭ ئاسان بولدى . هەر قانداق كىشى بىرەر مۇشكۈلچى-
لىككە ئۇچرىسا ، سەن دۇئا قىلساڭ دۇئايىڭ ئىجابەتتۇر . مۇشۇ يىل ،
مۇشۇ ئاي ، مۇشۇ كۈنلەردە ئۆڭكۈرگە بىر بوۋاي يوقالغان ئارقانى ئىز-
دەپ كېلىدۇ . ئۇ ئاتىسىنىڭ سۆزىگە كىرمىگەنلىك گۇناهى ئۈچۈن
ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچراپ ، بىر ئۆمۈر يوقسۇللۇق ئازابىنى تارتتى . سەن
ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ ، مۇشكۈلىنى ئاسان قىلغايسەن » دەپ غايىب بولدى .
شۇندىن بۇيان سىنى ساقلاپ ، قىرىلىق ئازابىنى كۆپ تارتتىم . بۈگۈن
كۈتكەن كۈنلەر كەلدى ، — دەپ ، بوۋاينىڭ هالىغا بۇۋى خوتۇننىڭ
رەهمى كەلدى ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ ، مۇشكۈلىگە ئاسانلىق قىلدى .
بوۋايغا يىگىرمە تەڭگە بېرىپ :

— ئى بوۋا ، بۇ تەڭگىگە قاتلىما ، تۇز ۋە ئىككى شام ئېلىڭ ۋە
يەنە شىرمان نان بىلەن كىشمىش ئېلىڭ . بىر نەچچە كەمبەغەل خو-
تۇنلارنى مېهمانغا چاقىرىپ ، نان ، كىشمىشلەرنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قو-
يۇڭ . شامنى داستىخاننىڭ يېنىغا يورۇتۇڭ . يەپ ئاشقانلىرىنى بىر نەر-
سىگە ئوراپ تۈگمەنىنىڭ نوسىدىن قويۇۋېتىڭ . ئاندىن كېيىن يوقسۇللار
دۇئاغا قول كۆتۈرسە ، مەن شۇئان هازىر بولىمەن . هەممە مۇشكۈلۈڭنى
ئاسان قىلىمەن . پۇل تاپقاندا يوقسۇللارنى ئۇنتۇمىغىن . هەر چارشەنبە
كۈنى مېنىڭ هەققىمدە نەزىر ـ سەدىقە بېرىپ ، دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇما-
غىن ، — دەپ دۇئا قىلدى .

بۇ سۆزدىن سۇڭ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ،

دۈئا قىلدى بۈۋى بوۋايغا بېقىپ .
تىرىكلىك قالمىسۇن بوۋا بېرىڭىز ،
ئوتۇن ئېلىپ شەھەرگە ئاپىرىڭىز .
باھا تاپسۇن ئوتۇنۇڭ ئىككى تەڭگە ،
مېنى چاھارشەنبە ئال يادىڭدا ئەنگە .

دۈئادىن كېيىن بۈۋى ئالەمدىن ئۆتتى . بوۋاي « ئەمدى قانداق قىلارمەن ؟ » دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا جەسەت غايىب بولۇپ ھېچ يەردە كۆرۈنمىدى .

بوۋاي ئەمدى جاۋاب ئېلىپ بۈۋىدىن ،
ئوتۇن تەرمەكنى قەست قىلدى تالادىن .
ئوراغى يوق بوۋاي غەملەردە ئىدى ،
بۈۋى خوتۇن دۈئاسى ئەستە ئىدى .
بىردىنلا غايىبتىن بىر يۈدە ئوتۇن ،
پەيدا قىلدى دۈئادىن بۈۋى خوتۇن .
كۆتۈرۈپ ئوتۇننى مۈرىگە ئالدى ،
ئېلىپ كېلىپ ئۇنى بازارغا سالدى .
خېرىدار بولدى بىر ئادەم ئوتۇنغا ،
بېرىپ ئالدى بوۋايغا ئىككى تەڭگە .
بوۋاي بۇنى كۆرۈپ كۆپ بولدى خۇشال ،
بۈۋى خوتۇننى ئەسلەپ ئۆتتى دەرھال .

شۇنداق قىلىپ ، بوۋاي غايىبتىن پەيدا بولغان ئوتۇننى ئېلىپ بازارغا بېرىپ ئىككى تەڭگىگە ساتتى ، بىر تەڭگىنى بۈۋىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر قىلدى . بىر تەڭگىنى خىراجەت قىلىپ ، نان ، تۇز ، كىشمىش ، شام قاتارلىقلارنى ئېلىپ ئاپىرىپ ، يوقسۇل ، بىچارە خوتۇنلاردىن بىر قانچىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى ، ئۇلارغا ، نان ، كىشمىش قاتارلىق

تـاپقانلىرىنى ئېلىپ ئوبدان مېھمان قىلىپ ، بۇۋى خوتۇننىڭ روھىغا ئا-
تاپ دۇئا تەلەپ قىلدى . كەمبەغەللەر دۇئاغا قول كۆتۈردى . دۇئادىن
يارىغ بولۇشىغا ، بوۋاينىڭ يوقاتقان ئوراغ ، ئارقىنى پەيدا بولۇپ قالدى .
ئۇندىن كېيىن بوۋاي بۇۋىنى ئەستىن چىقارماي كۈندە ئازراق ئوتۇننى
بـازارغا ئاپاردى . بېرىشىغا خېرىدار چىقىپ ، ئىككى تەڭگىدىن سېتە-
ۋەردى . شـۇنداق قىلىپ ، بۇۋى خوتۇننىڭ دۇئاسى بىلەن پات پۇر-
سەتتىلا ھېسابسىز پۇل تاپتى ، ئەمما ياخشىلىق قىلىپ مۇشكۇلنى ئاسان
قىلغۇچى بۇۋى خوتۇننى ئەستىن چىقارمىدى . خوتۇن ، بالىلىرىمۇ ئۇ-
چىسى كىيىم كۆرۈپ ، ئاچلىق ئازابىدىن قۇتۇلدى . توق – توق يەپ ،
تېز – تېز چوڭ بولۇشقا باشلىدى .

شۇنداق قىلىپ ، مۇشۇنداق ياخشى ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە
بوۋاينىڭ خوتۇنى شۇنداق بىر چۈش كۆردىكى :

بوۋاينىڭ خوتۇنى ئۇخلاپ چۈشىدە ،
ئاجايىپ چۈشنى كۆردى بۇ چۈشىدە .
بولۇپتۇمىش ھويلىسى باغۇ بوستان ،
ئاجايىپ چەشمىلەر گۈللەر ئېچىلغان .
يەنە كۆل بويىدا سەرۋە شاھانە ،
قونۇپ بۇلبۇللار ئېيتىپ ئاشىيانە .

بوۋاينىڭ خوتۇنى شۇئان ئويغىنىپ ، كۆرگەن چۈشلىرىنى
بوۋايغا ئېيتتى . بوۋاي :

— ئى خوتۇن ، بۇ چۈشۈڭنىڭ تەبىرىنى بىلگۈچىلەردىن بىرنى
تېپىپ ، شۇنىڭدىن سورايلى ، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ ، ئاتاقلىق بىر
دەرۋىش خوتۇن بار ئىدى ، شۇنىڭ قېشىغا باردى . ئۇل خو-
تۇن دېدىكى :

— ئى بوۋاي ، نېمە مۇشكۇل ئىشىڭ بار ؟ مېنى نېمە ئىشتىن
ئىزدەپ كەلدىڭ ؟

بوۋاي ئېيتتى : « زەئىپەم تۈن كېچىدە ،
ئەجەب بىر ئىش كۆرۈپتۇر ئۇيقۇسىدە .
بولۇپمىش ھويلىمىزدا باغۇ بوستان ،
ئاجايىپ رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلغان .
يەنە كۆل بويىدا سەرۋە ـ شاھانە ،
قونۇپ بۇلبۇللار ئېيتىپ ئاشيانە ،
بىلدۈرگىن بۇ چۈشلەرنىڭ تەبىرىنى ،
خەتەر بولسا قىلايلى تەدبىرىنى . »

بوۋاينىڭ ئەرزىنى ئاڭلاپ دەرۋىش خوتۇننىڭ يۈزلىرىگە كۈلكە يۈگۈردى ۋە دېدىكى :

— ئى بوۋاي ، خوتۇنۇڭنىڭ كۆرگەن چۈشلىرىدە خەتەر يوقتۇر ، ئەندىشە قىلىشىڭ بىمەنىدۇر . سەن ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ ، كۆپ جاپا ـ مېھنەتلەر تارتقان ئىكەنسەن ، چۈشنىڭ تەبىرىنى بىلمەكچى بولساڭ :

بولۇپتۇ مېھنىتىڭ راھەتكە تەبدىل ،
جاھاندا كۈلپىتىڭ دۆلەتكە تەبدىل .
تاپارسەن دۆلىتى قارۇننى بوۋا ،
قىلۇرسەن شۆھرىتى خاتەمنى پەيدا .
تەڭرى بەرگەي ساڭا باغى ئېرەمدەك ،
ئاجايىپ باغۇ بوستانى بېھىشتەك .
بوۋا چاھارشەنبەنى تەرك ئەتمە ھەرگىز ،
سېغىنغىن ، ياتمىغىن غەپلەتتە ھەرگىز .

ئى بوۋا ، ساڭا ئۇلۇغلاردىن بىرسى ئۇچراپتۇ . ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن بەخت يۈزلىنىپتۇ . سەن يەنە شۇ جايغا بېرىپ ، ئۇنىڭغا ئاتاپ

دۇئا ـ تـەكبىر قىلساڭ ، يەنە كۆپ مۆجىزىلەر نىسىپ بولغاي . تېز بار-غىن ، مۇرادىڭ هاسىل بولغۇسىدۇر دەپ ، — دۇئا قىلىپ يولغا سالدى . بوۋاي دەرۋىش خوتۇننىڭ يېنىدىن چىقىپ ، تاغدىكى ئۆڭكۈرگە بېرىپ بـۇۋى خوتۇنغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ مۇشكۇلگە ئاسانلىق تىلىدى . شۇئان بۇۋى خوتۇن بوۋاينىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ ، بوۋايغا ياخشىلىقلار قىلىپ ، كارامىتىنى يەنە ئىزهار قىلدى . بىر دانە داستىخاننى بېرىپ :

— ئى بوۋا ، بۇ بېهىش داستىخىنىدۇر ، بۇ يەنە دەستۇرخانى جەننەت دەيمۇ ئاتىلىدۇ ، ئەزىز مېهمانلىرىڭ كېلىپ قالسا ۋە ياكى با-لىۋاقىلىرىڭ غىزالانماقچى بولسا ، مېنى سېغىنىپ تۇرۇپ داستىخاننى ئاچساڭ ، تۇرلۇك ـ تۇرلۇك نېمەتلەر چىقىدۇ ، — دەپ غايىب بولدى .

بوۋاي ئۆيىگە بېرىپ ، بۇۋى خـوتۇننى ئەسـلەپ تـۇرۇپ ، خـوتـۇن ـ باللىرىنىڭ ئالدىدا داستىخاننى ئاچقانىدى ، ئۇنىڭ ئىچىدىن جاهاندا يوق نازۇنېمەتلەر پەيدا بولدى . خوتۇن ـ باللىرىنىڭ بولسا ، تـېخى قورساقلىرى ئاچ ئىدى . داستىخاندىن چىققان نېمەتلەرنى يەپ قورساقلىرى تويدى . خۇداغا مىڭ شۈكرىلەر قىلىپ ، بۇۋى خوتۇنغا ئا-تاپ دۇئالار قىلدى . شۇنىڭدىن باشلاپ بوۋاي دۇنيادا موهتاجسىز بولدى . كۈلپەتلىك كۈنلەر تۈگەپ ، راهەت كۈنلەر راۋانلاشتى .

شۇنداق قىلىپ ، بوۋاي ناهايىتى خۇشال ـ خۇرام ياشاپ يۈرگەن كـۈنلەرنىڭ بىرىدە ، شۇ شەهەرنىڭ پادىشاهى شىكارغا چىقىپ ، ئاندا مېڭىپ ، مۇندا مېڭىپ ، بوۋاينىڭ ئۆيلىرىگە كېلىپ قالدى . ئىلگىرى هەم كەلگەنىدى . ئۇ چاغلاردا بۇنىڭدەك ئالىي قەسىرلەر بىلەن جەننەت كەبى باغلار يوق ئىدى . پادىشاه ۋەزىردىن سورىدىكى :

— ئى ۋەزىر ، ئىلگىرى كۆپ قېتىم كەلگەنىدۇق . بۇ جايلار بىر جەزىرىلىك ئىدى . بۇ ئالىي قەسىرلەر ، چاهار باغلار نەدىن پەيدا بولدى ؟

ۋەزىر ئېيتتى :

« ئايا سۇلتانى ئالەم ،

بار ئىدى بىر قىرى چال ، بەللىرى خەم .
ئۇنىڭ جايى ئىدى ۋەيرانە خاراب ،
قەدەم باسماس ئىدى جانىۋارمۇ تاراپ .
بەش ، ئون كۇن ئىچىدە خەلقىئالەم ،
قىلىپتۇ دۆلەتنى ئۇنىڭغا ھەمدەم .
بوۋاينىڭ بېغىدەك ھېچ باغى بولماس ،
خۇدا بەرسە ئۇنى ھېچكىم بىلەلمەس .
ئاجايىپ گۇزەلدۇر باغى ئېرەمدەك ،
مۇناسىپ كۆرۈشكە شاھلار سىنىگدەك »

ۋەزىرنىڭ جاۋابىدىن پادىشاھ باغنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى بىلىپ ھەيران بولدى . ئۇنىڭ گۇزەللىك تەسۋىرىدىن كۆرۈش ئارزۇسى تەقەززالىنىشقا باشلىدى . شۇنداق قىلىپ :

ۋەزىردىن سورىدى ئاڭلىدى شۇل شاھ ،
بوۋاي بېغى تەرەپ ئاتلاندى پادىشاھ .
كېلىپ چۈشتى بوۋاينىڭ چاھار بېغىگە ،
ئاجايىپ قەسىرى ئالىي مەنزىلگە .
دېدى بوۋاي : « ئايا شاھىم كېلىڭىز ،
قەدەم رەنجىدە ئەيلەپسىز ئېلىڭىز » .

دەپ ئۆيىدىن « دەستۇرخانى جەننەت » نى ئېلىپ چىقىپ پادىشاھنىڭ ئالدىدا قويۇپ ، بۇۋى خوتۇننى ئەسلەپ ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەپ تۇرۇپ ئاچقاندى ، بۇۋى خونۇننىڭ ھۆرمىتىدىن پادىشاھنىڭ ئالدىدا رەڭگارەڭ تائاملار پەيدا بولۇپ ، پادىشاھنى ھەيران قالدۇردى . پادىشاھ ئۆمرىدە تېتىپ باقمىغان تائاملارنى يەپ خۇشال بولۇپ ، بوۋايدىن مىننەتدار بولدى .

شۇنداق قىلىپ ، ئوتۇنچى بوۋاي بىلەن پادىشاھنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق بېكىتىلىپ ، بۇلار كونا ئۇلپەتلەردەك بىر ـ بىرلىرىنىڭ ئۆيىگە

بىرىپ ـ كېلىپ تۇرىدىغان بولدى . بوۋاينىڭ ھەم ئابرۇي ـ ئىناۋىتى ئېشىپ ، خۇشاللىقتا غەرق بولۇپ ، ئاخىر ياخشىلىق قىلىپ ، خۇشال كۆڭگە ئېرىشىشكە ياردەم بەرگۇچى كىشى ئۇنىڭ كۆڭلىدىن يىراقلى-شىشقا باشلىدى . ئەسلىدە ھەر چارشەنبە كۈنى بۇۋى خوتۇننى ئەسلەپ دۇئا ـ تەكبىر قىلىدىغان كۈن ئىدى . بىر چارشەنبە كۈنىدە تاماشا قى-لىش ئۈچۈن بىردىنلا پادىشاھ چىقىپ كەلدى . بوۋاي پادىشاھنىڭ كەل-گەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا ، مېھمان بىلەن بولۇپ غەپلەتتە قالدى . ئۆزىگە ياردەم بەرگەن مەدەتكارغا ئاتاپ دۇئا قىلىشنى ئەستىن چىقاردى . بوۋاي ياخشىلىقنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا كەلگەن ئامەتنىڭ ئورنى ئازاب بىلەن ئالماشتى .

شۇنداق قىلىپ ، بۇ چارشەنبە كۈنى پادىشاھ بوۋاينىڭ بېغىدا تا-ماشا قىلىپ ، « دەستۇرخانى جەننەت » نىڭ تائاملىرىنى يەپ ھۇزۇرلى-نىپ كەچ بولغاندا خوشلىشىپ بارگاھىغا ياندى .

ئىشتىڭ ئەمدى ھېكايەت شاھ قىزىدىن ،
قەددى گۈزەل ، يۈزلىرى ئاي پەرىدىن .
ئاتىسىدىن ئاڭلىدى قىز ئۇ باغنى ،
يۈرىكىگە باغ ئۈچۈن سالدى داغنى .

پادىشاھنىڭ بىر قىزى بار بولۇپ ، ئۇنىڭ قەددى گۈزەل ، يۈز-لىرى ئايتاپقا ئوخشايتتى . بوۋاينىڭ بېغى توغرىسىدا ئاتىسىدىن كۆپ قېتىم تەرىپلەر ئاڭلاپ ، باغقا بېرىش ئىشتىياقى جۇش ئۇرۇپ ، بۇ ھە-ۋەس كۆڭلىنى بىئارام قىلدى . مۇشۇنداق ھەسرەت چېكىپ تۇرغاندا پا-دىشاھ بوۋاينىڭ بېغىدىن كەلدى . قىز ئاتىسىغا ئەرز قىلىپ :

— ئى شاھ ئاتا ! بوۋاينىڭ بېغى توغرىسىدا كۆپ تەرىپلەر قىل-دىڭىز . بۇنىڭدىن باغنى كۆرۈش ھەۋىسىم ئېشىپ ، يۈرەكلىرىم داغلان-ماقتا ، رۇخسەت بەرسىڭىز مەن ھەم بىرىپ ئۇل گۈزەل باغنى تاماشا قى-لىپ ، سىزدىن خۇرسەن بولسام ، دەيمەن ، — دېدى .

پادىشاھ قىزىغا رۇخسەت قىلدى . كېنىزەكلىرىنى ئېلىپ شاھ

قىزى باغقا راۋان بولدى. بوۋاي كۆپ مەمنۇن بولۇپ «قەسرى ئالىي» گە باشلاپ، «دەستۇرخانى جەننەت»نى ئاچتى. ئۇ يەردىن چىقىپ چاھار باغقا باشلىدى. باغنىڭ ئىچىدە خىلمۇخىل مېۋىلەر پىشىپ تۇر-غان، گۇللەر ئېچىلىپ بۇلبۇللار سايرىشىپ تۇرغان، زۇمرەت سۇلار شىلدىرلاپ ئېرىقلاردا ئېقىپ تۇرغان، گويا ئۇ باغ جەننەتتىن قالغۇسىز ئىدى. قىزلار باغقا كىرىپ شادلىققا چۆمۈپ، پەلەكنىڭ بۇ مۆجىزىلە-رىدىن ھەيران بولدى. بوۋاي باغقا ئالىي بىساتلار سېلىپ، ھەممە قىزلارنى ئۇ يەرگە تەكلىپ قىلىپ كۆل بويىغا باشلىدى.

بوۋاي قىز ئالدىغا قويدى تائاملەر،
تەناۋۇل قىلدىلەر قىز ۋە جۇۋانلەر.
بولۇپ پارىغ تائامدىن شاھنىڭ قىزى،
ئۈينىغلى ئۇ كۆلگە چۈشتى كۆزى.
تاماشا قىلدىلەر خۇشالۇخۇرام،
كېلىپ كۆلنىڭ بېشىدا ئالدى ئارام.

كېنىزەكلەر دېدىكى:
— ئى مەلىكەم، بۇ كۆلنىڭ سۈيى گويا زۇمرەتتەك سۈزۈك، ھەم پاك ئىكەن. ھەممىمىز چۈشۈپ ئۈزۈپ ئويناپ تاماشا قىلساق دەيمىز. سىز ھەم قوشۇلۇپ بىز بىلەن بىللە يۇيۇنۇپ، كۆڭۈل ئاچقايسىز.
بوۋاينىڭ ھەم بىر قىزى بۇ قىزلار بىلەن ھەمراھ ئىدى.
— ئى قىزلار، رەنجىمىگەيسىزلەر. بۇ كۆل، مۇبارەك كۆلدۇر. ئۇنىڭغا چۈشۈپ يۇيۇنۇشقا بولمايدۇ. مۇبادا چۈشۈپ قويسىڭىزلەر، سىزلەرگە زىيان يېتەرمىكىن دەپ قورقۇپ قالدىم. بۇنداق ھەۋەستىن كەچكەيسىزلەر، — دەپ قىزلارنى توستى. قىزلار بولسا، بوۋاينىڭ قى-زىغا تۇيدۇرماي كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىپ، بوۋاينىڭ قىزىغا تاپ-شۇردى. پادىشاھنىڭ قىزى ھەم كىيىم - كېچەك، تىللا سىرغا، ئالتۇن بۇيۇملىرىنى قوشۇپ بوۋاينىڭ قىزىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، سۇغا سەك-رىدى. بوۋاينىڭ قىزى بولسا مەلىكە ۋە ئۇنىڭ كېنىزەكلىرىنىڭ بىئە-

دەپلىكىگە خاپا بولۇپ ، مۇبارەك كۆلنىڭ بۇلغانغانلىقىغا غەمكىن بولۇپ تۇرغانىدى ، تۇيۇقسىز تۇرغاندا ، ئاسماندىن بىر قۇش شۇڭغۇپ چۈشۈپ ، پادىشاھ قىزىنىڭ ئالتۇن رومالىغا چاڭگال سالدى ، تىللا سىرغا بىلەن قوشۇپ ھاۋاغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى .

بوۋاينىڭ قىزى ھەيران قالدى . « پادىشاھنىڭ قىزىغا ئەمدى نېمىدەپ جاۋاب بېرەرمەن » دەپ يىغلاپ تۇرغانىدى ، قىزلار كۆلدىن چىقىپ ھەر قايسىسى ئۆزلىرىنىڭ كىيىملىرىنى تېپىپ كىيىشتى . پادىشاھنىڭ قىزى كېلىپ كۆردىكى ، بوۋاينىڭ قىزى يىغلاپ تۇرۇپتۇ ، ئەمما ، ئامانەت بەرگەن رومال ۋە زىننەت بۇيۇملىرى ھېچ يەردە يوق . شاھ قىزى بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ :

— ئى بوۋاينىڭ قىزى ، مەن بېشىمنى ئورايمەن . رومالىمنى ھازىر تاپ ! — دەپ غەزەپ قىلدى .

جاۋاب بەردى بوۋاينىڭ قىزى يىغلاپ ،
« يۇرەر ئىدىڭلار كۆل ئىچىدە ئويناپ .
ئەجەب ھەيۋەتلىك قۇش كەلدى ھاۋادىن ،
ھوشۇم كەتتى ئۆزۈمدىن قورققانىمدىن .
سېلىپ چاڭگالنى ئۇ رومالنى ئالدى ،
ئۇنىڭدىن باشقىسى جايىدا قالدى » .

بوۋاي قىزىنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ ، پادىشاھنىڭ قىزى ناھايىتى غەمكىن بولدى ۋە بوۋاي قىزىنىڭ بەرگەن جاۋابىغا ئىشەنمەي ، ئۇنىڭدىن گۇمانلاندى ، كېنىزەكلىرىنى ئېلىپ باغدىن يېنىپ چىقىپ ئاتىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ :

— ئى ئاتا ، سىز بوۋايغا ئالدىنىپسىز . ئۇلار بولسا ، قاراقچىلارنىڭ كاتتىسى ئىكەن . بۈگۈن بىزنى كۆل بويىغا باشلاپ ھەممە قىزلارنى ئالداپ ، يۇيۇنغان ۋاقتىمىزدا ھىيلە بىلەن مېنىڭ رومالىمنى ئوغرىلىۋالدى ، — دەپ شىكايەتلەر قىلدى .

پادىشاھ قىزىدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ، شۇئان غەزەپ ئېتىغا

مىندى ۋە :

— جاللات ! بارمۇ سەن ؟ — دەپ توۋلىدى . جاللاتلار كېلىپ :

— لەببەي شاھىم ، — دەپ تۇردى .

— سىلەر بېرىپ ، ئوتۇنچى بوۋاينى تېپىپ ،غول ، زەنجىرلەرنى بويىنىغا سېلىپ ئېلىپ كېلىڭلار . ئېلىپ كېلىپ بەنگە تارتىپ ئېسىڭلەر ، ئەتە ئاپىرىپ دارغا ئېسىپ ، خەلقئالەمگە ئىبرەت قىلىڭلار ، — دەپ پەرمان قىلدى . جاللاتلار بېرىپ بوۋاينى تۇتۇپ بويىنىنى زەنجىردە باغلاپ ، كوچىلاردا سازايى قىلدى . ئۇ يەردىن ئېلىپ كېلىپ قىيىن-قىستاقلارغا ئالدى ، قىلمىغان ئازابلار قالمىدى . بۇ قىلمىشتىن بوۋاي ھەيران بولۇپ ، نېمە گۇناھ قىلغانلىقىنى بىلمىدى . ئول كۈنى پادىشاھ قىزىنىڭ توي كۈنى بولۇپ ، پۈتۈن شەھەر خەلقى توپلاشقانىدى . بوۋاينى بۇ ھالەتتە ئېلىپ كەلگەندە يۇرتنىڭ كاتتا-كىچىكلىرى ، ھەررەڭ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى ، بوۋاي باغلاقلىق ، شۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى . ئىزا تارتقىنىدىن ھەر قەدەمدە دارغا بىر قېتىم ئېسىلغاندىن ئارتۇق ئازابلاندى ، شۇنداق كېتىپ بېرىپ ، بىردىنلا ئېسىگە ئۆتكۈزگەن گۇناھى كەلدى . « ۋاي ئىست » دەپ قولىنى پېشانىسىگە ئۇردى . « مەن سۇ بەرگەن ئۆستەڭنى ئۇنتۇپتىمەن . ئاتا نەسىھىتىگە كۆنمەي نۇرغۇن ئازابلار تارتتىم . بۇۋى خوتۇنىنىڭ دۇئاسى بىلەن مۇشكۇلۇم ئاسان بولغانىدى . ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئەستىن چىقىرىپ ، دېگەنلىرىنى قىلماپتىمەن . چارشەنبە كۈنلىرى ئۇنىڭ ھەققىگە نەزىر بېرىپ دۇئا قىلىشنى تەرك قىلىپ ، مېھمان بىلەن بولۇپ غەپلەتتە يۈرۈپتىمەن . كەلگەن ئازابلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم تېپىپتىمەن » دەپ ، ھەسرەت چەكتى . شۇئان بۇۋى خوتۇنىنى سېغىنىپ ، ئۇنىڭدىن پاناھلىق تىلىدى . يانچۇقىغا قول سالغانىدى ، بىر تەڭگە چىقتى . بوۋاي بويىنىدا غول ، پۇتىدا زەنجىر ھەيدىلىپ كېتىپ بارار ئىدى ، كۆڭلىدە « مەن بۇ پۇلنى بۇۋى خوتۇن ھەققىدە نەزىر قىلغان بولسام بولاتتى . كىم ئارقىلىق بېرەرمەن » دەپ تۇرۇشىغا ، بوۋاينىڭ ئالدىدىن بىر ئادەم ئۆتتى . ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ :

— مەن بىر تەڭگىنى خۇدا يولىدا نەزىرگە ئاتىغانىدىم . سەن بۇ پۇلنى ئاپىرىپ ، نان ، كىشمىش ، شام ئېلىپ كەلسەڭ ، مەن ئۇنىڭ بىلەن قىلماقچى بولغان نەزىرىمنى قىلىۋالسام ، — دەپ ئىلتىماس قىلدى . ئۇ ئادەم بۇۋاينىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي كەتتى . بۇ ئادەم بولسا . پادىشاھ ئوردىسىدىكى باقاۋۇل ئىدى .

بوۋاي ھېلىقى ئادەم سۆزىنى ئاڭلىماي كەتكەندىن كېيىن مەيۈسلىنىپ ، يۈرىكى غەمگە ، باغرى قانغا تولۇپ ، ئامالسىز قالدى .

پادىشاھ قىزىنىڭ تويىغا كەلسەك ، پادىشاھ باقاۋۇلغا :

— بۇ توي شۇنداق شاھانە بولسۇنكى ، نەچچە ئۆي نان تەييارلانسۇن . نەچچە ئون قازان تەييارلاپ ، ئون قازاننىڭ ئىشى تۇگىگۈچە ، يەنە ئون قازاندا ئاش دەملىنىپ تۇرسۇن . تويدىن ئاش - نان ئېشىپ ، داڭقىمىز ئالەمگە پۇر بولسۇن ، — دەپ پەرمان قىلدى . خوتۇنلارنى مۇلازىملىققا تەيىن قىلدى . داستىخان سېلىنىپ ، باقاۋۇل داستىخانلارغا نان ۋە ئاش قويدۇرماقتا ئىدى ، تېخى ئازراقلا ئادەمگە ئاش كەلتۈرۈپلا ، ئاش توشۇغۇچىلار ئۇزۇلۇپ قالدى . باقاۋۇل ئاشنى تېز كەلتۈرۈڭلار ، دەپ بۇيرۇدى ، ئاشخانىدىن ئاش تۈگىدى ، دەپ خەۋەر كەلدى .

بۇ ئىشتىن ئوردا ئاياللىرى ، باقاۋۇللارنىڭ ھەممىسى ھەيران بولۇپ ، ئاش - ناننىڭ قانداق بولۇپ يېمەي تۈرۈپ غايىب بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدى . ئۇيانغا يۈگۈردى ، بۇيانغا يۈگۈردى ، ئاخىر ھېچبىر ئامال بولماي ، تويغا كەلگەنلەر كەلگەن پېتى ھېچنېمە يېمەي ، ھەممىسى بۇنىڭدەك تويغا لەنەتلەر بولسۇن ، دەپ ئۆيلىرىگە يېنىشتى .

باقاۋۇل ئويلىدىكى : « بۇ نېمە سىردۇ ؟ بۇنىڭدا بىر ھېكمەت بولسا كېرەك . بۇنىڭدەك ھادىسە ھېچ يەردە بولغان ئەمەس ، كىشى ئۆمرىدە ھەم كۆرگەن ئەمەس » دەپ ، ھېچ ئىشنى بىلەلمىدى .

پادىشاھ ئاڭلىدىكى ، تويغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى تويغا لەنەتلەر ئوقۇپ ، يانغىلى تۇرۇپتۇ . بۇنىڭدىن پادىشاھنىڭ غەزەپ ئاتەشلىرى ئۆرلەپ باقاۋۇلغا غەزەپلەر قىلدى . باقاۋۇل تىترەپ تۇرماقتىن ئۆزگە

ھېچبىر سەۋەب كۆرسىتەلمىدى . شۇئان جاللاتلارنى چاقىرىپ ، بوۋاينى قانداق قىلغان بولسا ، باقاۋۇلنىمۇ شۇ تەرىقىدە قىلىپ ، بويىنىغا غول ، پۇتلىرىغا زەنجىر ـ كىشەنلەر سالدى . قوللىرىنى باغلاپ ئىتتەك سۆرەپ كوچىلاردا سازايى قىلدى .

بۇ قىلمىشقا باقاۋۇل بولدى ھەيران ،
« گۇناھىم نېمىدۇر ؟ » دەپ بولدى سەرسان .
باقاۋۇل پىكىر ئەيلەپ تاپتى بىر سۆز ،
« بوۋاي ئېيتقانىدى ماڭا يېچىرلاپ سۆز » .

باقاۋۇل ئۆزىنىڭ بوۋايغا بىئەدەپلىك قىلغانلىقىدىن ، خۇددى بوۋايغا ئوخشاش كۈنگە قالغانلىقىنى پەرەز قىلىپ ، بوۋاينىڭ قېشىغا بېرىپ :

— ئى بوۋا ، ئۆتكەن كۈنى مېنى نېمە ئۈچۈن چاقىرغانىدىڭىز ، نېمە بۇيرۇقلىرىڭىز بار ؟ تۇنۇگۈن بىئەدەپلىك قىلىپ پىسەنت قىلماپتى‐مەن ، ئەمدى بىلدىمكى ، مەندىن زور سەۋەنلىك ئۆتۈپتۇ ، گۇناھىمنى تىلەيمەن ، — دەپ كۆپ ئۆزرىلەر ئېيتتى .

— ئى باقاۋۇل ، — دېدى بوۋاي ، — مەن بولسام يوقسۇل بىر ئوتۇنچى ئىدىم . بالىلىرىم بىلەن ئۆزۈمنىڭ كۈنلىرى ئاچ ـ يالىڭاچ ئۆ‐تەتتى . تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاغ ئۆڭكۈرىدە بۆۋى خوتۇنغا يولۇقتۇم ، ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن جەبىر ـ جاپادىن قۇتۇ‐لۇپ راھەت كۈنگە ئېرىشتىم . ئەمما ئۇ بىرشەرتنى بۇيرۇپ ، ھەر چار‐شەنبە مېنىڭ ھەققىمدە نەزىر بېرىپ ، دۇئا قىلغىن ، دېگەنىدى ، مەن كۆپ بېيىپ كەتتىم ، پادىشاھ بىلەن ئۈلپەت بولدۇم . شۇنداق قىلىپ ، ماڭا ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ سۆزىنى ئۇنتۇپ غەپلەتتە يۈردۈم . شۇ ۋە‐جىدىن سەۋەبسىزلا پادىشاھنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىدىم . قىلمىشىمنى كۆپ ئويلاپ ، ئاخىر قىلغان گۇناھىمنى بىلدىم . يانچۇقۇمدا بىر تەڭگەم بار ئىدى . ئۇنى ئېلىپ ، مەن باغلاقلىق ئامالسىز بولغاچقا ، سېنى چاقىرىپ مېنىڭ ئورنۇمدا بۆۋى خوتۇنغا ئاتاپ نەزىر بېرىش ئۈچۈن نەرسە

ئېلىشنى سەندىن ئۆتۈنۈپ چاقىرغانىدىم . سەن كەلمىدىڭ ، شۇ سەۋەبتىن مەن قالغان بالاغا سەنمۇ قالدىڭ . ئى باقاۋۇل ! كەل ئەمدى گۇناھىمىزغا توۋا قىلايلى ، — دەپ يانچۇقىدىن ھېلىقى بىر تەڭگىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى . باقاۋۇل يەنە بىر ئادەمنى بۇيرۇپ :

— بوۋاي دېگەن نەرسىلەرنى ئېلىپ كەل ، — دەپ ئەۋەتتى . ئۇ ئادەم بېرىپ نەرسە - كېرەك ئېلىپ كەلدى ، بوۋاي خۇشال بولۇپ ، يەتتە - سەككىز دەرۋىش خوتۇنلارنى چاقىرىپ ئۇلارغا نەزىر قىلدى . دەرۋىش خوتۇنلار بۇۋى خوتۇنغا ئاتاپ دۇئالار قىلىپ ، بۇۋى خوتۇندىن بوۋاينىڭ گۇناھىنى تىلىدى . كەمبەغەللەرنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ ، بىردىنلا پادىشاھنىڭ قىزىنىڭ رومالىنى ئېلىپ قاچقان قۇش ھاۋادا پەيدا بولۇپ ، شۇڭغۇپ كېلىپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قوندى ۋە ئېلىپ قاچ-قان رومال بىلەن زىننەت بۇيۇملىرىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىپ ئۇچۇپ كەتتى . پادىشاھ قىزى ئۆزىنىڭ يوقالغان نەرسىلىرىنى قۇش ئې-لىپ قاچقانلىقىغا ئىشىنىپ ، تېپىلغانلىقىغا خۇرسەن بولدى .

پادىشاھنىڭ نانخانىسىدا يوقالغان نانلار پەيدا بولدى . ئاشخانىدا ئاش پەيدا بولدى . بۇ ھادىسىدىن پادىشاھ ھەيران بولۇپ ، توينى باش-قىدىن قىلدى . نەچچە كۈنگىچە ئاش - نان بەرسىمۇ ، يەنە شۇنداق ئې-شىپ قالدى .

بۇ سىردىن پادىشاھ خەۋەر تېپىپ ، بوۋايغا سالغان زۇلۇملىرىغا كۆپ پۇشايمانلار قىلدى . بوۋاينى چاقىرىپ :

— ئى ھۆرمەتلىك بوۋاي ، مەن ساڭا تۆھمەتلەر قىلىپ ، نۇر-غۇن ئازابلار قىپتىمەن . سېنىڭ ئالدىڭدا ناھەق غەزەپ قىلىپ گۇناھكار

بولدۇم . قىلغان ئەسكىلىكلىرىمنى ئەپۇ قىلغايسەن ، — دەپ كۆپلىگەن ياخشى سۆزلەر بىلەن ئۆزرىلەر ئېيتىپ ، ياخشى تون ـ سەرۇپاي ، ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىنئام قىلدى . بوۋاي دېدىكى :

— ئى پادىشاھ ، ئالەمدە ئۇقۇشماسلىقلار ناھايىتى كۆپتۇر . لېكىن ۋاقتىنچىدۇر ، ئىشنىڭ ياخشىسى ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشتۇر . ياخشىلىققا يامانلىق قىلغۇچى ئاخىر پۇشايمانغا قالىدۇ . ئۇلۇغلۇق پاك كىشىلەردىلا مەۋجۇت بولالايدۇ . كەمبەغەللەر كۆپ ئازاب تارتقۇچىدۇر ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ دۇئاسى قىلىچتىن ئۆتكۈرتۇر . ئۇنىڭ ئاھلىرى كۆيدۈرگۈچى ئوتتۇر . ئۇنىڭ قارغىشى تۇتماي قالمايدۇ . خوتۇنلار ھەم ئەڭ ئاجىز ۋە مەزلۇمدۇر ، ئاللانىڭ بۇيرۇغان پەرز ، سۈننەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشنىڭ سىرتىدا بىر ئەرنىڭ بىر ئۆمۈر ئېغىرىنى كۆتۈرىدۇ . ئۇنىڭ زورلۇق ، زالىملىقلىرىغا بەرداشلىق بېرىشكە مەجبۇردۇر . ئۇ ھەم بىر ئۆينىڭ دەردىنى تارتىپ ۋە يەنە ئانا بولغۇچىدۇر . شۇ سەۋەبتىن كەمبەغەل ـ نامراتلارنى ، كۈچسىز ـ ئاجىزلارنى ، خوتۇنلارنى بوزەك قىلىپ ئۆتكۈچىلەر بالا ـ قازاغا يولۇقماي قالمايدۇ ، ئاتا ـ ئانىغا بىھۆرمەتلىك قىلغانلار خارلىقتا ئۆتىدۇ . مەن ئاتا ـ ئانامغا بىھۆرمەتلىك قىلدىم . نەسىھەتكە كىرمىدىم . بىر ئۆمۈر ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچراپ ، يوقسۇللۇق دەرد ـ ئەلەملىرىنى تارتتىم . ئاخىرقى ئۆمرۈمدە بىر بۇۋى خوتۇنغا ئۇچرىدىم . ئۇنىڭ دۇئاسى بىلەن جەبرى ـ مۇشەققەتتىن قۇتۇلدۇم . ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇپ توزكورلۇق قىلدىم . سېنىڭ زۇلۇمۇڭغا گىرىپتار بولدۇم . كەمبەغەل بىچارىلەرگە نەزىر بېرىپ دۇئاسىنى ئالدىم ،

شۇئان ئۇلارنىڭ تەلىپى كۆز ئالدىڭدا ئىجابەت بولۇپ يوقالغان نەرسەڭ پەيدا بولدى . ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلدىڭ . سەن قىلغانلىرىڭغا ئىزا تارتقان بولساڭ ، سەۋرچان بولغىن . ئاجىزلارغا ئازار بەرمەي ، ئۇلارنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكىن ، — دەپ كۆپ نەسىھەتلەر قىلدى . پادىشاھ ھەم قىلمىشلىرىغا توۋا قىلدى . ئوتۇنچى بوۋاي ئۆز ئۆيىگە بېرىپ بالىۋاقىلىرى بىلەن خاتىرجەم ئۆتتى .

# ئۆچكىزەك شاھزادىلەر ھېكايىسى

ئۆتكەن ئىشلاردىن ھېكايە قىلىپ ، دانىشمەنلەر سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلغۇچى ، پاراسەت لەۋھەسىنى ئەقىل قوياشى بىلەن نۇرلاندۇرۇپ ، ناتىقلار بەيگىسىدە ئات چاپتۇرغۇچى ، جاھان دىشۋارچىلىقلىرىنى ئەسلىمە قىلىپ ، كىتابلارغا رەقەم ئۇرغۇچى ئالىيجاناب خەۋەرچىلەر سىرلىق ئىشلارنى مەخپىي قالمىغاي دەپ شۇنداق رىۋايەت قىپتۇكى ، ئۆتكەن زاماندا چىن ماچىن ئېقلىمىنىڭ بىر پادىشاھى بار بولۇپ ، ئادالەتلىكتە ئۇنىڭ نامى مەشھۇر ئىدى ، پۈتۈن يەر يۈزىدىكى پادىشاھلار ئۇنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا بويسۇنۇپ ، باج - خىراجەت تۆلەپ تۇراتتى . ئۇنىڭ زامانى شۇنداق ئادالەتچىلىك بولدىكى ، قوي بىلەن بۆرە ئارىلاش ياشايتتى ، ئەمما بۆرىلەر توق بولغاچقا قويلارغا نەزەر كۆزىنى سالمايتتى . كەپتەر بىلەن لاچىنمۇ بىر ئۇۋىدا ماكان تۇتاتتى . كۈچلۈكلەر ئاجىزلارغا قول سالمايتتى . پادىشاھنىڭ ئالىي ھىممەت ، ساخاۋەتلىكلىكىدىن ئۇنىڭ زامانىدا ئادەم - ئادەمنى بوزەك قىلالمايتتى ۋە زولۇم سالالمايتتى . شۇ سەۋەبتىن ئەل ئىچىدە بوزەك قىلغۇچى بىلەن بوزەك قىلىنغۇچى ، باي بىلەن كەمبەغەللىك پەرقلىرىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . ئەمما بۇ پادىشاھنىڭ ھەرىمىنى يورۇتۇپ ، تەختىگە ۋارىسلىق قىلغىلى پەرزەنت شامى يوق ئىدى . بۇنىڭدىن پادىشاھنىڭ كۆڭلى ناھايىتى پەرىشان ئىدى . ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ ئاللانىڭ دەرگاھىغا نالە - مۇناجاتلار قىلىپ ، قەيەردە بىرەر تەقۋادار كىشى ، ياكى سوپى - دەرۋىشلەر بولسا ، ئۇنىڭغا سەدىقىلەر بېرىپ دۇئا ئالاتتى . كۆڭلىدە : « شۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ قالسا . ئاللاتائالا پەرزەنت نېسىپ قىلىپ قالارمىكىن »دەپ ئۈمىد قىلاتتى .

شۇنداق قىلىپ ، پادىشاھنىڭ تەلەپلىرى ئىجابەت بولۇپ خوتۇنى
ھامىلىدار بولدى . ئاي ـ كۈنى ، ۋاقتى ـ سائىتى توشۇپ ، بىر قېتىمدا
ئۈچكېزەك ئوغۇل تۇغدى . باللارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش چىراي ، بارا-
ۋەر ئىدى . پادىشاھ بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ سەجدىگە باش قويۇپ ،
تەڭرىنىڭ ئىنايىتىگە شۈكرىلەر قىلدى . خەزىنىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئې-
چىپ ، پۇقرالارغا سەر ـ سەرلەپ ئالتۇن ـ كۈمۈش ھەدىيە قىلىپ
خۇرسەن قىلدى . پۈتۈن چىن ماچىن خەلقىنى مال ـ دۇنيادىن بىھاجەت
قىلدى .

پادىشاھ كۆرگەن ئوغۇلنىڭ مېھرىدە ،
خەزىنىنى قىلدى ساخاۋەت خەلقىگە .
ئاما خاس بولدى خالاس پۇل غېمىدىن ،
شادلىنىپ قىلىشتى دەرمان دەردىگە .

شۇنداق قىلىپ ، پادىشاھ ئوغۇللىرىغا سائادەتلىك كۈن ، ياخشى
ۋاقىتنى تاللاپ ، چوڭ شاھزادىگە : ھابىل ، ئىككىنچىسىگە قابىل ، ئۈ-
چىنچىسىگە مايىل دەپ ئات قويدى . ئاندىن كېيىن بەختى ئامەتلىك ،
سائادەتمەن دايەلەرنى تاللاپ ، شۇلارنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇردى . تۆت
يىل ئۆتكەندىن كېيىن دانىشمەن مۇئەللىملەر قولىغا تۇتقۇزۇپ ، ئىلىم ـ
بىلىمدە كامالەتكە يەتكۈزۈشنى تاپشۇردى . يەنە بىر قانچە دانىشمەنلەرنى
توپلاپ ، باللىرىنىڭ خىزمىتىگە قويۇپ ، سەلتەنەت قائىدە ـ يوسۇنلى-
رى ، دۆلەت قانۇن ـ نىزاملىرىنى ئۆگىتىشنى تاپشۇردى . شاھزادىلەر
ئون تۆت ياشقا تولغاندا كۆپ بىلىملەرنى ئىگىلىدى . شاھزادىلەرنىڭ
ھەممىسى بىلىملىك يىگىتلەردىن بولۇپ چىقتى . ئون ئالتە ياشقا تولغاندا
قەددى ـ قامەتلىرى توشۇپ ، قاملاشقان شاھزادىلەردىن بولۇپ يېتىشتى .
پادىشاھ ئوغۇللىرىنىڭ چىراي ـ شەكىل ، تەقى ـ تۇرقى ،
ئىلىم ـ بىلىم ، ئەقىل ـ پاراسەتتە يېتىلگەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ ، ئۆز ـ
ئۆزىگە : « مەن قېرىپ قالدىم ، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقلۇقىدا ئۆيلەپ قوياي .
ئەتىگەندە يول يۈرسەڭ ، كەچ بولغاندا سۆيۈنەرسەن ، ياشلىقىڭدا بالا

تاپساڭ قىرىغاندا سۆيۈنەرسەن › دېگەن تەمسىل بار » دەپ ئويلاپ ، ۋەزىرلىرىگە مەسلىھەت سالدى . ۋەزىرلەر ھەم پادىشاھنىڭ ئويلىغانلىرىنى ماقۇل كۆردى ، مەسلىھەت شۇ يەرگە يەتتى ، مۇۋاپىق پۇرسەتتە شاھزادىلەرگە گەپ سېلىپ ، شاھزادىلەرنىڭ كۆڭلىدە كىمنىڭ بارلىقىنى بىلمەكچى بولدى . ئەمما بۇ ۋاقىتتا شاھزادىلەر ، شىكارغا چىقىپ كەتكەنىدى .

شاھزادىلەر يىگىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بىر يېشىلزارلىقتا شىكار قىلىپ يۈرگەنىدى ، نەزىرىگە ئاجايىپ گۈزەل بىر كېيىك كۆرۈندى . يىگىتلەر ئۇنىڭ بەدەنلىرىدىكى قارا چېكىم مەڭلىرىگە ، مەپتۇن قىلغۇچى سېھىرىي كۆزلىرىگە ، تەقى - تۇرقى ، قامەتلىرىگە ئاشىق بولۇپ ، ئادەملىرىگە :

— ھەر كىم بۇ كېيىكنى زەخىملەندۈرمەي تىرىك تۇتۇپ كەلسە ، مال - دۇنيا جەھەتتە موھتاجسىز قىلىمىز ، — دېدى .

بۇنى ئاڭلىغان لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى دۈگىلەك بولۇپ كېيىكنى قورشاۋغا ئالغانىدى ، كېيىك غەيرەتكە كېلىپ بىر سەكرەپلا شاھزادىلەرنىڭ بېشىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ، چاقماق تېزلىكىدە شامالدەك يۈرۈپ بەدەر كەتتى . شاھزادىلەر بولسا كېيىكنى قاچۇرۇپ قويغانلىقتىن تاقەتسىزلىنىپ ، قوللىرىغا كەمەندە ئېلىپ ، ئاتلىرىنى بوراندەك چاپتۇرۇپ كېيىكنى قوغلاپ مېڭىۋەردى . كېيىك قېچىپ ، بارا - بارا كۆزدىن غايىب بولدى . ئۈمىدسىزلەنگەن شاھزادىلەر كۆپ مەيۇسلىنىپ ، ھەۋەسلىرى يىمىرىلدى ، بارغانسېرى ئاپتاپ چىقىپ ، ئاتلىرى تەرلەپ ، ئۆزلىرى تەشنا بولدى . ئاكا - ئۇكىلار مەسلىھەتلىشىپ ، بارگاھىغا يانماقچى بولۇپ بىر قانچە مەنزىل يول يۈرگەندە ، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ، گۈزەل بىر باغنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى . بۇ باغنىڭ دەرەخلىرى خۇش قامەتلىك نازلانغۇچى يارغا ئوخشاش ، ئېرىق لېۋىدە باش كۆتۈرۈپ شامال تەسىرىدە ئۆزلۈكسىز ئەركىلەپ ، ۋىسال تاپقان ئاشىق - مەشۇقلاردەك گاھى تورۇپ ، گاھى ئۆزىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ ، ئىرماش - چىرماش قۇچاقلىشىپ تۇرغان ، مايىسزارلار توق ھۆسنى

بىلــەن ئاسمانىمۇ نىل رەڭ قىلىپ ، پۈتۈن كائىناتنى يېشىل لىباسقا پۈركەپ تۇرغان ، باغ ئىچىدە خىلمۇخىل گۈللەر ھەر تەرىقە رەڭلەر بىـ لەن رەڭگارەڭ ئېچىلىپ ، مەشۇقلاردەك جىلۋە قىلىپ تۇرغان ، زۇمرەت سۇلار شىلدىرلىشىپ ، تارام ـ تارام ئۆز يولىدا راۋان بولۇپ ، كۆلچەكـ لەرگە جەۋلان قىلىپ تۇرغان ، پاختەكلەر ھەيرانلىقتىن بويىنغا قارا ئارـ قان سېلىپ ، كۆل رەڭ لىباسلار بىلەن گويا گۈلخان ئايلىنىپ « ھۇ ، ھۇ » سالغان قەلەندەردەك « گۇ ، گۇ » لىشىپ تۇرغان ، ئۇنىڭ گۈزەلـ لىك خىسلەتلىرى تەسۋىرلەپ تۈگەتكۈسىز ئىدى .

شاھزادىلەر بۇ ئاجايىباتنى كۆرۈپ ، ھەيران بولۇپ باغنىڭ ئىـ شىكىگە باردى . كۆردىكى ، باغنىڭ ئىچىگە ئالىي قەسىرلەر سېلىنغان بولۇپ ، باغنىڭ چىك ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل ، كۆلنىڭ بويىدا بىر شاھ سۇپا ، ئۇنىڭ ئەتراپى گۈزەل چىمەنزار ئىدى . شاھ سۇپىدا نۇرغۇن قىزلار بەزمە قۇرۇپ ، قىرىق قىزنىڭ ئىچىدە يۇلتۇزدەك چاقناپ بىر قىز ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ قامالاشقان قامىتىدىن سەرۋىمۇ خىجالەت تەرىگە غەرق ئىدى . يۇزلىرىنىڭ نۇرىدىن ئاينىڭ ئايدىڭى ۋە قۇياشنىڭ ئاپتاـ پىمۇ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ ، تەڭقىسلىقتىن بۇلۇتنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنـ غانىدى . ئول قىز قولىغا ساتارنى ئېلىپ :

مېنىڭ كويۇمدا ئاھ ئۇرغان ئىشىكتە خاكسارلار كۆپ ،
ۋىسالىمنى تەلەپ قىلىپ نابۇت بولغان گادايلار كۆپ .
مېنىڭ ۋەسلىمگە يەتمەكلىك ئەمەس ئاسان بولۇر دىشۋار ،
ئارادا نەچچە تۇرلۇك ھەم مالامەتلەر ـ بالالار كۆپ .
ئەگەر ۋەسلىن تاپاي دېسەڭ ۋۇجۇد سەھراسىدىن ئۆتكىن ،
ئۇ يەردە يول توسۇپ تۇرغان مۇشەققەتلىك داۋانلار كۆپ .
ئىرادە باغلىغان ئەرگە خەتەرسىزدۇر تېپىش ۋىسال ،
مۇھەببەت يولىدا ھەر چاغ ، ئاگا ھېسداش پاناھلار كۆپ .
قاراڭغۇدا قەدەم قويما ، قولۇڭغا نۇر چىراغنى ئال ،
تايانچىسىز ھەم قەدەم قويما ، كوچىلار تار ، قاراڭغۇ كۆپ .

مۇھەببەت يولى تەنھادۇر ، كۆرۈنمەس توپلىشىپ ماڭغان ،
ۋىسالغا يەتكۈچە يولدا ، سىنايدىغان سوئاللار كۆپ .
قىلالماسلەر مۇرادىنى ، ھەركىم ئاسانغىنا ھاسىل ،
ئايا ئاشىق بۇ يوللاردا مۇشەققەتلىك جاپالار كۆپ .
جىنىگنى قىينىما ئاشىق ، پاراغەت جەۋرىسىز بولماس ،
چىدالماي ئوت ئازابىغا كۆيۈپ يۈرگەن سەمەندەر كۆپ .

دەپ نەغمە مۇقەددىمىسىنى ئورۇنداپ بولۇشى بىلەن تەك يىنە-دىكى قىزلار داپ ، دۇتار ، تەمبۇر ، ئۇدلىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ چېلىشقا باشلىدى . بىر قانچە قىزلار ئۇسسۇلغا چۈشتى . بۇلارنىڭ بەزمىسى شۇنداق ئەۋجىگە چىقتىكى ، پەرىلەر بەزمىسمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا يەگادىن ئورۇن ئالغان بولار ئىدى . ئاكا - ئۇكا شاھزادىلەر بولسا ، ھەر ئۈچە-لىسى ئول قىزغا ئاشىق بىقارار بولۇپ ، ئەقلى ھوشىدىن ئېزىپ نىمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغانىدى ، قاراۋۇل قىزلار كۆرۈپ قېلىپ ، بىر قە-سەك ئۇرغانىدى ، قىزلارنىڭ ھەممىسى كۆزدىن غايىب بولۇپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى . قاراۋۇللار كېلىپ ئاكا - ئۇكىلارنى دۆشكەلەپ ، ئاتلى-رىنى ئۇرۇپ ھەيدەپ چىقاردى . شاھزادىلەر بارگاھىغا يېنىپ كېلىپ ، يۈك - تاقلىرىنى ئېلىپ شەھەرگە ياندى . بۇلارنىڭ چىرايلىرى سېرىق ، ھالى خاراب ئىدى ، ھەر قايسىسى ئۆز ھۇجرىلىرىغا كىرىپ نالە - پەرياد قىلىشقا باشلىدى . شاھزادىلەرنىڭ شېئىر - ئەدەبىيات ، مۇزىكا ، مۇغەننى ئىلىملىرىدىن كۆپ بىلىملىرى بار ئىدى . چوڭ شاھزادە قولىغا سازىنى ئېلىپ :

يۈرىكىمنى پارە قىلدى ، دىلبىرى قاشى قارا ،
كىرپىكىنى ئوق قىلىپ ئاتتى دىلىم بولدى يارا .
كۆرمىگەي ھېچبىر كىشى مەن كەبى يار دەردىنى .
زۇلپىنى يالقۇن قىلىپ كىرپىك بىلەن قىلغان يارا .
بۇ مېنىڭ دەردىمگە ئى دىلبەر تېۋىپ كېرەك ئەمەس ،

يار سىنىڭ ۋەسلىڭ تېپىپتۇر ، گۇل يۈزۈڭ ماڭا داۋا .
بۇ مېنىڭ جىسمىمگە چۈشتى ئىشقى ئوتۇڭ ئى پەرى ،
ئاھى - پىغان تارتىدۇرمەن نەرە تارتىپ ھەسرىتا .
بى رەھىم زالىم سەتەمگەر يار ئىكەنسەن ئى پەرى ،
لەشكىرى ئىشقىڭ كېلىپ چىرماپ ماڭا سالدى بالا .
سەن مېنى قىلدىڭ بىچارە ناز بىلەن مەپتۇن قىلىپ ،
يۈرىكىم كۆيدى لاۋۇلداپ ، بولدى چۇچۇل قاپقارا .

دەپ ئاشىقانە غەزەللەر ئوقۇشقا باشلىدى . ئىككىنچى شاھزادىمۇ ھۇجرىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كىرىپ ، ئاشىقانە غەزەل توۋلاپ :

يارىم يۈزىگە ھەر كىشى بىردەم چىدىيالماس ،
كۆزى قامىشىپ يۈزلىرىنى ھەركىم كۆرەلمەس .
ئوتتەك تۇتىشىپ شۇئان ھۆسنى بۇ ئالەمگە ،
تەپتىگە ئۇنىڭ بەلكى سەمەندەر چىدىيالماس .
كۆرسەڭ قەددىنى راست بىلۇرسەن چۈنكى ئىلىپتەك ،
ئوخشاتقىلى ئاڭا سەرۋى سەنۇبەر ھەم بولماس .
مۇنداق سەنەملەرنى كۆرگەندە ھەر قانداق ئاشىق ،
كۆڭۈل بېرىپ ئۇنىڭغا ، ئوتىغا چىدىيالماس .

دەپ ، ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلماقتا ئىدى . بۇلارنىڭ ئوتلۇق نالىسى ئەتراپقا ئاڭلىنىپ ، خوجىدارنىڭ قۇلىقىغا يەتتى . خوجىدار بولسا ، يېشى بىر قەدەر چوڭ ، دانىشمەن كىشى ئىدى . شاھزادە ھابىل بىلەن قابىلنىڭ قېشىغا كىرىپ ، ھەسرەتلىك چىراي ، ئاشىقانە غەزەللىرىنى ئاڭلاپ « نېمە ئىش يۈز بەرگەندۇ ؟ » دەپ ئويلاپ ، يۈگۈرۈپ ئۈچىنچى شاھزادىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى . مايلىنىڭ ئەھۋالى ئىككى ئاكىسىنىڭ ھالىدىنمۇ مىڭ ھەسسە بەتەر ئىدى . تامغا قاراپ ئولتۇرۇپ گاھى ئاھ ئۇرۇپ ، گاھى ئاشىقانە غەزەل ئوقۇپ :

هەر كىشى مەندەك سىنىڭ ئىشقىڭ بىلەن ھەيران ئەمەس ،
تەشنالەب ۋەسلىڭ سوراغلاپ ، يولدا سەرگەردان ئەمەس .
سەندىن ئۆزگىنى دىمەسمەن ئى سەنەم تا ئۆلگۈچە ،
سەن ئىشەنگىن بۇ دىگىنىم ھەممىسى يالغان ئەمەس .
ئەي سىنىڭ يەككەلىكىڭگە كىمىكى ئىقرار بولمىسا ،
مەن ئۇنى كاپىر بىلۇرمەن لايىقى ئىمان ئەمەس .
ئەي سىنىڭدەك نازىنىنىڭ ئىشقى بىلەن ھەر زامان ،
كۆزلىرىمدىن ئاققىنى قان ، بەلكى ئۇ كۆز ياش ئەمەس .
ھەر كىشىنىڭ بولمىسا ئاھ ـ زارلىرى ئىرىتكۈچى ،
لاپ ئۇرىدۇ ئاشىق دەپ ، باغرى ئۇنىڭ كاۋاپ ئەمەس .
يار ئۈچۈن بولدۇم دىۋانە ، ئەقلى ـ ھوشۇمنى يوقىتىپ ،
بۇلغىنىپ تۇپراقتا ياتسا ، ئاشىق دىلى خاراب ئەمەس .

دەپ ، ئوتلۇق مۇھەببىتىنى غايىۋانە ئىزھار قىلغىلى تۇرۇپتۇ .

خوجىدار ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ پەرياد ـ پىغانلىرىدىن بۇلارنىڭ ئاشىقلىق بالاسىغا گىرىپتار بولغانلىقىنى بىلدى ۋە كىرىپ پادىشاھقا مەلۇم قىلدى .

پادىشاھ شۇئان ئوغۇللىرىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كۆردىكى ، ھەممىسى ئىشقى غەزەللەرنى ئوقۇپ ئاھ ئۇرۇپ دىۋانە بولۇپتۇ . بۇنىڭدىن پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە غەم ـ قايغۇلار چۈشۈپ :

— ئى خوجىدار ، سەن بولساڭ دانادۇرسەن . ئىشنىڭ يولىنى بىلىسەن . شاھزادىلەرگە نىمە ئىشلار يۈز بىرىپتۇ . بىلىپ كەلگىن ، — دەپ ئەمىر قىلدى . خوجىدار شاھزادىلەرنىڭ قىشىغا كىرىپ ، ئۇلاردىن بولغان ئىشلارنى سورىغانىدى . ئۇلار كۆرگەنلىرىنى بايان قىلدى . خوجىدار بىلدىكى ، بۇ ئۈچ شاھزادە بىر قىزغا ئاشىق بولغان بولۇپ ، بۇ قىز ئوردا ۋەزىرى مەنسۇرنىڭ قىزى ئىدى . مەنسۇرنىڭ بار ـ يوقى بىرلا قىزى بار بولۇپ . ئىلىم ـ بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ھەم دانىشمەن

ئىدى. ھۆسن ـ جامال بابىدا پەرىلەرمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا خەس بىلەن تەڭ ئىدى. ئىلمى مۇسىقى، ئىلمى مۇغەننى بابىدا بىرەر كىمگە تەڭلەشتۈرگىلى تەس ئىدى. مەنسۇر قىزىغا شەھەر سىرتىدا بىر چاھار باغ بىنا قىلىپ، ئۇ باغقا ئالىي قەسىرلەر سالدۇردى. قىرىق مۇغەننى (قوشاقچى، مۇزىكانت) ۋە ئۇسسۇلچى قىزلارنى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ، ئۇلارغا ئول باغنى مەقام قىلغانىدى. قىزنىڭ ئىسمى گۈلئەندام بولۇپ، ئول باغدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، مۇزىكا ـ مەشرەپلەر بىلەن كۆڭۈل ئاچار ئىدى. شاھزادىلەرنىڭ كۆرگەنلىرى مۇشۇ باغ بىلەن گۈلئەندام بولۇپ چىقتى. ئەمما، ئۈچ شاھزادىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىر قىزغا ئاشىق بولۇپ غوۋغا سېلىشقىنى تولىمۇ خەتەرلىك ئىش ئىدى. ئاكا ـ ئۇكىلار ئارىسىدا دۈشمەنلىك يۈز بېرىشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خوجىدار شۇئان پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، بولغان ئىشلارنى باشتىن ـ ئاخىر بايان قىلدى.

پادىشاھ ئوغۇللىرىنىڭ جېدەللىرىنى ئاڭلاپ ئەقىل قۇشى بېشىدىن ئۇچۇپ، ۋەزىرلەرنى كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ تەدبىرىنى قىلماقچى بولدى، ئەمما ۋەزىرلەر نېمە قىلارنى بىلەلمەي بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، ھەيران بولماقتا ئىدى. خوجىدار ئەقىل كۆرسىتىپ:

— ئى پادىشاھى ئالەم، مېنىڭچە بۇنىڭ تەدبىرى ئاساندۇر. ئۈچ شاھزادىنى دەرقەمتە قىلىپ، بىر قىزنى ئۈچ ئەرنىڭ ئېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، سىلەرگە پۇل ـ مال بېرىپ كارۋانلارغا قوشۇپ قويايلى، قايىسىڭلار پايدىنى كۆپ ئالساڭلار قىزنى شۇ ئالسۇن، باشقىلىرىڭلار غوۋغا قىلماڭلار، دەپ ئۇقتۇرايلى، مۇشۇ تەدبىرنى قوللانماي باشقا ئامال يوقتۇر، — دېدى.

خوجىدارنىڭ تەدبىرىگە ھەممىسى قوشۇلدى ۋە ئۈچ شاھزادىنىڭ ھەممىسىگە بارۋەر ساندا پۇل بېرىپ، تىجارەتكە ماڭدۇردى. ئۇلار مەقسەت يولىدا غەيرەتكە كېلىپ. بىرلىشىپ باشقا بىر شەھەرنى قارارلاپ يولغا چىقتى.

شۇنداق قىلىپ. بۇ شاھزادىلەر يول يۈرۈپ بىر قانچە كۈنلەردىن كېيىن بىر يەردە كېتىۋاتسا. يولدا بىر تۆگىنىڭ ئىزى تۇرۇپتۇ. بۇنى

كۆرگەن چوڭشاھزادە ھابىل : بۇ تۆگىنىڭ قۇيرۇقى سولتەك ئىكەن ، دېدى . ئىككىنچى شاھزادە قابىل : ئوڭ كۆزى قارىغۇ ئىكەن ، دېدى . كەنجى شاھزادە مايىل : ئوڭ يېنىدا ئىت باغلاقلىق ئىكەن ، ـ دېدى . بۇلار يەنە بىر ئاز ماڭغانىدى ، قارشى تەرەپتىن بىر ئاتلىق كىشى كېلىپ :

— ئى يىگىتلەر ! تۆگە كۆردۈڭلارمۇ ؟ — دەپسورىدى .

ھابىل :

— تۆگىڭىز سولتەكمىدى ؟ — دەپ سورىدى .

— شۇنداق ئىدى ، — دېدى . قابىل :

— ئوڭ كۆزى قارىغۇمۇ ؟ — دەپ سورىدى . بۇنىڭغىمۇ :

— شۇنداق ئىدى ، — دەپ جاۋاب بەردى . مايىل :

— ئوڭ يېنىدا ئىت بارمىدى ؟ — دەپ سورىدى . يولۇچى كىشى بۇنىڭغىمۇ :

— شۇنداق ئىدى ، — دەپ جاۋاب بېرىپ ، — تۆگەم قېنى ؟ دەپ شاھزادىلەردىن سورىدى . بۇلار :

— بىز كۆرمىدۇق ، — دەپ جاۋاب بەردى . يولۇچى دېدىكى :

— ھەي ئوغرىلار ! سىلەر كۆرمىگەن بولساڭلار تۆگەمنىڭ قارىغۇ ، ھەم سولتەك ، يېنىدا ئىت بارلىقىنى نېمە بىلىسىلەر ؟ — دەپ تۇرۇۋالدى ، ھەرقانچە سەۋەب كۆرسەتسىمۇ ئۇنىماستىن سۆرەشتۈرۈپ يۈرۈپ ، باشقا بىر شەھەر پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپ ، دادىنى بايان قىلدى . پادىشاھ ئاكا ـ ئۇكىلارنى سوراق قىلىپ :

— ئى يىگىتلەر ! تۆگە قېنى ؟ — دەپ سورىدى .

— بىلمەيمىز ، — دەپ جاۋاب بەردى .

— ئۇنداق بولسا ، تۆگىنىڭ سولتەكلىكىنى قانداق بىلدىڭلار ؟

چوڭ شاھزادە ھابىل جاۋاب بېرىپ :

— ئالدى پۇتىنىڭ ئىزى بەك بېسىلىپ چىقىپ ، ئارقا پۇتىنىڭ ئىزى بوش چىقىپتۇ ، — دېدى . پادىشاھ :

— كىچىككىنە قۇيرۇق بىر تۆگە ئۇچۇن قانداق بىسىم

بېرەلىسۇن ؟ — دەپ سورىدى. ھابىل :

— ئى پادىشاھى ئالەم ! تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ ئالدى تەرەپ ئېغىرلىقى بىلەن ئارقا ئېغىرلىقى تەڭشەلگەندۇر ، ئالدى تەرەپتە باش ، بويۇن بولغان بىلەن قېرىن ـ قورساق ، ئۇستىخانلار كەينى تەرەپتىدۇر ، شۇنداقتىمۇ تەڭپۇڭ بولمىغاچقا ، ئەڭ ئاخىرىغا قۇيرۇق يارىتىپ تەڭشىگەندۇر . تارازىدا بىر تال تېرىقمۇ تەسىر كۆرسەتكەن يەردە ، بىر تال قۇيرۇق نېمە ئۈچۈن بېسىم بېرەلمىسۇن ؟ قوي قۇيرۇقسىز بولسا ، پات ـ پات دۈگجۈيۈپ ماڭىدىغانلىقىنى ، سەمرىپ قۇيرۇقى بەك يوغىناپ كەتسە ، ئارقىغا زوڭ ئولتۇرۇپ ماڭالمايدىغانلىقىنىمۇ پەرق ئەتمىدىڭىزمۇ ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر خىل ھايۋاناتلارنىڭ قۇيرۇقلىرى بەدەن قۇرۇلۇشلىرىغا ئاساسەن ، چوڭ ـ كىچىك ، ئۇزۇن ـ قىسقا يارالغاندۇر ، — دەپ جاۋاب بەردى . پادىشاھ بۇ جاۋابتىن ھەيران بولۇپ :

— قارىغۇ ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭلار ؟ — دەپ سورىدى . قابىل جاۋاب بېرىپ :

— سول تەرەپتىكى ئوتنى يەپ مېڭىپتۇ . ئەمما ئوڭ تەرەپتىكى ئوت شۇ پېتى تۇرۇپتۇ ، بۇنىڭدىن بىلدىمكى ، تۆگىنىڭ ئوڭ كۆزى قارىغۇ ئىكەن ، بولمىسا ھەر ئىككى تەرەپنى ئوخشاش يەپ ماڭغان بولار ئىدى ، — دېدى .

— ئۇنداق بولسا ، ئىت بارلىقىنى قانداق بىلدىڭلار ؟ — دەپ سورىدى . مايىل جاۋاب بېرىپ :

— ئوڭ تەرەپتە بىر ئىتنىڭ ئىزى تۇرۇپتۇ . تۆگىدىن يىراقلاشماپتۇ . ئەگەر ئۇ باغلاقلىق بولمىغان بولسا ، گاھى چەتلەپ ، گاھى يېقىنلىشىپ ماڭار ئىدى . بىر خىل ئارىلىقتا ماڭغانلىقىنى بىلىپ ، ئۇنى باغلاقلىق ئىكەن دەپ بىلدىم ، — دەپ جاۋاب بەردى .

شۇنداق قىلىپ ، پادىشاھ شاھزادىلەرنىڭ جاۋابىدىن كۆپ رازى بولۇپ ، دەۋاگەرنى چىقىرىۋېتىپ ، ئۇلارنى ئوبدان مېھمان قىلىپ يولغا سېلىپ قويدى . ئەمما ، ئارقىسىغا ئادەم سېلىپ قويۇپ :

— ھەرىكىتىگە سەپسېلىپ ، بىرەر ئىش كۆرۈلسە كېلىپ ماڭا

مەلۇم قىلىڭلار، — دېدى.

شۇنىداق قىلىپ، پايلاقچىلار شاھزادىلەرنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ ماراپ ماڭدى. بۇلار بىر شەھەرگە يېتىپ باردى. بۇ شەھەر خەلقىنىڭ بايرام كۈنى بولۇپ، ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك ھەممە ئادەم بويالغان رەڭگارەڭ تۇخۇملارنى ئېلىپ، ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك دېمەستىن بىر - بىرى بىلەن تۇخۇم چېكىشكىلى تۇرۇپتۇ. تۇخۇم چېكىشىشتىن بۇرۇن بۇلارنىڭ ئادىتى، بىر - بىرى بىلەن تۇخۇم ئالماشتۇرۇپ چىشىغا ئۇرۇپ باقىدىكەن. بىر ئادەمنىڭ چىشىغا تۇخۇم ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھابىل كۈلۈپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇلار يەنە بىر كوچىغا كىرگەندى، بىر ساتىراش باش چۈشۈرگىلى تۇرۇپتۇ. قابىل ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ موزدۇز بازىرىغا باردى. ئۇ يەردە بىر بوۋاي موزدۇزغا ئۆتۈك بۇيرۇتقىلى تۇرۇپتۇ. بۇنىڭغا قاراپ، مايىل كۈلۈپ قويدى.

بۇ ئالامەتلەرنى كۆرگەن پايلاقچىلار ئارقىسىغا يېنىپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، كۆرگەن - سەزگەنلىرىنى پادىشاھقا بايان قىلدى. پادىشاھ بۇ غەلىتە ئىشلارغا ھەيران بولۇپ، ئۇلارغا كىشى ئەۋەتىپ قايتۇرۇپ كېلىپ، ھابىلدىن:

— ئى يىگىت، سەن شەھەرگە كىرىپ نېمىلەرنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— بىر ئەخمەقنى كۆردۈم، — دېدى ھابىل، — ئۇ شۇنداق كىشى ئىكەنكى، تاشنى گۆھەرگە ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ. تۇخۇم بولسا بىر تاش، چىش بولسا گۆھەردۇر. چىشقا تۇخۇمنى ئۇرىۋەرسە ئاخىر دەز كېتىدۇ، ئاندىن چىرىپ ئازابلايدۇ، ياكى چىقىپ كېتىدۇ، چىش بولمىسا، تائام ھەزىم بولمايدۇ، ھەزىم بولمىغان تائام كېسەللىك پەيدا قىلىپ، ئۆمۈرنى قىسقارتىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ ئويلىماي، قىلىۋاتقان دۆتلۈكىگە ئەجەبلىنىپ كۈلۈپ كەتتىم.

پادىشاھ قابىلدىن:

— سەن نېمە ئۈچۈن كۈلدۈڭ؟ — دەپ سورىدى. قابىل

جاۋاب بېرىپ :

ــ كېتىپ بارسام بىر پۇلدار كىشى ساتىراشخانىغا كىرگەنىدى . بـۇ چاغدا ساتىراش بىر كەمبەغەل كىشىنىڭ چېچىنى ئېلىۋاتقانىكەن . بايىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ خۇش مۇئامىلە بىلەن ھال سوراپ بولۇپ ، كەمبەغەل كىشىنى قوپۇرۇۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ چېچىنى ئالدى . بۇنىڭغا قاراپ ، ئادەملەرنىڭ ھۆرمىتىنىڭ پۇلغا باغلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، خۇشامەتچىلەرنىڭ پەسكەشلىكى ، بايلارنىڭ تەكەببۇرلۇقى ، كەمبەغەللەرنىڭ بىچارىلىكىگە كۈلدۈم . پۇل بولسا ، دوستنى دۈشمەن قىلغۇچى ، دۈشمەننى دوست قىلغۇچى . ياتنى تۇغقان قىلغۇچى ، تۇغقاننى يات قىلغۇچىدۇر . ئۇ ھەم پەسكەشتۇر ، چۈنكى پۇل قانچە كۆپ بولسا ، ئول كىشى شۇنچە تەكەببۇر ، يۈزسىز ، پەسكەش بو-لىدۇ ، ئەل ــ ئاغىنە ، قان ــ قېرىنداشلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ ، پۇلغا ئىشى-نىپ تەكەببۇرلىشىدۇ . ئەمما ، پۇلنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى بىلمەيدۇ . ۋاقتى كەلگەندە ، ئىشەنگەن بايلىق بىردەمدە توزۇپ كېتىدۇ . كەمبەغەلمۇ ، مەڭگۈ پۇلسىز ئۆتمەيدۇ . خۇشامەتچىلەر بولسا ، ئىتقا ئوخشايدۇ . لالما ئىت كىمنىڭ قولىدا يېمەكلىك كۆرسە ئەركىلەپ تەمە قىلىدۇ . ئەمما ، بەرمەي ئۆزى يەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ . ساتىراشنىڭ كەيپىياتىدىن شۇنى بىلدىمكى ، « پۇلى بار ئادەم گۈلگە ئوخشاش ، پۇلى يوق ئادەم جىنغا ئوخشاش » دېگەن تەمسىل بىكار كەلمىگەنىكەن . پۇلنىڭ ئىززەتلىك بولۇپ كەتكىنىگە ، ئادەملەرنىڭ پەسكەشلىكىگە قاراپ نەپرەتلەندىم .

پادىشاھ مايىلدىن سوراپ :

ــ سەن نېمە ئۈچۈن كۈلدۈڭ ؟ ــ دېدى .

ــ شۇنىڭ ئۈچۈن كۈلدۈمكى ، ــ دېدى مايىل ، ــ كېتىۋات-سام بىر قانچە كۈنلۈك ئۆمرى قالغان بىر كىشى موزدۇزغا ئۆتۈك بۇيرۇ-تۇپ : « ئون يىل پايلىغۇدەك تىكىپ بېرىڭ » دېگىلى تۇرۇپتۇ . بۇ ئادەم شۇنچە قېرىغان تۇرۇقلۇق ئۆمرى بىلەن ھېسابلاشماي ئۇقەت بىلەن ھې-سابلىشىپ ، ئون يىللىق خىراجەتنى تېجەيمەن دەۋاتقانلىقىغا قىزىقىپ قالدىم . ئادەمنىڭ ئۆلـۈمنى ئـۇنتـۇپ قېلىشىمۇ نـادانـلىق . ئـەمما

قىرىپ كەتتىم، ئۆلۈمۈم يېقىنلاشتى دەپ ھەممىنى يەپ تۈگىتىپ قويۇپ، جان چىقماي، نامراتلىق خارلىقىدا ئازاب تارتىشتىن ئارتۇق ئەخمەقلىق بولمايدۇ. ئىنسان ئۈمىدۋار بولۇشى كېرەك. كېسەللىك، ئۆلۈم دېگەنلەر ئادەم بوزەك قىلغۇچىدۇر. نەگىلا بارسا، ئۈمىدسىزلەرنى بوغىدۇ. ئۈمىدۋارلىق بولسا، ئىنساننى ياشارتىدۇ. بوۋاينىڭ سۆزىدىن دانىشمەنلىك ئالامەتلىرى سېزىلدى. ئۇنىڭدىن خۇشال بولدۇم. كۆلكەمنىڭ سەۋەبلىرى ئەنە شۇ.

پادىشاھ بۇ شاھزادىلەرنىڭ تەلىماتلىرىغا ھەيران بولۇپ، ناھايىتى چوڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىپ بىر قانچە كۈن ھەمسۆھبەت بولدى. ئۇندىن كېيىن يولغا سېلىپ قويدى.

شۇنداق قىلىپ، ئاكا ـ ئۇكىلار نەچچە مەنزىل يوللارنى بېسىپ يەنە بىر شەھەرگە يېتىپ باردى. بۇلار ئاخشىمى چۈشكەن سارايدا ئارام ئېلىپ، ئەتىسى بازارغا چىققانىدى. بىر ئادەم ئۈنلۈك تازا ۋارقىراپ:

— ماۋۇ جايىنامازنى ساتىمەن، باھاسى ئىككى تىللا! — دەپ تووۋلىغىلى تۇرۇپتۇ. چوڭ شاھزادە ھابىل بېرىپ، ئۇنى ئىككى تەڭگىگە سېتىۋالدى ۋە ساتقۇچىدىن:

— ھەي بوۋا! بۇ جايىنامازنىڭ نېمە خاسىيىتى بار؟ — دەپ سورىدى.

— ھەر كىم بۇ جايىنامازنى سېلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسا، بەش يىللىق يولنى بىر دەقىقىدە بېسىپ، كۆزلىگەن مەنزىلگە بارالايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي.

شاھزادىلەر ئۇ يەردىن ئۆتۈپ يەنە بىر ئاز ماڭغانىدى، بىر ئادەم بىر ئەينەكنى كۆتۈرۈپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ ئەينەكنى كىم ئالسا، بەش تىللاغا ساتىمەن! — دەپ تووۋلىغىلى تۇرۇپتۇ. قابىل ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

– ئى بوۋا، بۇ ئەينەكنىڭ نېمە خۇسۇسىيىتى بار؟ — دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم جاۋاب بېرىپ:

— بۇ ئەينەككە قارىساڭ پۈتۈن كائىناتنىڭ ھەممە

مەۋجۇداتلارنى كۆرەلەيسەن . — دېدى . شۇنداق قىلىپ ، بۇنى قابىل سېتىۋالدى .

ئۇ يەردىن يەنە بىر ئاز ماڭغاندى ، بىر كىشى بىر پىيالىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ :

— ۋاي خالايىق ! بۇ پىيالىنى ئون تىللاغا ساتىمەن ! — دەپ تowۋلىغىلى تۇرۇپتۇ . مايىل ئۇنىڭدىن :

— ھەي ساتقۇچى كىشى ! بۇ پىيالەڭنىڭ نېمە خۇسۇسىيەتلىرى بار ؟ — دەپ سورىدى . ساتقۇچى جاۋاب بېرىپ :

— بۇ پىيالىگە سۇ ئېلىپ چاچسا ، ئۆلگەن ئۆلۈك تىرىلىدۇ ، — دېدى . مايىل ئون تىللاغا پىيالىنى سېتىۋالدى .

شۇنداق قىلىپ ، شاھزادىلەر سودىلىقلىرىنى قىلىپ بولۇپ سارايلىرىغا ياندى . ئالغان ماللىرىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ قابىل ئەينەككە قارىغانىدى ، مەنسۇر ۋەزىرنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى ، باغدا كۆرگەن ساھىبجامال گۈلئەندامنىڭ جەسىتىنى تاۋۇتقا سېلىپ ، يىغا - زار بىلەن زاراتگاھلىققا ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە ، پەرياد كۆتۈرۈشكە باشلىدى . ھابىل بىلەن مايىل ھەيران بولۇپ ، ئەينەككە قارىغانىدى ، قابىل كۆرگەن مۇسىبەتنى كۆردى . ئۇچەيلەن ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا بىردەم يىغلىۋالغاندىن كېيىن جايىنامازنى سېلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ ، ئاندىن كېيىن جايىنامازدىن ئۆزلىرىنى يۇرتىغا ئاپىرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى . بۇلار جايىنامازنىڭ ئۈستىگە چىقىشى بىلەن جايىناماز شۇئان كۆتۈرۈلۈپ ، شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدە گۈلئەندامنىڭ تاۋۇتىنىڭ يېنىغا ئاپاردى . مايىل پىيالىسىگە سۇ ئېلىپ گۈلئەندامنىڭ لەۋلىرىگە تەگكۈزگەنىدى ، ئۆلۈك شۇئان تىرىلىپ ، قاقاقلاپ كۈلگەن پېتى بىر گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى . ئۇ گۈمبەزنىڭ ھەر تېمىدا بىردىن ئويۇق بار بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىگە بىر كارىۋات قويۇلغانىدى . قىز بېرىپ ، كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە ياتتى .

شاھزادىلەر ئاستا كېلىپ گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىردى ، ھابىل قىزنىڭ يېنىغا باردى . ئۇنىڭغا :

مۇھەببەت بىغىدا مەشۇق ، لېۋىڭ غۇنچە يۈزۈڭدۇر گۈل .
ئىشقىڭدا ئۇيقۇسىز يىغلاپ ، بولۇپتۇرمەن سارالىڭ بۇلبۇل .
تاماشا ئەيلىسەم دەيمەن ، كۆرۈپ گۈزەل جامالىڭنى .
شۇڭا مىسالى مەجنۇندەك قىلارمەن ناللەر غۇلغۇل .
ئەگەر سۆزۈمنى ئاڭلاشقا ، كۆزۈڭنى بىر قېتىم ئاچساڭ ،
بېشىڭدىن ئايلىنىپ شۇئان بولاتتىم پەرۋانە يەڭلىغ گۈل .
ئاشىق جانانىنى دەپ جاندىن كېچىپ زارلىنىپ يۈرسە ،
كۆزۈڭنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ ، قىلمىغايسەن ئىشنى مۇشكۈل .

دەپ نەزمە ئوقۇدى ، ئاندىن ئېيتتى :

— ئى مەلىكەم ، سىزنى دەپ يىراق يوللارنى بېسىپ سىزنى تىرىلدۈرگىلى كەلدىم . ئۆزىڭىزنى قوبول قىلغايسىز ، — دېدى . ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگە گۈلئەندام كۆزىنى بىر ئېچىپلا ھابىلنىڭ يۈزىگە غەزەپ بىلەن بىرنى ئۇردى .

ئارقىدىن قابىل يېقىن كېلىپ :

ئىشق بازارىدا بولۇپمەن ، مەشۇق خېرىدارىڭ سېنىڭ ،
ئىككى ئالەم ئەرزىمەيدۇ ، زۇلفى زۇننارىڭغا سېنىڭ .
مەست ـ بىھوش بولۇپ دىۋانە ، نېمە قىلارنى بىلمىدىم ،
ياتىمەن يولۇڭدا كۈندە بولاي پاياندازىڭ سېنىڭ .
سەن تېخى بىلمەس ئىكەنسەن شۇ كەمگىچە يار قەدرىنى ،
رەھمى قىلىپ ئاچ كۆزۈڭنى بولاي قەدىردانىڭ سېنىڭ .
دائىما ۋەيراندۇرمەن ئىشقىڭدا پىغانلەر چېكىپ ،
ئاشىقلىق ھەسرەتتە يۈرسە ، بۇ ياتقىنىڭ نېمە سېنىڭ ؟

دەپ قولىنى تۇتۇپ :

— ئى مەلىكەم ، جاھان ئەينىكىم بىلەن كۆرۈپ ، سىنى تىرىلدۈرگىلى كەلدىم . مېنى قوبۇل قىلغايسەن ، — دەپ ئىلتىماس

قىلغانىدى ، ئۇنىمۇ شاپىلاق بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ، يەنە كۆزىنى يۇمۇپ ياتتى .

شۇنداق قىلىپ ، نۆۋەت مايىلغا كەلدى . ئۇمۇ يېقىن بېرىپ :

سېنىڭ ئىشقىڭدا ئى دىلبەر ، كېچە ـ كۈندۈز پىغانىم بار .
كۆزۈمدە خۇددى دولقۇندەك قان ـ ياشتىن راۋاغىم بار .
ئۆلۈپ لەھەتكە بارغۇچە سېنىڭ دەردىڭنى تارتارمەن ،
سېنىڭدىن ۋاز كېچەلمەسمەن ، ئەگەر تېنىمدە جانىم بار .
شىپا بولغىن بۇ دەردىمگە سېنىڭسىز ساقلىقىم يىتاپ ،
ئۆلەرمەن بىگۇمان ئەمدى ، مېنىڭ نېمە ئامالىم بار .
كۆيۈپ ھەسرەت بىلەن يىغلاپ ، كېتەرمەن ئۇشبۇ دۇنيادىن ،
چىراغىم سۈبھىگە ئوخشاش ، كۆيۈپ ئۆچمەك نىشانىم بار .
گۈلۈم تېخى ئېچىلماستىن ، ئەگەر غۇنچەم تورۇپ كەتسە ،
قىيامەتنىڭ بازارىدا مېنىڭ ئاڭا دەۋايىم بار .
كۆزۈڭنى ئاچقىن ئى دىلبەر ، بۇلبۇلۇڭ گۈلگە تەشنادۇر ،
تېپىپ كەلدىم ھايات سۈيى ، چېچىپ ساڭا ساقايتقۇم بار .

دەپ قىزنىڭ قولىنى تۇتقانىدى ، قىز كۆزىنى بىر قېتىم ئېچىپ تەبەسسۇم قىلىپ ، يەنە كۆز يۇمۇپ جىم ياتتى . مايىل ئەتراپىغا سەپسالغانىدى . گۈلئەندامنىڭ باش تەرىپىدە بىر پارچە خەت ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ . ئۇنى ئوقۇغانىدى ، « مەلىكە ياتقان جايىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر كامار بار كامارنىڭ ئىچىدە بىر دانە ئالتۇن چىراغپاي بار ، ئۇنىڭ ئاستىدا بىر پارچە كىتاب بار ، بۇ كىتابتا ھېكايىلەر بار . ئۇ ھېكايىلەرنى ھەر كىم بىر قېتىم ئوقۇپ چىقسا ، شۇ كىشىگە گۈلئەندام نېسىپ بولغاي » دەپ يېزىلىپتۇ . مايىل قارىغانىدى ، گۈمبەزنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر تۆشۈك كۆرۈندى . يېقىن بارغانىدى ، تۆشۈكنىڭ ئىچىدە بىر دانە ئالتۇن چىراغپاي كۆرۈندى ، چىراغپايىنى كۆتۈرگەنىدى ، ئاستىدىن بىر پارچە كىتاب چىقتى . كىتابنى قولىغا ئېلىپ ئاچقانىدى ، بىرىنچى بەتتە « مىسكىن ھاجى » دىگەن ھېكايە چىقتى . مايىل ھېكايىنى ئوقۇشقا كىرىشتى .

ھېكايە مۇنداق يېزىلغانىدى :

## مىسكىن ھاجى ھېكايىسى

بۇرۇنقى زاماندا مىسكىن ھاجى دەپ تونۇلغان بىر كىشى ئۆتكەن ئىكەن . ئۇنىڭ بىر ئوغۇل ، بىر قىز ، ئىككىلا بالىسى بار ئىكەن . بالىلىرى بالاغەتكە يېتىپ ئوغلىنى ئۆيلىگۈدەك ، قىزىنى ياتلىق قىلغۇدەك ۋاقتى يېتىپ كەپتۇ . ئەمما ، مىسكىن ھاجىنىڭ بولسا ، ھەج قىلىش خىيالى كۆڭلىگە كىرىۋاپتۇ . بىر كۈنى بالىلىرىنى چاقىرىپ :

— ئەي ئەزىز پەرزەنتلىرىم ، ئىككىڭلار بەربىر چوڭ بولدۇڭلار ، ئۆيلەيدىغان ۋە ياتلىق قىلىدىغان ۋاقتىڭلار كېلىپ قالدى . ئەمما مەن ھەم قېرىپ ماغدۇرۇمدىن كەتكىلى تۇردۇم . ھەج قىلىپ كېلىش ئارزۇيۇم بار ئىدى . سىلەرنىڭ بېشىڭلارنى ئوڭلاپ قويايمۇ ياكى ئالدىدا ھەج قىلىپ كېلىپ ، ئاندىن سىلەرنى ئۆيلۈك قىلىپ قويايمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ . بالىلىرى دەپتۇكى :

— ئى ئاتا ، ئالدىدا سىز ھەج قىلىپ ، ئاخىرەت تەييارلىقىنى قىلىۋېلىڭ ، بىزنىڭ ئىشىمىزنى سىز كەلگەندىن كېيىن قىلساقمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق ، — دەپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ، مىسكىن ھاجى سەپەرگە جابدۇق قىلىپ ، سەپەر تەييارلىقى پۈتۈپتۇ . يولغا چىقىش ئالدىدا ئوغلىنى چاقىرىپ :

— ئى ئوغلۇم ، سىڭلىڭنى ساڭا تاپشۇردۇم . كىمگە كۆڭلۈڭ يېقىن بولسا شۇنىڭغا چېتىپ قوي ، — دەپ تاپىلاپ قويۇپ ، يولغا مېڭىپتۇ .

ئوغلى ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ، ئۇنىڭ كېتىشىگىلا بىر ئاغىنىسىنى چاقىرىپ كېلىپ ، سىڭلىسىنى ئۇنىڭ بىلەن چاي ئىچۈرۈپ قويۇپتۇ .

مىسكىن ھاجى بولسا ، ھەجگە كېتىۋېتىپ بىر يېتىمچىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋاپتۇ . بۇ يىگىت ناھايىتى چەپەر ، مۇلايىم ئىكەن . ئۇنىڭ

خىزمىتى كۆپ ياراپتۇ . ئۇنى چاقىرىپ :

— ئى يىگىت ، خىزمىتىمنى ياخشى قىلدىڭ . ئۆيدە بىر قىزىم بار ئىدى ، ئۇنى ساڭا بېرىشنى قارار قىلدىم . ئىشەنمىسەڭ ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا غايىۋانە نىكاھ قىلىپ قوياي . تويىنى قايتىپ بارغاندىن كېيىن قىلىپ ئېلىپ كەتسەڭ بولىدۇ ، — دەپ نىكاھ ئوقۇپ قويۇپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ، مىسكىن ھاجى ھەج قىلىپ كەپتۇ . ئەمما ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ . يالغۇز قىزىنى خوتۇنىنىڭ بىر تۇغقىنىغا بەرمەكچى بولۇپتۇ ، تويىنى ئىككىنچى كۈنى قىلىشنى قارار قىپتۇ . مىسكىن ھاجى توي تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقسا ، دەرۋازا تۈۋىدە ئۈچ قوي باغلاقلىق تۇرۇپتۇ . « بۇ كىمنىڭ قويلىرىدۇ ؟ » دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا ، بىر يىگىت كېلىپ :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، — دەپتۇ . مىسكىن ھاجى ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ :

— نېمە ئادەمسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— مەن كۈيئوغۇللىرى بولىمەن ، — دەپتۇ ئۇ يىگىت ، — ئۆزلىرى ھەجگە ماڭغاندا ئوغۇللىرى مېنى چاقىرىپ كېلىپ قىزلىرىغا نىكاھ قىلىپ قويغانىدى ، ئۆزلىرىنىڭ كېلىشلىرىنى كۈتۈپ توي قىلالماي تۇرۇپ قالدۇق ، بۇ قويلارنىڭ بىرسىنى مەن تويلۇققا ئېلىپ كەلدىم ، — دەپ تۇرۇشىغا ، يەنە بىر تەرەپتىن ھېلىقى يېتىمچى يىگىت چىقىپ كەپتۇ . مىسكىن ھاجى ئۇنىڭدىن :

— قاچان كەلدىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ . يېتىمچى :

— ھەج يولىدا كېتىۋېتىپ قىزلىرىنى ماڭا نىكاھ قىلىپ قويغان ئىدىلە ، بۇ بىر قوينى يېتىلەپ ، توي ئۈچۈن ئەمدىلا كېلىشىم ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

— ئۇنداق بولسا ، يەنە بىر قوي كىمنىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ ھاجى .

خوتۇنىنىڭ تۇغقىنى :

— بىر قوي مېنىڭكى . بۈگۈن توي قىلماقچى ئەمەسمىدۇق ؟ —

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

مىسكىن ھاجى بۇ ئىشلارغا ھەيران بولۇپ ، ئۆيگە كىرىپ جاي-نامازنى سېلىپتۇ . ئاللاغا مۇناجات قىلىپ : « ئىبارا خۇدايا ، ئەخمەقلە-قىمدىن ھەممىگە ۋەدە بېرىپ قىزىم بىر ، ئالدىغان يىگىت ئۈچ بولۇپ قالدى . بۇنداق شەرمەندىچىلىككە قالغۇچە ، يا مېنىڭ جېنىمنى ئالغىن ، بولمىسا ، قىزىمنىڭ جېنىنى ئال » دەپ يىغلاپتۇ . ھاجىنىڭ تەلەپلىرى ئاللانىڭ دەرگاھىغا يېتىپ شۇئان قىزى جان تەسلىم قىپتۇ . يىغا - زار قىلىشىپ قىزىنىڭ نامىزىنى ئوقۇپ ، قەبرىستانلىققا دەپنە قىپتۇ . خىجا-لەتچىلىكتىن قۇتۇلغانغا ھاجى ھەم شۈكرى قىپتۇ . ئۈچ يىگىت بولسا ، قىزنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ھەسرەت - پىغانلار قىلىپ ، بىردىن قۇرئاننى كۆ-تۈرۈپ تۇپراق بېشىدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا باشلاپتۇ . بۇلاردىن يې-تىمچى يىگىت دەپتۇكى :

— ئى بۇرادەرلەر ، قۇرئان ئوقۇش بىلەن ئۆلگەننى تىرىلدۈرەل-مەيمىز . ئۇنىڭ ھاياتلىقىدىغۇ كۆرەلمىدۇق ، ئەمدى ئۆلگەن ئۆلۈكىنى بولسىمۇ كۆرۈۋالايلى . بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر ؟ — دەپ مەسلىھەت سالپتۇ ، يەنە ئىككىسىمۇ بۇ مەسلىھەتكە قوشۇلۇپ ، ئۇچەيلەن قەبرىنى ئېچىپ كۆرسە ، ئاپتاپتەك ساھىبجامال بىر قىز يېتىپتۇ . يېتىمچى يىگىت كېلىپ تومۇرىنى تۇتسا ، نەپەس ئېخى توختىماپتۇ . قىزنى يۆلەپ ، لەۋ-لىرىگە سۇ تەگكۈزۈپتۇ . شۇنىڭ بىلەن قىزغا جان كىرىپ ساقىيىپ قاپتۇ . بۇنى كۆرۈپ يىگىتلەرنىڭ ئىشتىياقى قايتىدىن قوزغىلىپ ، قىزنى تالىشىپ غوۋغا قىلىشقا باشلاپتۇ .

ئى كىتابخان ! ھۆكۈم قىلىڭكى ، ئول قىز كىمگە تەئەللۇق بو-لۇشى كېرەك ؟ - دەپ سوئال قويۇلۇپتۇ .

مايىل بۇ ھېكايىنى ئوقۇپ بولۇپ ، ئاخىرقى سوئالنى ئويلىنىپ تۇرغاندى ، گۈلئەندام جاۋاب بېرىپ :

— ئى يىگىت ، بىلگەيسىزكى ، قىزنى كىم تىرىلدۈرگەن بولسا ، شۇ ئېلىشى كېرەك . قىز بولسا ، يېتىمچى يىگىتكە مەنسۇپتۇر ، — دەپ يەنە كۆز يۇمۇپ ياتتى .

شاھزادە مايىل كىتابنىڭ كېيىنكى بەتلىرىنى ئاچقانىدى ، ئۇنىڭدا « جامەت پەھلىۋان ھېكايىسى » دېگەن خەت چىقتى . بۇ ھېكايە مۇنداق يېزىلغانىدى :

## جامەت پەھلىۋان ھېكايىسى

رىۋايەتچىلەرنىڭ ھېكايە قىلىشىچە ، بۇرۇنقى زاماندا جامەت ئىسىملىك بىر پەھلىۋان ئۆتكەنىكەن . ئۇ پەھلىۋان ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ ، يۇرت - يۇرتلارغا بېرىپ داڭلىق پەھلىۋانلارنى ئىزدەپ تېپىپ ، شۇلار بىلەن كۈچ سىنىشىدىكەن . بىر كۈنى يەنە بىر شەھەردە بىر داڭلىق پەھلىۋاننىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ ، شۇنىڭ بىلەن كۈچ سىناشقىلى يولغا چىقىپتۇ . ئۇزاق يوللارنى بېسىپ بىر يەرگە بارغاندا ئالدىغا بىر دېھقاننىڭ ئۆيى ئۇچراپتۇ . يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ قارىسا ، بىر قىزىل موزاي قوتاننىڭ تۆشۈكىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ ، ئەتراپقا قاراپ بېقىپ ، يەنە چىققان تۆشۈكتىن كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ كۆپ تىرىشىپتۇ . ئەمما پاتماپتۇ ، جامەت پەھلىۋان بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ ، « موزاي تۆشۈكتىن چىققۇچە شۇنداق ئىتتىك چىققانىدى ، قايتىپ كىرىشىدە نېمە ئۈچۈن پاتماس بولۇپ قالدى ؟ » دەپ بۇنىڭ سىرىنى ھېچ چۈشىنەلمەي ، يولىنى داۋام قىلىپ كېتىپ بارغانىكەن ، ئالدىغا بىر بوۋاي ئۇچراپتۇ . بۇ ئادەم ئۆشنىسىدە بىر يۇدۇم يانتاق كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ ماغدۇرىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ . ئاجىزلىقتىن ئورنىدىن تۇرالماي تۇرۇپ ، كۆتۈرەلمىگەنچە يەنە يانتىقىغا يانتاق قوشقىلى تۇرۇپتۇ . تېخىمۇ كۆتۈرەلمەي ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە يانتاق قوشۇپ بىر كۈچىگەنىكەن ، ئورنىدىن تۇرۇپتۇ - دە ، يولىغا مېڭىپتۇ .

جامەت پەھلىۋان بۇ كارامەتتىن ھەيران بولۇپ : « كۆتۈرەلمەسەڭ ساڭگىلىتىۋال » دېگەن شۇ ئىكەن - دە ، دەپ ھەيران بولۇپ يەنە يولىغا مېڭىپتۇ .

ئۇ يەردىن ئۆتۈپ يەنە كېتىۋاتسا ، بىر يەردە ئۈچ توپ ئادەم

بۇغداي ئورغىلى تۇرۇپتۇ . بۇلارنىڭ بىر تۇپى پىشقان بۇغداينى ئورغىلى تۇرۇپتۇ ، بىر بۆلۈكى سېرىقتال بۇغداينى ئورغىلى تۇرۇپتۇ ، يەنە بىر بۆلۈكى ئەمدىلا باش تارتىۋاتقان خام بۇغدايلارنى ئورغىلى تۇرۇپتۇ .

جامەت پەھلىۋان بۇ غەلىتە ئىشلاردىن ھەيران بولۇپ ھېچ ئىشنى چۈشىنەلمەي ، يەنە يولىنى داۋام قىپتۇ . بىر يەرلەرگە بارغاندا ، ئالدىغا ئاجايىپ گۈزەل بىر باغ ئۇچراپتۇ . ئۇ باغدا ھەر خىل مېۋىلەر پىشىپ مەي بولۇپ كېتىپتۇ . مېۋىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن شاخلىرى ساڭگىلاپ يەرگە تېگىپ قاپتۇ . جامەت پەھلىۋان مېۋىلەرنى كۆرۈپ يېگۈسى كې-لىپ ، قولىنى شاخقا ئۇزارتقانىكەن ، شاخ بىردىنلا ئېگىزلەپ ، قولى يەت-مەپتۇ . قولىنى يىغىۋالسا ، شاخ يەنە پەسلەپتۇ . ھەر قانچە قىلىپمۇ قولىنى مېۋىگە يەتكۈزەلمەي ، ئاخىر باغدىن چىقىپ يولىغا راۋان بوپتۇ . شۇنداق كېتىۋاتسا ئالدىغا يەنە بىر باغ ئۇچراپتۇ . بۇ باغدا رەڭگارەڭ گۈللەر ئې-چىلىپ تۇرغان ، گۈل ئىشقىدا بۇلبۇللار خەندان ئۇرۇۋاتقان ، ئېرىقلاردا زۇمرەت كەبى سۇلار ئېقىپ تۇرغان ، خىلمۇخىل مېۋىلەر پىشىپ تۇر-غان ، بۇ باغ ئالدىنقى باغدىنمۇ گۈزەل ئىكەن . جامەت پەھلىۋان سۈزۈك سۇدىن قانغۇچە ئىچىپ ، باغنى ئارىلاپ كېتىۋاتسا ، ئالدىغا ساقاللىرى ئاپئاق ، باغۋەن بوۋاي ئۇچراپتۇ . جامەت پەھلىۋان بوۋايغا سالام قىلىپ :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا ، — دەپتۇ . بوۋاي ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ كۆرۈشۈپ ، بېغىغا باشلاپتۇ . جامەت پەھلىۋان ھەر خىل مېۋىلەر بىلەن مېھمان بولۇپ ئولتۇرۇپ ، يولدا كۆرگەن ئاجايىپ - غارا-يىپ ئىشلارنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ :

— بۇ ئىشلارنىڭ سىرلىرى نېمىدۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ . بوۋاي دەپتۇكى :

— ئى ئوغلۇم ! سەن بۇ ئىشلارنىڭ سىرلىرىنى بىلمەكچى بولساڭ ئاگاھ بولغىنكى ، ھېلىقى موزاينىڭ تۆشۈكتىن چىققىشىدا ئاسان پېتىپ ، كىرىشىدە پاتمىغانلىقى — كىشى سۆزلىگەندە ئويلاپ سۆزلەش كېرەك . سۆزنىڭ ئېغىزدىن چىقمىقى ئاسان ، ئەمما ياندۇرۇپ سولىۋالغىلى بول-مايدۇ ، دېمەكتۇر . « ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ، ئويلاپ سۆزلە » دېگەن

تـەمسىلنىڭ مىسالىدۇر . بوۋاينىڭ ئۈشىنىسىدىكى يانتاقنى كۆتۈرەلمەي تۇرۇپ ، يەنە يانتاقنىڭ ئۈستىگە يانتاق ئارتقانلىقى — ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى داۋاملىق گۇناھلىق ئىشلاردىن خالىي بولماي ، شۇ سەۋەبتىن بىر ەر پېشكەللىككە ئۇچرىسىمۇ ، يەنىلا گۇناھىغا توۋا قىلماي ، داۋاملىق گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ ئارتىپ يۈرىدىغانلىقىغا بېرىلگەن مىسالدۇر ، سېنى بۇنىڭدەك ئىشتىن ئېهتىيات قىلغاي دەپ بېشارەت بېرىپتۇ . ئۈچىنچى قېتىم كۆرگەنلىرىڭ — ئۆلۈمنىڭ ياش ـ قېرىسى يوق ، قېرىمۇ ئۆلىدۇ ، ئوتـتۇرا ياشمۇ ئۆلىدۇ ، باللارمۇ ئۆلىدۇ ، ئۆمۈرگە ئىشەنمە ، ئۆمرۈڭنى قەدىرلە دېمەكتۇر . ئۆتىنچى نۆۋەتتىكى كۆرگەن باغنىڭ مېۋىلىرى پىشىپ تۇرغان ، ئەمما قول ئۇزارتسا قېچىپ تۇرغان ئىشلارنىڭ سىرى شۇكى ، ئادەمگە ئامەت بىر كېلىدۇ ، قايتا كەلمەيدۇ ، ئامەت كەلگەندە ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالمساڭ ، مەڭگۈ پۇشايماندا قالىسەن ، دېمەكتۇر . ساڭا كۆرۈنگەن بۇ كۆرۈنۈشلەر ساڭا قىلىنغان نەسىھەت ۋە مۆجىزىلەردۇر . بۇنى زىنهار ئەستىن چىقارمىغايسەن .ئى پەھلىۋان ، سەن ئۆز كۆچۈڭگە ئىشىنىپ غاپىل يۈردۈڭ ، ئادەملىرىڭ بولسا ، كىشلەرگە يامان مۇئامىلە قىلىپ بوزەك قىلدى . ئۇلار سەندىن قورقۇپ گەپ ـ سۆز قىلالمىدى .

بۇنىڭ گۇناھى كىمدە ؟ دەپ سوئال قويۇپ : ئى كىتابخان ، گۇناھ جامەت پەھلىۋاندىمۇ ياكى ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرىدىمۇ ؟ — ئايرىپ باققايسىز ، دەپ يېزىپتۇ . شاھزادە مايىل نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى ئويلىنىپ تۇرغاندى ، گۈلئەندام كۆزىنى ئېچىپ :

— جامەت پەھلىۋاننى هامىي قىلىپ تۇرۇپ خىزمەتكارلار كىشىلەرنى بوزەك قىلغان بولسىمۇ ، جامەت پەھلىۋاننىڭ كارى بولمىغان . ئادەملەرنى ئوبدان باشقۇرمىغان . شۇنىڭ ئۈچۈن گۇناھ جامەت پەھلىۋاندا ، ـ دەپتۇ ـ دە ، يەنە كۆزىنى يۇمۇپ يېتىپتۇ .

شاھزادە مايىل كىتابنىڭ كېيىنكى بېتىنى ئاچقانىدى ، ئـۇنىڭدا « ئۈچ هـۈنەرۋەن هېكايىسى » دېگەن خەتلەر يېزىلىپتۇ . ئۇنى ئوقۇشقا كىرىشتى .

# ئۈچ ھۈنەرۋەن ھېكايىسى

رىۋايەت قىلىنىشىچە ، بۇرۇنقى زاماندا بىر شەھەردە ئۈچ يىگىت ئاكا ـ ئۇكا بولۇشقا قەسەم ئىچىشىپ ، ياخشى ـ يامان كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە تەڭ ئۆتۈپ ، راھەتنىمۇ تەڭ كۆرۈش ، مۇشەققەتنىمۇ تەڭ تارتىشقا ئەھدىلىشىپتۇ . بۇلارنىڭ بىرسى ياغاچچى ، بىرسى تىككۈچى ، بىرسى موللا بولۇپ ، ھەر بىرسىدە بىر خىل ھۈنەر بار ئىكەن . ئۈچ ھۈنەرۋەن تاپاۋەت قىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئىككىنچى بىر شەھەرگە سەپەر قىپتۇ . ئۇلار ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ، بىر ئۆتەڭگە بارغاندا كۈن كەچ بولۇپ قاراڭغۇ چۈشۈپتۇ . بۇلار مەسلىھەتلىشىپ ، شۇ يەرگە چۈشمەكچى بولۇپتۇ ، ئەمما بۇ جاي جاڭگاللىق بولۇپ ، ئەتراپىدا مەھەللە يوق ئىكەن . ئالاڭ ئاتقۇچە نۆۋەتلىشىپ ئۇخلاپ ، بىردىن ئادەم كۆزەت قىلماقچى بولۇپ ، دەسلەپتە موللا بىلەن تىككۈچى ئۇخلاپ ، كۆزەتچىلىكنى ياغاچچى قىپتۇ . ھېرىپ كەتكەن ياغاچچى بىردەم ئولتۇرۇپ بېقىپ ئۇيقۇنىڭ غالىبلىقىدىن زادىلا چىدىيالماي ، بىر تال كۆتەكنى ئېلىپ كېلىپ خۇددى ئادەمدەك ياساپ ، تۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۇخلاپتۇ . بىر كەملەردىن كېيىن نۆۋەت تىككۈچىگە كېلىپ ئورنىدىن تۇرسا ، بىر ئادەم ئۆرە تۇرۇپتۇ . ئاستا يېنىغا بارسا ، ئادەم ئەمەس ، بىر ياغاچ ھەيكەل ئىكەن . بۇنى ياغاچچىنىڭ قىلغانلىقىنى بىلىپتۇ ، خۇرجۇنىدا ئېلىۋالغان رەختلىرى بار ئىكەن ، ئۇنى ئېلىپ ئايالچە كىيىم تىكىپ كىيدۈرۈپ قويۇپ ، ئۇخلاپتۇ . نۆۋەت موللىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇرسا ، ئاجايىپ گۈزەل بىر مەلىكە بۇلارنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرۇپتۇ . موللا ئۇنىڭغا سۆز قىلسا ، ئۇ جىم تۇرىۋېرىپتۇ . ئاستا يېنىغا بارسا ، كىيىم كىيدۈرۈلگەن ھەيكەل ئىكەن . موللا بۇ ئىشلارنى ياغاچچى بىلەن تىككۈچىنىڭ قىلغانلىقىنى بىلىپ ، « مەنمۇ بىر ئىش قىلاي » دەپ ئويلاپتۇ ـ دە ، شۇئان تاھارەت ئېلىپ تەڭرىدىن ئۇل ھەيكەلگە جان تىلەپ مۇناجات قىپتۇ . موللىنىڭ تەلەپلىرى ئىجابەت بولۇپ ، ھەيكەل ئاجايىپ رەنا ، گۈزەل بىر مەلىكىگە ئايلىنىپتۇ . بۇ چاغدا ياغاچچى بىلەن تىككۈچى ئويغىنىپ

قارىسا ، ھەيكەل ئەمەس ، بەلكى جانلىق بىر قىز تۇرۇپتۇ . ھەممىنىڭ قىزغا كۆزى چۈشۈپتۇ .ياغاچچى :

— مەن ياساپ ياراتقان ، — دەپتۇ . تىككۈچى :

— مەن ئۇنى ئايالغا ئۆزگەرتتىم ، — دەپتۇ . موللا :

— مەن جان تەلەپ قىلىپ تىرىلدۈردۈم ، — دەپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، بۇلار قىزنى تالىشىپ ، غوۋغاسى بېسىقماپتۇ .

ئى كىتابخان ! جاۋاب بېرىڭ ، قىز كىمگە تەئەللۇق ؟ — دەپ بېرىلىپتۇ . مايىل « نېمە دېسەم بولار ؟ » دەپ تۇرۇشىغا گۈلئەندام كۆزىنى ئېچىپ :

— ئى يىگىت ، قىزغا جان كىرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن موللىغا تەئەللۇق ، — دەپ يەنە كۆزىنى يۇمۇپ يېتىپتۇ .

شاھزادە مايىل كىتابنىڭ كېيىنكى بېتىنى ئاچقانىدى ، ئۇنىڭدا « ۋاپادار شاتۇتى » دېگەن ھېكايىلەر يېزىلغانىكەن . مايىل ئۇ ھېكايىنى ئوقۇشقا كىرىشتى .

## ۋاپادار شاتۇتى ھېكايىسى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بار ئىكەن ، ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ، سەممىي كىشى ئىكەن . كۆرگەنلا ئادەمگە ياخشىلىق قىلىدىكەن ، ئەمما كىمگە ياخشىلىق قىلسا ، ياخشىلىق قىلغۇچىدىن ئۇنىڭغا يامانلىق كېلىدىكەن . ئادىمىزاتتىن تارتىپ ، ھايۋاناتقىچە ياخشىلىق قىپتۇ . لېكىن ھېچقايسىسىدىن ۋاپا كەلمەپتۇ . ئاخىر ئۇ بىر شاتۇتىنى دوست تۇتۇپتۇ . ئۇنىڭدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ ، ياخشى قاراپتۇ . ئەمما ئۈچ ئاي بولغاندا شاتۇتى يوقاپ كېتىپتۇ . پادىشاھ ئۇ شاتۇتىنىڭ قايغۇسىنى يەنە ئۈچ ئاي قىپتۇ . بىر كۈنى ئورنىدىن تۇرۇپ ئوردىغا چىقاي دەپ تۇرۇۋاتسا ، شاتۇتى بىر تال خورمىنى چىشلەپ ئۇچۇپ كېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىدا قويۇپتۇ .

پادىشاھ شاتۇتىنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن ھەيران بولۇپ :

— ئى شاتۇتى ، سەن مېنى نېمە قىل دېمەكچىسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— ئى ئۇلۇغ شاھىم ، — دەپتۇ شاتۇتى ، — ئۆزلىرى قېرىپ كەتتىلە ، بۇ خورمىنى باغۇەنگە بەرسىلە . باغۇەن تېرىپ ئۇندۇرسۇن . ئۇنۇپ ئۈچ يىل بولغاندا مېۋە بېرىدۇ ، ئول مېۋىنى يېسىلە ، ئون ئالتە ياشلىق دەۋرىلىرىگە قايتىدىلا ، — دەپتۇ .

پادىشاھ شاتۇتىنىڭ ياخشىلىقىدىن كۆپ مىننەتدار بولۇپ ، باغۇەنني چاقىرىپ خورمىنى تېرىشقا بۇيرۇپتۇ . تېرىپ ئۈچ يىل بولغاندا مېۋە بېرىپتۇ . بەرگەن مېۋىسى يەتتە تال بولۇپ ، ئۇنىڭ تۆت تېلى شاختا قېلىپ ، ئۈچ تېلى يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ . چۈشۈپ كەتكەن خورمىنىڭ يېنىدا بىر يىلان يېتىپتۇ . باغۇەن كېلىپ يىلاننى ئۈركۈتۈۋېتىپ ، ئۈچ تال خورمىنى ئالتۇن تەخسىگە ئېلىپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىرىپتۇ . پادىشاھ بۇنىڭدىن كۆپ خۇرسەن بولۇپ ، يېمەكچى بولۇپ تۇرغانىكەن ، بىر ۋەزىر دەپتۇكى :

— ئى پادىشاھى ئالەم ! بۇ تېخى سىنالمىغاندۇر . بىر تالنى ئېلىپ مەھبۇسلاردىن بىرىگە بېرىپ باقايلى ، ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر ئىش يۈز بەرمىسە ، ئاندىن ئۆزلىرى يېگەيلا .

پادىشاھ بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ ، بىر تال خورمىنى مەھبۇسلارنىڭ بىرىگە بەرگەنىكەن ، شۇئان جان بېرىپتۇ . بۇنى كۆرگەن پادىشاھ شاتۇتىغا غەزەپلىنىپ ، شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈپتۇ .

ئۇردىغا سۇ توشۇيدىغان بىر بوۋاي بار ئىكەن ، ئۇردىغا سۇ پۇلىنى ئېلىش ئۈچۈن كېلىپ ، پۇلىنى ئالالماي قورساقلىرى ئېچىپ ، باغۇەننىڭ قېشىغا كىرىپتۇ ، باغۇەن بوۋاينى مېۋىلەرگە باشلاپ قويغانىكەن ، ئۇنىڭدىن بىر تال ، بۇنىڭدىن نەچچە تال يەپ كېتىۋاتسا ، ئالدىغا بىر تۈپ خورما دەرىخى ئۇچراپتۇ . قارىسا ، تۆت تال خورما بار ئىكەن . ئۇنىڭدىن بىر تال ئېلىپ يەۋاپتۇ . يەنە بىر مېۋىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ بولغۇچە ، قىياپىتى ئۆزگىرىپ ، ئون ئالتە ياشلىق يىگىتكە ئايلىنىپ قاپتۇ . بوۋاي بۇ كارامەتتىن ھەيران بولۇپ ئۆيىگە بارسا ، خوتۇنى تونۇماي ،

ئۆيگە كىرگۈزمەپتۇ . بوۋاي : ئۆيگە كىرىمەن ، سەن مېنىڭ خوتۇنۇم ،
دەپتۇ . ئاخىر ماجىرا ئېغىرلىشىپ ، ئىككىسى دەۋا قىلىپ پادىشاھنىڭ
ئالدىغا كەپتۇ . پادىشاھ يۈز بەرگەن ئىشلارنى بوۋايدىن سورىغانىكەن ،
خورما ۋەقەسىنى بايان قىپتۇ . پادىشاھ باغۋەننى چاقىرىپ ، ئۆتكەن
ئىشنى سورىغانىكەن ، تېرىپ چىققان خورمىنىڭ يېنىدا يىلاننىڭ بار
ئىكەنلىكىنى بايان قىپتۇ . ئەسلىدە يەرگە چۈشكەن خورمىلارنى يىلان
زەھەرلەپ قويغانىكەن . پادىشاھ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قى-
لىپ ، شاتۇتىنىڭ ئۆلۈمىگە كۆپ ئەپسۇسلار قىپتۇ . ئاندىن كېيىن باغ-
ۋەننى بۇيرۇپ ، شاختىكى خورمىلارنى كەلتۈرۈپ يېگەنىكەن ، شاتۇتى-
نىڭ دېگىنىدەك پادىشاھ ئون ئالتە ياشلىق يىگىتكە ئايلىنىپتۇ .
ئى كىتابخان جاۋاب بەرگەيسىزكى ، شاتۇتىنىڭ ئۆلۈمىگە كىم
سەۋەبچى ؟ ـ دەپ يېزىلىپتۇ .
شاھزادە مايىل كۆڭلىدە « باغۋەن سەۋەبچى » دەپ ئويلاپ
تۇرغانىدى ، گۈلئەندام ئورنىدىن دەس تۇرۇپ :
— شاتۇتىنىڭ ئۆلۈمىگە پادىشاھ سەۋەبچى ، چۈنكى بىر مەملى-
كەتنىڭ پادىشاھى تۇرۇقلۇق بىر ھادىسىنى كۆرۈپلا چوڭقۇر تەتقىق
قىلماي ، تەنتەكلىك بىلەن شاتۇتىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئالدىراڭغۇ
پادىشاھنى ئەلۋەتتە جاۋابكارلىققا تارتىش لازىمدۇر ، — دەپ جاۋاب بې-
رىپ ، يەنە كۆزىنى يۇمۇپ جايىدا جىم ياتتى .
شاھزادە مايىل ئوقۇپ بولۇپ ، كېيىنكى بەتنى ئاچقانىدى ، ئۇ-
نىڭدا « تۆمۈرنىڭ ھېكايىسى » دېگەن بىر ھېكايەت چىقتى . مايىل :«
بۇنىڭدا نېمە سوئاللار چىقاركىن ؟ » دەپ ئويلاپ ئوقۇشقا ئالدىرىدى .
بۇ ھېكايەتتە مۇنداق دېيىلىپتۇ :

## تۆمۈرنىڭ ھېكايىسى

رىۋايەتلەردە ھېكايە قىلىنىشىچە ، بۇرۇنقى زاماندا تۆمۈر ـ تە-
سەك ، ئالتۇن ـ كۈمۈش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە گۆھەر پادىشاھ

ئىكەن . بىر كۈنى ئالتۇن تۆمۈرنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ پادىشاھ
گۆھەرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ :

— ئى كېرەملىك شاھىم ! مەن بۈگۈن پۇقرايىڭىز تۆمۈرنىڭ
ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ كەلدىم . تۆمۈرنىڭ گۇناھى كۈندىن ـ كۈنگە
ئېغىرلىشىپ چېكىدىن ئاشتى . تۆمۈرنىڭ بولسا ، قىممىتى يوق ، پۇلى
ئەرزان ، ئەمما غەلۋىسى كۆپ . ئۇ تۆمۈرچىنىڭ دۇكىنىغا چۈشكەندىن
كېيىن قىپقىزىل چوغ بولۇپ ، بازغان بىلەن ئۇرغاندا گويا ئەجدىھادەك
كۆيدۈرگۈچى شۆلگەيلىرىنى ئەتراپقا چېچىپ ، كىشىلەرنى كوچىدىن
خاتىرجەم ئۆتكىلى قويمايدۇ ، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق تاراڭ ـ تۇرۇڭ نالە ـ
پەريادلىرىدىن كىشىلەرنىڭ قۇلاقلىرى پاڭ بولۇپ كەتتى . بۆشۈكتىكى
بوۋاقلارمۇ ئارام خۇدا ئۇخلىيالماي يىغلاپ چىقىدۇ .

مېنىڭ بولسا ، قىممىتىم يۇقىرى ، ئەمما غەلۋەم يوق . بولقا تەگـ
كەندە تۆمۈردەك قاقشاپ كەتمەيمەن . ھەر قانچە ئۇرسىمۇ « جىق ـ
جىق » قىلغان ئاۋازلا چىقىدۇ . كىشىلەرنىڭ ئارامىنى بۇزمايمەن . شۇـ
نىڭ ئۈچۈن بۇ يىغلاڭغۇ تۆمۈرنى جازالاپ بەرگەيسىز ، — دەپتۇ .

گۆھەر شاھ ئاڭلاپ ، ئالتۇننىڭ ئەرزىنى ئورۇنلۇق بىلىپ ، تۆـ
مۈرنى كەلتۈرۈپ سوراق قىپتۇ :

— ئى تۆمۈر ! سېنىڭ گۇناھىڭ چېكىدىن ئېشىپتۇ . سېنىڭ
قىممىتىڭ ئەرزان ، غەلۋەڭ جىقكەن ، ئالتۇننىڭ قىممىتى يۇقىرى تۇرۇقـ
لۇق غەلۋىسى يوقكەن . مۇشۇ سەۋەبتىن سەن ، زىندانغا لايىق بولدۇڭ .
جازاغا تارتىمەن .

تۆمۈر دەپتۇكى :

— ئى ئادالەتلىك شاھ ، تەتقىق قىلغايسىز . مەن گۇـ
ناھسىزدۇرمەن .

— نېمە دەلىلىڭ بار ؟ — دەپ سوراپتۇ شاھ .

— مېنىڭ دەلىلىم شۇكى ، — دەپتۇ تۆمۈر . — مېنىڭ باھايىمـ
نىڭ ئەرزان ، غەلۋەمنىڭ كۆپلۈكى راست ، ئالتۇننىڭ قىممىتى يۇقىرى ،
غەلۋىسىنىڭ يوقلۇقىمۇ راست . ئەمما ، ئالتۇن بىلەن مېنى ئىدارە قىلغۇـ

چىلار ئوخشمايدۇ . ئالتۇننىڭ تېگىدە قويىدىغان سەندىلى چۆيۈن ، بولقىسى تۆمۈر ، شۇڭا ئالتۇننى ھەرقانچە ئۇرسىمۇ ، « ئېزىلىپ پارە بولۇپ كەتمىسۇن » دەپ ئانچە رەھىمسىزلىك قىلمايدۇ . شۇ سەۋەبتىن مەندەك قېنىلىپ كەتمىگەچكە كۆپ زارلىنىپ كەتمەيدۇ . مېنىڭ بولسا ، ئاستىمغا قويىدىغانمۇ تۆمۈر ، ئۈستۈمدىن ئۇرىدىغانمۇ تۆمۈر . شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ سالغان ئازابلىرىغا چىدىيالماي قاقشاپ كېتىمەن ، ئەگەر ئالتۇننىمۇ ، ئالتۇن بىلەن ئۇرسىڭىز ، ئۇمۇ پايلىماي جىرىڭلاپ كېتىدۇ . مېنىمۇ ئالتۇن ياكى باشقا مېتال بىلەن ئۇرسىڭىز ئۇنداق قاقشاپ كەتمەس ئىدىم . چۈنكى ھەممىنىڭ ئۆز ئىچىدىن چىققىنىنىڭ ئازابى يامان ئىكەن . بۇنىڭغا ئادىل ھۆكۈم قىلغايسىز .

پادىشاھ تۆمۈرنىڭ ئىلتىماسىنى ئاڭلاپ ئىككىلىنىپ قاپتۇ .

ئى كىتابخان ! گۇناھ كىمدە ؟ جاۋاب بەرگەيسىز ؟ — دەپ يېزىلىپتۇ .

شاھزادە مايىل بۇ بەتنى ئوقۇپ بولۇپ :

— ئى گۈلئەندام ! بۇنىڭغا سىز جاۋاب بەرسىڭىز ئىكەن ، — دەپتۇ . گۈلئەندام قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ :

— ئالتۇننىڭ قارىشى خاتا . تۆمۈرنىڭ دېگىنى راست ، ھەممىنىڭ ئۆز ئىچىدىن چىققىنىنىڭ ئازابى يامان ، ئالتۇننىڭ ئەرزىنى رەت قىلىپ ، تۆمۈرنى گۇناھسىز قىلىش كېرەك ، — دەپ جاۋاب بېرىپ ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ .

— ئۇنداق بولسا ، — دەپتۇ شاھزادە مايىل ، — ئى مەلىكەم ، بىر قېتىم كۆرۈش بىلەن خېلى زامانلاردىن بۇيان بىز ئاكا - ئۇكا ئۈچ شاھزادە سىزگە ئاشىقدۇرمىز . ئەمما ، ھېچقايسىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزگە ئۆتۈنگىمىز يوقتۇر . ئەمدى سىز ساقايدىڭىز . سىزنىڭ تىرىلىشىڭىزگە ھەممىمىز ئوخشاش تۆھپە كۆرسەتتۇق . جاۋاب بېرىڭكى ، سىز كىمگە تەئەللۇق بولۇشىڭىز كېرەك ؟

— مەن ساڭا تەئەللۇق بولۇشۇم كېرەك ، چۈنكى ، سەن ھاياتلىق پىيالەمنى لېۋىمگە تەگكۈزمىگەن بولساڭ سۆزلىيەلمەيتتىم .

كىتابىتىكى روھىي ئوزۇق بىلەن داۋالىنىغان بولساك، كۈچلىنىپ، ئەسلى ھالىمغا كېلەلمەيتتىم، — دېدى گۈلئەندام.

ھابىل بىلەن قابىلنىڭ شاپىلاق بىلەن رايى بىرقەدەر يانغانىدى، گۈلئەندامنىڭ ئۆزىنى مايىلغا تەئەللۇق قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاۋۋالقى نىيىتىدىن ياندى.

شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ چوڭ ئوغلىنى ئۆزىگە ۋارىس تەيىنلىدى، ئىككىنچى ئوغلىغا بىر نەچچە شەھەردىن بۆلۈپ بەردى. شاھزادە مايىل بىلەن گۈلئەندامنىڭ تويلىرىنى ھەشەمەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئىلىم تەھسىل قىلىشقا شارائىت يارىتىپ بېرىپ، پادىشاھ خاتىرجەم بولدى.

# كېسەكچىنىڭ ھېكايىسى

ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋەر بەرگۈچى رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، چىن ماچىن ئىقلىمىدا مەتتۇرسۇن كېسەكچى دەپ بىر كېسەكچى ئۆتكەن بولۇپ، بىر ئۆمۈر كېسەكچىلىك بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ كۈندىلىك تاپقان ئوقىتى بىر كۈنلۈك تائام ئۈچۈن ئاران يېتىپ، خوتۇن - بالىلىرى بىلەن ھەممىسى سىرىقتال ھالەتتە ئۆتەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەتتۇرسۇن كېسەكچى، كېسەك قۇيۇپ يۈرۈپ، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. ئەمما، بالىسى ئابدۇلئەزىزگە ئاتىسىدىن بىر كېسەك قېلىپىدىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىدى. بوۋاينىڭ ئوغلى بولسا، ھۈنەرسىز ئىدى. ئۇزاق قالمايلا كۈن ئېلىشى تەس بولۇپ، تۇرمۇشى تەڭلىكتە قالدى. تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ يولىنى زادىلا تاپالماي، بىر كۈنى ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكى توغرىسىدا ئاپىسىغا يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئى مېھرىبان ئانا، بەخت مەندىن قاچتى، ئاتامدىن قالغان ئەسكى قېلىپ كېسەك قويۇشتىن باشقا ئىشقا يارىمايدىكەن. ئۇنىڭ بىلەن جان بېقىشقا كۆزۈم يەتمىدى. ھازىر چاچقانىڭمۇ ئىنىدە ئاشلىقى بار. مېنىڭ بولسا يېگەن ئېشىم مۈشۈكنىڭكىگە يەتمەيدۇ. ماڭا رازىلىق بىلەن رۇخسەت بەرسىڭىز، بەختىمنى ئىزدەپ باقسام، باشقا بىرەر ۋىلايەتكە بېرىپ باقسام، ئېھتىمال سەپەر غۇربىتىنىڭ شارابىتىدىن ئامىتىم كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپ ئىلتىماس قىلدى. ئاپىسى:

— ئى ئوغلۇم، سەپەر دەرىخىدە مىڭلىغان مېھنەت شېخى باردۇر. ئۇنىڭغا يەتمەك شۇنداق مۇشەققەتلىك ئىكەنكى، ئۇنىڭ شېخى پەلەككە تاقىشىدۇ. «سەپەر — سەقەر» دېمەكلىك شۇنىڭدىندۇر.

« سەقەر » دېگەن دوزاخ بولىدۇ . سەپەردە جەبرى ــ مۇشەققەت كۆپ-
تۇر . راھەتمۇ ، ئەسۋاپ ــ جابدۇقى تولۇقلارغا نېسىپ بولىدۇ . دەسمايەڭ
بولمىسا ، نېمە ئىلاجىڭ بولسۇن ؟ نامراتلىق قاناتسىز قۇشقا ئوخشايدۇ .
قاناتتىن ئايرىلغان لاچىن ، يەردە ئۆمىلىمەي ئامالسىزدۇر . يوقسۇللۇقمۇ
موھتاجلىق ئىشىكىدىن باشقا يەرگە باشلىمايدۇ . سەپەر مۇنداق كىشىگە
لايىقكى ، بايلىقىڭ كۆپ بولسا ، ئۇنىڭ بىلەن سودىگەرلىك قىلىپ تىجا-
رەت قىلساڭ پايدىغا ئېرىشەلەيسەن . ئىككىنچىسى ، ھۆكۈمرانلاردىن ۋە
ياكى مەشھۇر ئېسىلزادىلەردىن بولسا ، قايسى ۋىلايەت ۋە شەھەرگە بار-
سا ، بۆرىنىڭ دوستى بۆرە ، ئىتنىڭ دوستى ئىت ، قوينىڭ دوستى قوي
بولغىنىغا ئوخشاش ، ئۇلارنىڭ دوست ــ يارەنلىرى بار . ئالدىغا چىقىپ
كۈتۈۋالىدۇ . چۈنكى ئۇلار ناھايىتى ئىناق كېلىدۇ . گاھىدا ئۆچلەشكەن-
دەك قىلىسىمۇ ، ئاسانلا يارىشىپ قالىدۇ . ئىتمۇ ، سۆڭەك بىر تال بولسا ،
خىرىس قىلىشىدۇ . ياكى تالىشىپ بوغۇشىدۇ ، ئەگەر ئىككى تال بولسا ،
ھەر بىرسى بىر تالدىن ئېلىپ ئىككى جايغا ئايرىپ غاجىشىدۇ ، يەنىلا
ئەركىلىشىپ يۇرنۇېرىدۇ ، شۇڭا ئۇلارنى نەگىلا بارسا راھەت كۈتۈپ
تۇرىدۇ . قوي بولسا ، ئۇلارنىڭ ئوزۇقىدۇر . گۆشىدىن تارتىپ ، سۆ-
ڭەكلىرىگىچە چاينىۋېتىدۇ . ئۇنى ھەممىسى يېيىشكە ئامراق . نامرات سە-
پەرگە چىقسا ، قوينىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ . ئۈچىنچىسى ، ناتىق ،
شائىر بولۇپ ، ھەممە بىلىملەردىن خەۋەردا ر بولسا ، ئۇنىڭ كىتابلىرى
ھەممىلا جايدا تونۇلغان بولۇپ ، نامى مەشھۇر بولغان بولسا ، پادى-
شاھلارنىڭ سۆھبىتىگە يول تېپىپ ئۇلارنىڭ ئىززەت ــ ھۆرمىتىگە ئې-
رىشىپ ، ئىززەت ۋە ھۆرمەتلىك بولۇپ ، بىرەر يولنى تاپقىلى بولىدۇ .
سەندە بولسا ، بۇنىڭدەك خاسىيەتلەرنىڭ ھېچبىرى يوق تۇرسا ، سەپەردە
كۈنۈڭ خارلىقتا قېلىشى مۇمكىن . بىلىملىكلەر بىلىمسىزدىن قاچىدۇ ،
ھۈنەرۋەنلەر ھۈنەرسىزدىن قاچىدۇ . قەغەز گۈل گۈزەل ، رەڭدار بول-
سىمۇ ، خۇش پۇراق بىرەلمىگەچكە بەرىبىر ئېتىبارسىزدۇر . سەن قامەت-
لىك بولساڭمۇ ، قولۇڭدىن ئىش كەلمىگەچكە بىچارىلىكتىن باشقا يولۇڭ
يوقتۇر . بۇنىڭدەك نادان خىياللاردىن كەچكىن ، ــ دەپ كۆپ

نەسىھەتلەر قىلدى .

— ئى مېھرىبان ئانا ، دېدى ئابدۇلئەزىز ، — مەن ھەم دانالاردىن ئاڭلىغان ئىدىمكى ، بىلىقمۇ قارشىلىقتىن قورقماي ، كىچە - كۈندۈز توختاۋسىز سۇنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ ئۈزىدىكەن . سەپەرنىڭ خاسىيىتىدىن قۇرغاقتا چىقىپ قالماي ، خاتىرجەم ياشايدىكەن . سەپەر دۆلەتنىڭ ئىشىكىدۇر ، كۈتۈپ تۇرغان بىلەن ئامەت ئۆزى كەلمەيدۇ . لەئلمۇ كاندىن چىقماي يېتىۋەرگەن بولسا ئىدى ، پادىشاھلارنىڭ تاجىدىن ماكان تۇتالمىغان بولاتتى ، گۆھەرمۇ سەدەپنىڭ قارنىدىن چىقىپ دېڭىز ئالدىمدە ئايلىنىپ يۈرمىگەن بولسا ئىدى ، نازىنىنلار قۇلىقىنىڭ ۋەسلىگە يېتەلمىگەن بولاتتى . ساباھمۇ ، سەپەرنىڭ خاسىيەتلىرىدىن چىمەننىڭ گۈللىرىگە ھەمسۆھبەت بولغاندۇر . مەنمۇ مۇشۇنداق قامەتلىرىم بىلەن بىغەرەزلىك قىلىپ ، مەزلۇملاردەك ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرسام ، ماڭا ئار - نومۇس ئەمەسمۇ ؟

شۇنداق قىلىپ ، ئوغۇل ئانىسىنىڭ نەسىھىتىنى رەت قىلىپ ، ئاخىر رۇخسەت ئالدى . كارۋانلار تويىغا قوشۇلۇپ ، تەۋەككۇل دەپ باشقا بىر شەھەرگە سەپەر قىلدى . كارۋانلار ئۇنىڭ قولىنىڭ قىسقىلىقىنى بىلىپ ، ئاخشىمى - ئەتىسى ئاش - تائام بېرىپ ، ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى . مۇشۇنداق بىر قانچە كۈنلەر ئۆتۈپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدى ، ئۇ شەھەردىكى سودىگەرلەر سارىيىنىڭ يېنىدا بىر مەسچىت بار بولۇپ ، مەسچىتنىڭ بىر ئېغىزلىق چىللىخانىسى بار ئىدى . شۇ يەرنى ماكان قىلىپ تۇردى . مەسچىتكە كەلگەنلەر ئابدۇلئەزىزنىڭ مۇساپىر ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ يوقسۇللۇقىنى بىلىپ ، ئىچ ئاغرىتقۇچىلار ئاز - تولا نەرسە بېرىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى .

مۇشۇنداق بىر قانچە كۈنلەر ئۆتۈپ ، ئابدۇلئەزىز ئانىسىنىڭ نەسىھەتلىرىگە كىرمىگىنىگە كۆپ ئەپسۇسلار قىلدى . ئۆز يۇرتىدا كېسەكچىلىك قىلىشقا رەغدى بارمىغانىدى . ئەمدىلىكتە كېسەك قۇياي دېگەن بىلەنمۇ ، بىر سىقىم تۇپراققا ئىگە ئەمەس ئىدى ، مۇشۇنداق غەم دەرياسىغا غەرق بولۇپ تۇرغاندا ، مەسچىتنىڭ ئىمامى بىلەن تونۇشۇپ

قالدى. ئۇنىڭ رەھمى كېلىپ:

— ئى يىگىت، سەن مۇساپىر ئىكەنسەن. پۇلسىز بولساڭمۇ تەقى - تۇرقۇڭ يامان ئەمەستەك قىلىدۇ. ئاخشىمى بۇ يەردە تۇرساڭمۇ، كۈندۈزلىرى ئۆيۈمگە چىقىپ ئىشلىرىمغا قاراشقىن، — دېدى. بۇ سۆز ئابدۇلئەزىزگە ياقتى ۋە ئىمامنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئىمامنىڭ بولسا، قىزلىرى كۆپ ئىدى. تالىپلىرى ھەم كۆپ، ئۆزى زىناخور، ئوغۇل - قىزلىرىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش مىجەزلىك بولۇپ، قىزلىرىنى تالىپلىرىغا بېرىپ، تالىپلىرىنى ھەم ئۆزىگە ئىچكى كۈيئوغۇل قىلىۋالاتتى. بۇ كۈيئوغۇللار ئەمەلىيەتتە كېلىن ئورنىدا بولغاچقا، خوتۇنلىرىغا چاكار ئورنىدا تۇرۇپ مۇئامىلىدە بولاتتى. خوتۇنلىرى بولسا، سەدرە بولۇپ، ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى ئېتىپ، كۆزىگە دۇربۇنلۇق ئەينەكلەرنى تارتىپ ئون پەرسەخ يىراقلىقتا كېلىۋاتقان يىگىتلەرنىڭ قەددى - قامىتىغا نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭ بۇرۇتىنى سانايتتى. ئەپ تاپسىلا لەززەتنى قولدىن بەرمەيتتى. بۇنىڭدەك ئىشلارنى ئىماممۇ ئانچە ئېغىر ئېلىپ كەتمەيتتى. ئوغۇللىرىمۇ جالاپخور، ئەخلاقسىز ئىدى. ئىمامنىڭ نەچچە مىڭ تەردەقەتچى سوپىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشانى بولغان ئىمامنى ئەۋلىيا بىلىپ، ئۇنىڭغا ياكى ئۇنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىغا شەك كەلتۈرگۈچىلەرنى كۆرسە، تاياق - توقماقلىرىنى كۆتۈرۈپ توپىلاڭ قىلاتتى ۋە ياكى مەخپىي قىرىپ تاشلايتتى. شۇ سەۋەبتىن جامائەتمۇ كۆڭلىدە مەسخىرە قىلىپ يۈرگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا مادارا قىلماي ئىلاجى يوق ئىدى.

ئابدۇلئەزىز ئىمامنىڭ ئۆيىگە چىقىپ ئىشلەپ يۈرگەندى، ئىمامنىڭ قىزلىرىدىن بىرسى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئول قىزنىڭ ئېغىز - بۇرنىدا چۈمپەردە، كۆزىدە دۇربۇنلۇق رەڭلىك ئەينەك، ئۇچىسىدا قارا پەرەنجە، باشلىرىدا قارا رومال، قوللىرىدا قارا پەلەي بار بولۇپ، بويىنىدا ئالتۇن زۇنارلىق قوش زەنجىر كىيىمىنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ قويۇلغان، پەلەينىڭ ئۈستىگە بارماقلىرىنى ئاق قالدۇرماي ئالتۇن ئۈزۈك - بىلەزۈكلەرنى سالغان، ئىشتاننىڭ پۇشقاقلىرىغا قىزىلگۈل

سۇرىتىنى كەشتىلەپ ، شاخلىرىغا بۇلبۇل قونۇپ ، گۈل قېشىغا تەشنالىق بىلەن مىنقار[1] ئۇرۇپ تۇرغان كۆرۈنۈشنى شەرھىيلىگەنىدى .

ئابدۇلئەزىز بۇ ئىشنى كۆرۈپ تەئەججۈپ دەرياسىغا غەرق بولۇپ ، ئۇنىڭ سەدرە بولغانلىقىدىن پاكلىقىنى چۈشەندى ، كېيىنىشىدىن ، دورامچىلىقىنى ھېس قىلىپ ، « خرىستىئان موناخلىرىدىن ئۆگەنگەن بولسا كېرەك » دەپ بىلدى . زىبۇزىننەتلىرىدىن ئۆزىنىڭ بايلىقىنى نامايان قىلغۇچى ھەشەمەتخورلاردىن ئىكەنلىكىنى ئويلىدى . ئىشتانىغا چىقارغان كەشتىلەرنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ئۆز مۇھەببىتىدىن نارازى بولۇپ ، يەنە باشقا بىر مۇھەببەتكە تەشنا ئىكەنلىكىنى سەزدى ، كۆزىدىكى دۇربۇنلۇق رەڭلىك ئەينەكلىرى تېخىمۇ ئىسپاتلاپ تۇراتتى . ئۇ مۇشۇنداق چىگىش خىياللار بىلەن ئوتتۇن يېرىتۋاتقانىدى . ئول نازىنىن ئۆگزىسىگە چىقىپ ئەتراپقا قاراپ يۈزلىرىنى ئېچىشى بىلەن ئايدەك جامالىنىڭ نۇرلىرى كۆزنى چاقنىتىپ ، قېشىنىڭ ياسىدىن ئېتىلىپ چىققان ئوق كېلىپ يۈرەككە تېگىپ جاراھەت پەيدا قىلدى . نازىنىنمۇ بىر قاراش بىلەن بۇ غېرىبنىڭ كۆڭۈل قۇشىنى بالا دامىغا گىرىپتار قىلدى . ئەمما ئۆزىنىڭ ھۆسن خاھىشى بىلەن بۇ بىچارىنىڭ مۇپتىلالىقىنى كۆزگە ئىلماي ، يەنە قايتىپ ئۆز خىلۋەتخانىسىغا كىرىپ كەتتى .

ئابدۇلئەزىز بولسا ، شۇندىن باشلاپ ئاشىق بولۇپ بۇرنىغا مەجنۇنلۇق پۇراپ ، ۋۇجۇد مەملىكىتىمىزدە پاراكەندىچىلىك پەيدا بولدى . ھەر خىل سەۋدايى سۆزلەر خىيالىغا كېلىپ ، بەدەنلىرىگە ئوت تۇتىشىپ كۆيۈشكە باشلىدى . ئەمما ، ھېچ كىشى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق سەۋەبتىن بۇ سىرنى ئىزھارلاشنى پايدىسىز كۆرۈپ ، كۆكرىكىنى يەرگە يېقىپ ياتتى ۋە ئىشق ئازابىنى تەسۋىرلەپ غەزەل ئوقۇپ :

كېچىلەر ئۇيقۇ يوق ئىشقىڭدا بۇلبۇلدەك ناۋا قىلدىم ،
قىزىلگۈلدەك چىرايىمنى سېنى دەپ كەھرىۋا قىلدىم .
بۇ يۇرتتا بولمىغاچ تونۇش ، سوراشقا چارىسىز بولدۇم ،

1 مىنقار: تۇمشۇق . يەنى يىرتقۇچ بولمىغان قۇشلارنىڭ تۇمشۇقى .

گاداي بولۇپ مەسچىتلەردە، سىنى دەپ «ھۇ» سادا قىلدىم.
قەيەردە نەقىش گۈل كۆرسەم «سەنەمنىڭ پۇشقىقى شۇ» دەپ،
ئېلىپ ئاياغىدىن تۇپراق كۆزۈمگە تۇتىيا قىلدىم.
سىنىڭ ھۆسنۈڭنى بىر كۆرۈپ، غېرىب ۋە بىۋەتەن بولۇپ،
مۇھەببەت ئوتىدا يىغلاپ ئۆزۈمنى خاكسار قىلدىم.
ئۆزۈمنى چاك - توزان قىلسام، قوناتتىم ھۆسنىڭگە بىر دەپ،
بولۇپ دىۋانە دەردىڭدە قىلىپ پەرياد خىيال قىلدىم.
كېلىپ كۆرگىن ئايا دىلبەر پىراقىڭ خەنجىرى بىلەن -
يېرىپ كۆكسۈم - يۈرەكىمنى بەند - بەندىدىن جۇدا قىلدىم.

دەپ نالە - پەرياد قىلىشقا باشلىدى. نەچچە ۋاقىت مۇشۇنداق يىغىش ئازابىدا دىۋانە بولۇپ يۈرگەندى. تاسادىپىي بىر كۈنى ئىمامنىڭ قىزى تالىپ ئېرى بىلەن جېدەل چىقىرىپ غوۋغا قىلىشقا باشلىدى. ئۇزاقتىن بۇيان خورلۇق تارتىپ كەلگەن بىچارە تالىپ دەردكە چىدىماي، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئول نازىنىننى ئۈچ تالاق قىلىۋەتتى. بىر نەچچە كۈنگىچە ھەر ئىككىسى يامانلىشىپ يۈردى. ئۇندىن كېيىن ئاچچىقلىرى يېنىپ قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلدى. تالىپ كىشى قويۇپ، خوتۇنىغا ئۆزرە ئېيتتى. خوتۇنى ھەم ئاداۋەتنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ رازى بولدى. ئەمما، ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەنلىكى ئەھلىمەھەللىگە ئاللىقاچان ئاشكارىلىنىپ كەتكەچكە، شەرئەت ھۆكۈمى بىلەن ھالال قىلىپ بولۇپ، ئاندىن نىكاھ قىلىشقا توغرا كەلدى. شەرئەتكە بارغاندى:

— يات يۇرتلۇق كىشىدىن بىرنى تېپىڭلاركى، تالىپنىڭ خوتۇنىنى ئۇنىڭغا نىكاھ قىلىپ بەرسەك، بىر ئاخشام ئۇنىڭ بىلەن ئىشرەت قىلىۋېلىپ، تاڭ ئېتىشى بىلەن ئاجرىشىش جاۋابىنى بېرىپ، بۇ سىرنى ئاشكارا قىلماي بۇ ۋىلايەتتىن چىقىپ باشقا ۋىلايەتكە كەتسۇن، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدەپ يۈرۈپ، مەسچىتنىڭ

ئېچىدىكى غېرىب يىگىتتىن باشقا ، قابىل ۋە مۇناسىپراق كىشىنى تاپال-
مىدى . ئاخىر ئابدۇلئەزىزنى كەلتۈرۈپ بۇ ۋەقەنى ئېيتىپ ، ئاخشىمى
نىكاھ قىلىپ ، تاڭ ئاتقاندا تالاق قىلىشقا قوبۇل قىلدۇردى .

ئابدۇلئەزىز بولسا ، ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنىڭ دەردىنى تارتىپ ئىچ ـ
ئىچىدىن كۆيۈپ تۈگەشكەنىدى ، بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن خۇشال
بولۇپ ، يۈرەكلىرى يېرىلىپ كېتەي دېدى . بىر نەچچە سوپى ـ تالىپلار
ئۇنى غۇسسۇل قىلدۇرۇپ ، بېشىنى چۈشۈرتۈپ ساقال قويدۇرۇپ كىيىم
ـ كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلەپ بېشىغا ئاق دوپپا كىيدۈردى . ئاندىن كې-
يىن ئۇل پەرى سۈپەت نازىنىننى زامانىنىڭ قائىدىسى بويىچە نىكاھلاپ
بەردى .

شۇنداق قىلىپ ، ئابدۇلئەزىز تەقدىرنىڭ بۇ كارامىتىگە ھەيران
بولۇپ ، ئۇگى ياكى چۈشى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى . ئاۋۋال ئاخ-
شامدىن تاڭ ئاتقۇچە نازىنىننى قۇچىقىغا ئېلىپ ، ھەر نەپەستە كامىدىل
ھاسىل قىلدى . مۇشۇنداق ھەپىلىشىپ ، بىر كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆت-
كۈزدى ، ئاخىر تاڭ سۈبھى بولۇپ مۇئەككەل سوپىلار كېلىپ ئۆيدىن
ھەيدەپ چىقىرىدىغانغا ئاز قالدى .

ئابدۇلئەزىز ئويلىدىكى ، « تەقدىر ئۆز قىسمىتى بىلەن مەشۇقنى
بىر كېچىلىككە بېرىپتۇ . ئەمدى قالغان تەدبىرنى ئۆزۈم قىلىپ ، ئۇنى
قولدىن بېرىپ قويماسلىقىم لازىم .

كىرسە دۈشمەن سۆزىگە ھەر بىر كىشى ،
بۇزۇلۇر ئوڭ بولسمۇ ، ئۇنىڭ ئىشى .
مۇيەسسەر بولدى مەشۇق نىكاھ بىلەن ،
ئەمدى ئۆتمەيدۇ شەرئەتنىڭ چىشى .

ئەمدى پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي ، ئامەتنى كەتكۈزۈپ قويماس-
لىقىم لازىم . مۇشۇ باھانە بىلەن جاي ـ ماكان ۋە كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە
بولۇپ ، مەينەتچىلىكتىن قۇتۇلۇپ قالارمەن . شەرئەتتە بىر كېچىلىك
نىكاھ دەپ نىكاھ بولمايدۇ . مەنلا چىڭ تۇرسام ، شەرئەتنىڭ سۆزى

ئۆتمەيدۇ » . ئۇ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن نازىنىننىڭ دىلىنى ئېرىتىپ، ئۆزىگە رام قىلدى:

— ئى گۈزەل مەلىكەم، سىزدەك پەرى سۈپەت نازىنىننى تېخى ھېچكىم كۆرمىگەندۇر، نىقاب ئېلىنغاندىن كېيىنكى نۇرلۇق چىرايىڭىز گويا قارا بۇلۇت ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ چىققان ئايدەك، ئۆز گۈزەللىكى بىلەن قۇياشنىمۇ خىجالەت تەرلىرىگە چۆمدۈردى. سىزنىڭ ئېرىڭىز بولسا، بۇنىڭدەك دۆلەتكە مۇناسىپ ئەمەستۇر. مەن بولسام ھۆسن — جامالىڭىزنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ يىراق ۋىلايەتتىن كېلىپ مەسچىتنى ما-كان قىلىپ ياتقاندىم. كۆپ جاپالاردىن كېيىن دۆلىتىڭىزگە مۇيەسسەر بولدۇم. ئەمدى سىزدىن ئايرىلماي خىزمىتىڭىزنى قىلسام دەيمەن.

قايسى جەننەتنىڭ ھۆرى سەن جان ئالغۇچى ئى جىلۋىگەر،
يا قوبۇل قىلغىن ئۆزۈڭنى، يا بولمىسا، جان ئال ئەگەر.

دەپ كۆپ ياخشى سۆزلەرنى قىلدى، ئۇل نازىنىن بولسا، ئاب-دۇلئەزىزنىڭ بىر كېچىلىك خىزمىتىدىن شۇنداق لەززەت تاپقانىدىكى، ئاۋۋالقى ئېرىدىن بۇنداق لەززەتنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئابدۇلئە-زىز يوقسۇل بولغان بىلەن سۆلەتى بار، نەغمە — مۇزىكىلاردىن ھەم خە-ۋەردار ئىدى. كەمبەغەل بولغان بىلەن ئۇنىڭ بەرگەن تەشنالىق شارابى جۇۋانغا ئۇنتۇلغۇسىز لەززەت بېغىشلىدى:

مۇھەببەت ئالدىدا خىسراۋ لىباسى،
بەرىبىر تەڭ تۇرۇر پەرھات پالاسى.

نازىنىن ئاخىر ئابدۇلئەزىزنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، ئاۋۋالقى ئېرىنىڭ مۇھەببىتىنى تامامەن كۆڭلىدىن چىقاردى. شۇنداق قىلىپ، تاڭ ئاتتى. سوپى تالىپلار ئىنتىزار بولۇپ تۇرغانىدى. ئىشىكنى ئۇرۇپ يىگىتنى چاقىردى. ئابدۇلئەزىز بولسا، ئىشىكنى ئاچماي غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ:

— ئى نومۇسسىزلار ! بۇ نېمە قىلىق ؟ بىۋەجە كىشىنىڭ ئىشىگىگە كېلىپ ۋارقىراشقىلى سىلەردە شەرمى - ھايا دېگەن نەرسە يوقمۇ ؟ — دەپ دەشنام بەردى . مۇئەككەللەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ :

— ئى نائىنساپ ، بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟ بۇۋى قىزنى ساڭا بىر ئاخشاملىققا نىكاھلاپ بەرگەن تۇرساق ، تېز چىقىپ بۇ ۋىلايەتتىن يىراق جايلارغا كەتمەي نېمە چوڭ سۆزلەيسەن ؟ باغى ئىرەم ھۇۋقۇشنىڭ ماكانى ئەمەس . ئۇنىڭغا بۇلبۇل مۇناسىپتۇر . ئەگەر تېز يوقالمىساڭ ئىمام چىقىپ قالسا ، جەبرى - زۇلۇملار بىلەن ھەيدەپ چىقىرىدۇ ، — دەپ ، كۆپ تەھدىتلەر قىلدى .

— ئى ئەزىزلەر ، — دېدى ئابدۇلئەزىز ، — بۇنىڭدەك بىھۇدە سۆزلەرنى قىلغۇچى بولماڭلار . نىكاھ شەرىئەتنىڭ ئەمرى بىلەن بولغان تۇرسا ، ئەمدى يەنە غوۋغا قىلساڭلار گۇناھكار بولىسىلەر .

مۇئەككەللەر ئابدۇلئەزىزنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئىشتكەندىن كېيىن چاقچاق ئەمەسلىكىنى بىلىپ جىم بولۇپ قېلىشتى . بۇ ۋەقە بىر دەمدىلا شەھەرگە ئاڭلىنىپ ، بىر قىسىم كىشىلەر ئىمامنى مەسخىرە قىلسا ، بىرقىسىم كىشىلەر : « بۇ جالاپخور ئىشان قىلغان بۇزۇقچىلىقى ئۈچۈن ئاللانىڭ جازاسىغا ئۇچراپتۇ . ئاللا كۆرگۈچىدۇر ، قىزىل كۆزلەرگە ئالدانمايدۇ » دەپ ، ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى دېيىشكىلى تۇردى . ئىمام تەرەپ بولسا ، « ئاخىرقى ئۆمرىمىز بەتنام بىلەن ئۆتىدىغان بولدى . ئەھلى يۇرتنىڭ يۈزىگە قانداقمۇ قارارمىز؟ » دەپ ئەندىشە قىلىپ ، يىگىتكە يالۋۇرۇپ باقتى ، نەسىھەت قىلدى ، زادىلا پايدىسى بولمىدى . ئاخىر ئابدۇلئەزىزگە يالۋۇرۇپ :

— ئەگەر نازىنىندىن كەچسەڭ ، نەچچە يىلدىن تاپقان ئالتۇنلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى بېرەيلى ، — دەپ ۋەدە بېرىشتى . ئابدۇلئەزىز دېدىكى :

— ئى ئەزىزلەر ، بىلىپ قويۇڭلاركى ، مەن بۇ جانانىنىڭ ئارزۇسىدا مەسچىتكە كېلىپ پەرىشان بولۇپ ياتتىم . ئەمدى بۇنىڭدەك دۆلەت

نېسىپ بولغاندا ئۇنى قولدىن بېرىش ئەخمەقلىقتۇر . ئىشىككە كېلىپ بىزنى ئاۋارە قىلماڭلار . ئەگەر مېنى كەمبەغەل كۆرسەڭلار ، بۇنداق قىلىشىڭلار لايىق ئەمەس . چۈنكى ، بايلىق ئىنسانغا باقىۋەندە ئەمەس . ئەگەر سىلەرمۇ ئىشانلىق يولىنى تاپالماي موللىلار بىلەن يۈرۈۋەرگەن بولساڭلار ، ئۆتكەن بىر ئىشاننىڭ :

ئون يىل قىلسام موللىلىق ،
بىر نان كەلمىدى ، بىر ياغلىق .
بىر يىل قىلسام ئىشانلىق ،
ھەم قوي كەلدى ، ھەم ساغلىق .

دېگىنىگە ئوخشاش ، بىچارە بولۇپ ياشاشقا مەجبۇر بولاتتىڭلار . ئىشانلىق يولىنى تاپقىنىڭلار ئۈچۈن مۇنداق پاراغەتكە ئېرىشىپ ، مال ـ دۇنيا ، خوتۇن ـ قىزلار غىچە دۇئا بىلەن ئېرىشتىڭلار . ئەقىللىقلار ، دانا ئۆلىمالار كىشىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ سەمىمي كۆڭلى ، ئەقىل ـ پاراستى ۋە ھۈنەر دەرىجىسىنى ئېتىبارغا ئالىدۇ . تونۇشمىغان كىشىگە ھاقارەت كۆزى بىلەن قاراش ئالىيجانابلىق ئەمەس .

تولا غەپلەتتە بولما قىلاي دېسەڭ ساۋاب ئاندا ،
ئۆلەرمىز ئاقىۋەت بىر كۈن ، ھەممىگە خاراب ئاندا .
تۈگىمەس پۇلۇڭ بولسا ، تومۇغ ئۇتى خالاس بەرمەس ،
تارتتىم ئار ـ نومۇس دېمە ، ساڭا ئازاب تېخى ئاندا .
پۇلۇڭنى ھېسابلايسەن ھېسابىڭدىن بولۇپ غاپىل ،
ئالتۇن ـ كۈمۈش بەدىلىگە ، بېرۇرسەن ھېساب ئاندا .
قىلغان ئىشلىرىڭ مۇندا ، كۆرۈنمەس بىخەۋەردۇرسەن ،
ئۇ چاغدا ئامالسىزسەن ، سىرىڭ ئاشكارا بولۇر ئاندا .
خۇدا سورىسا : « ئى بەندەم ! نە كەلتۈردۈڭ ماڭا ئېيتقىن ؟ »
بۇگۈن كۈلگىنىڭ بىلەن ، جاۋاب بەرمەك قىيىن ئاندا .

مەغرۇرلانما ئالتۇندىن ، ئۇ چاغدا ساڭا ئەسقاتماس ،
« ھـۇ ! دەپ پـۇل . جالاپ تاپتىم » دېيەلمەيسەن تېخى ئاندا .

ئى ئەزىزلەر ، ئۇنداق بولسا ، مەلىكەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغايسى-
لەر ، ئۇنىڭ دېگىنىچە بولسۇن .
مۇئەككەللەر نازىنىنىنى چاقىرىپ :
— ئى مەلىكەم ! بۇ ياققا چىقىڭ ! — دېدى . ئۇ دېدىكى :
— مۇساپىر يىگىت مەن تېخى كۆرۈپ باقمىغان لەززەتتىن بەھ-
رىمەن قىلدى . بۇنىڭدەك دۆلەتتىن ۋاز كەچكۈچى نادان ئەمەسمەن ،
بىھۇدە غوۋغا قىلماي يوقىلىڭلار .
مۇئەككەللەر ئىمامنىڭ قىزىدىن بۇ سۆزنى ئىشتىپ ، مۇساپىر
يىگىتنى ھەيدىۋېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى ۋە دېدىكى :
— ئى ئەخمەق ! سەن بولساڭ ھېچ نەرسەڭ يوق بىر گاداي
تـۇرساڭ . خوتۇن ئالساڭ نەگە ئاپىرىسەن ، قانداق ياشايسەن ؟ بۇنى
ئويلانمىدىڭمۇ ؟ شۇ ئەپتىڭ بىلەن ساڭا خوتۇننىڭ نىمە ئىشى ؟
— سىلەرگە مەلۇم بولسۇنكى ، مېنىڭ ئەسلى ۋەتىنىم خوتەن
ۋىلايىتىدۇر . ئىلىم ئەھلى ئۇل دىيارنى « ئىلىم - بىلىمنىڭ كانى »
دېيىشىدۇ . ئەزەلدىن ئىلىم ئەھلى بىلىمدە ئۇل ۋىلايەتتىن ئۆرنەك ئال-
غاندۇر . ئاتام بولسا ، ئۇل شەھەردە ئۇلۇغۋارلىق بىلەن مەشھۇردۇر . مەن
پۇل - مېلىمنىڭ كۆپلۈكىگە ھەۋەس قىلىپ ، تىجارەت ئۈچۈن سەپەر
قىلغانىدىم . يولدا قاراقچىلارغا يولۇقۇپ كارۋانلىرىمدىن ئايرىلىپ ، بۇ
ۋىلايەتكە كېلىپ قالدىم . ئىشىنىمەنكى ، ئاتام ئەھۋالدىن خەۋەر تاپسا ،
يېقىندا كىشى ئەۋەتىپ مېنى ئېلىپ كېتىدۇ . ئۇ چاغدا ماڭا ئازار قىلغى-
نىڭلار ئۈچۈن خىجىلچىلىك تارتىپ قالىسىلەر ، — دەپ ، ئابدۇلئەزىز
يالغاندىن كۆپ سۆز قىلدى .
ئۇلار غېرىب يىگىت ئابدۇلئەزىزدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشتكەندىن
كېيىن :
— ئەگەر سېنىڭ بۇ سۆزلىرىڭ راست بولسا . تالىپىنىڭ ئورنىغا

سىنى ئۆزىمىزگە كۈيئوغۇل قىلىمىز . سۆزۈڭنىڭ راستلىقىنى نېمە بىلەن ئىسپاتلايسەن ؟ — دېيىشتى . ئابدۇلئەزىز ۋەدە بېرىپ :

— بىر ئايغىچە مۆھلەت بېرىڭلار ۋە ماڭا يېقىن كېلىۋالماڭلار . بىر ئايدىن كېيىن مېنى ئالغىلى كىشى كەلسە ، سۆزۈمنى راست ئىكەن دەڭلار ، ئەگەر ھېچ تەرەپتىن خەۋەر كەلمىسە ، مەن سىلەرنىڭ ئەمرىڭلارنى قوبۇل قىلىپ ، ئۆزۈمنى چەتكە ئالاي ، — دېدى .

شۇنداق قىلىپ ، ئابدۇلئەزىزگە بىر ئايلىق مۆھلەت بەردى . ئابدۇلئەزىز بىر ئايلىق مۇددەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، خوتۇنى بىلەن كۆڭلىنى شاد ـ خۇرام ئۆتكۈزدى . ۋاقىت ئۆتۈپ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى كۈنلا قالدى . جۇدالىق كۈنلىرىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىدىن غەمگە پېتىپ ، نەغمە بىلەن ئاشىقانە غەزەل ئوقۇپ :

سەنەمنىڭ دەردىنى دەپتەر قىلىپ خەتكە پۈتۈپ بولماس ،
ئۇنىڭ سىرلىرىنى بىغەملەرگە شەرھى ئېيتىپ بولماس .
جۇدالىق خەنجىرى بىلەن يۈرەكىم چاكى ـ چاك بولدى ،
يۈرەك زەخمىنى ئېچىپ بىدەردلەرگە كۆرسىتىپ بولماس .
پەلەكنىڭ يۇلتۇزى قىلسا بىلۇرلەر ھېسابىنى ،
يۈرەكىم زەخمىنى ھەرگىز ، ھېسابىنى بىلىپ بولماس .
ئەلەم تارتىپ يۈرەكىمگە جۇدالىق قانلىرى تولدى ،
ئەگەر چىقمىسا شەپقەتچى ، مۇساپىرغا ئامال بولماس .

دەپ نالە ـ پىغانلار قىلىپ يىغلاشقا باشلىدى . ئۇنىڭ پەريادىغا پايلىماي ، نازىنىن ھەم تەڭ يىغلىماقتا ئىدى . بۇ ئاخشىمى شەھەر پادىشاھى مۇلازىملىرى بىلەن يۇقرالارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن شەھەر ئايلىنىپ يۈرۈپ بۇ ئىشىككە كېلىپ قالدى . ئۆينىڭ ئىچىدىن جانىنى لەرزىگە سالىدىغان مۇڭلۇق غەزەللەر بىلەن مۇزىكىنىڭ ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ غەزەللىرى پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق تەسىر قىلدى ، پادىشاھ ئىختىيارسىز ئىشىككە بېرىپ :

— ئى ئاشىق ! ئىشىكنى ئاچ ، — دېدى . ئۆيدىن :

— نىمە كىشى سەن ؟ ئۇچار جانىۋاردىن تارتىپ ھەممە ئۇيقۇدا تۇرسا ، سەن كېلىپ ۋەيرانە كۆڭلۈمنى نىمە ئۈچۈن بىئارام قىلىسەن ؟ — دېگەن جاۋاب كەلدى . پادىشاھ :

— ئى خۇدا دوست قەلەندەر ، مەن سېنىڭ دەردلىك نەغمەڭنى ئاڭلاپ كۆڭلۈمگە تەسىر قىلغانلىقىدىن قوپاللىق قىلىپ توۋلاپ سالدىم . مېھرىبانلىق قىلىپ ئىلتىماسىمنى يەردە قويماي ، ئىشىكنى ئېچىپ مەن بىلەن بىر سائەت ھەمسۆھبەت بولساڭ ، — دېدى . ئابدۇلئەزىز بۇنى ئاڭلاپ ئىشىكنى ئېچىپ بەردى . پادىشاھ مۇلازىملىرى بىلەن ئۆيگە كىرىپ ، ئابدۇلئەزىزنىڭ بىر نازىنىن قىز بىلەن يالغۇز ئىكەنلىكىنى كۆردى ۋە دېدىكى :

— ئى زىبا يىگىت ، بىزگە ياخشىلىق قىلىپ بىر سائەت نەغمە قىلىپ بەرسەڭ . كۆڭلىمىزنى خۇش قىلىپ سېنىڭدىن مىننەتدار بولساق .

ئابدۇلئەزىز كۆزلىرىدىن كەلكۈندەك ياش جارى قىلىپ تۇرۇپ :

— ئى قەلەندەر ئىشقىدىن بىخەۋەرلەر ، مەن ئاخىرقى تىنىقىم توگەش ئالدىدا جان بىلەن ۋىدالىشىۋاتسام ، سىلەر مېنى « نەغمە قىلىۋېتىپتۇ » دەپ قالدىڭلارمۇ ؟

قايسى كۈن كۆردۈم جانانىنى بولدۇم دىۋانە ئى كۆڭۈل ،
بولمىدىم يارنىڭ غېمىدىن ھەرگىز ئازادە ئى كۆڭۈل .
كېچە - كۈندۈز ئاھ ئۇرۇپمەن يار ئۈچۈن پەرياد ئېتىپ ،
بولمىدى جانغا ئاراملىق چۈن داد - پەرياد ئى كۆڭۈل .
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك مۆھلەت توشۇپتۇر بىلمىدىم ،
ئۇشبۇ غەمنى كىمگە يىغلاپ كىمگە ئېيتاي داد ، ئى كۆڭۈل .
لەشكىرى پىراق يېتىشىپ ، بۇزسا بۇ تەننىڭ مۈلكىنى ،
ئەمدى خاراب بولغۇمىزدۇر قانلار يۇتەرمىز ئى كۆڭۈل .

دەپ سازلىرىنى تاشلاپ ھەر ئىككىسى بىھوش بولدى ۋە يەنە ھوشىغا كەلدى . پادىشاھ :

— سىنىڭ دەردىڭ كۆڭلىمىزگە تەسىر قىلىپ، دىلىمىزنى كاۋاپ قىلدى. بىزگە مېھرىبانلىق قىلىپ، ئەھۋالىڭدىن خەۋەر بەرگىن، بىز ھەم ھالىڭنى بىلىپ قالساق، — دەپ تەلەپ قىلدى. ئابدۇلئەزىز يۈز بەرگەن ئىشلارنى باشتىن ـ ئاخىر قالدۇرماي راستى بىلەن بايان قىلدى. پادىشاھ ئاڭلاپ گەپ ـ سۆز قىلماي چىقىپ كەتتى. ئەتىسى مۆھلەت توشقان كۈن بولۇپ، ئىمام باشلىق ھەممىلىرى جەم بولۇپ، ئابدۇلئەزىزنىڭ ئۈستىگە كېلىپ غوۋغا قىلىشقا باشلىغانىدى، ئىككى نەپەر مۇلازىم كېلىپ، بىر تۈركۈم نەپىس رەختلەر بىلەن ئالتۇنلارنى ئېلىپ ئابدۇلئەزىزنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئى بەگزادەم، بۇنى ئاتاڭ ئەۋەتتى. مەن ئۇنىڭ قېشىدىن كەلدىم، — دەپ بەردى. بۇ ئىشنى پادىشاھ تاپشۇرغانىدى. خالايىق بۇنى كۆرۈپ ئابدۇلئەزىزنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەندى. ئەمما ئابدۇلئەزىز بولسا، بۇ سىرلىق ئىشتىن ھەيران ئىدى. كەلگەنلەر يەنە بىر پارچە خەتمۇ بېرىپ:

— بۇ ئاتاڭنىڭ ئەۋەتكەن خېتىدۇر، — دېدى. خەتنى ئوقۇغانىدى: «ئى پەرزەنتىم، سىنىڭ دەردىڭدە كۆپ يىغلاپ ئاجىزلاپ كەتتىم. تېزراق كېلىپ مەن بىلەن يۈز كۆرۈشۈۋالغىن» دېيىلىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئىمام تەرەپ رەسۋا بولۇپ ھەممىسى ئۆيلىرىگە كېتىشتى. ئاشىق ـ مەشۇقلار بۇ كېچىنى شادلىق بىلەن ئۆتكۈزدى.

ئىككىنچى كۈنى ئىمام خوتۇن ـ قىزلىرى، تالىپ ـ كۈيئوغۇللىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئابدۇلئەزىزگە ئۆزرە ئېيتىپ ئولتۇرغانىدى، بىر ھەيۋەتلىك كىشى كىرىپ كېلىپ:

— خوتەن ۋىلايىتىنىڭ بەگزادىسى كېلىپ بۇ شەھەردە ئۆيلەنگەنىكەن. ئۇنى پادىشاھ چاقىرىدۇ، — دەپ يارلىق ئېلىپ كەلدى. ئابدۇلئەزىز دەرھال تۇرۇپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ماڭدى. ئىمام بولسا خۇشال بولۇپ يېڭى كۈيئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. كىشىلەر گەپ سورىمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن:

— بۇ يىگىت بىزگە كۈيئوغۇل بولىدۇ. پادىشاھنىڭ ئالدىغا

باردۇ . — دەپ تونۇشتۇرۇپ ماڭدى . شۇنداق قىلىپ ، بۇلار پادى-
شاھنىڭ ھوزۇرىغا داخىل بولدى . ئابدۇلئەزىز پادىشاھقا قارىسا ، ئاخشام
ھەمسۆھبەت بولغان قەلەندەر شۇ . ئاندىن كېيىن ئىشنىڭ تېگىگە يې-
تىپ ، كەلگەن دۆلەتنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلدى ۋە ھۆرمەت بىلەن
تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ پادىشاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى . پادىشاھ ھەم يە-
گىتنى كۆرۈپ خۇش مۇئامىلىدە بولۇپ ، يەنە كۆپ نەرسىلەر ئىنئام
قىلدى . نەچچە كىشىلەرنى ھەمراھ قىلىپ ، ئۆز ۋىلايىتىگە ئاپىرىپ
قويسۇن ، دەپ ئەمر قىلدى . ئىمام ھەم ھەجگە بارغاچ سودا قىلىپ
كەلگىلى توپلاپ قويغان ئالتۇنلىرىنى سوۋغا قىلدى . ئابدۇلئەزىز ئۆز
يۇرتىغا بېرىپ ئايىسىنى ئىزدەپ تاپتى ، بۇلار خاتىرجەم ، باياشاد كۈن
كەچۈردى . خوتۇنى بولسا ، ئۇچىسىدىكى قارا لىباسلارنى سېلىپ ، كۆز-
لىرىدىكى رەڭلىك دۇربۇنلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ ، خۇدانىڭ بەرگەن
چولپان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنى تاماشا قىلىپ ، يورۇق ئا-
لەمنى ئۆز رەڭگى بىلەن كۆرەلىگىنىگە مىڭ شۈكرى قىلدى ۋە ئۆتكەن
قاراڭغۇ زۇلمەت كۈنلىرىنى ئەسلەپ ئەپسۇسلاندى .

# زەرگەر بەچچە ھېكايىسى

رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا ھۆسنئاۋات شەھىرىدە سالىھ ئىسىملىك بىر زەرگەر ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ سەيپۇل ئىسىملىك ئەتىۋارلىق بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇنى كىشىلەر زەرگەر بەچچە[1] دەپ ئاتايتتى.

سالىھ زەرگەر ئوغلى سەيپۇلنى «يالغۇز ئوغۇل» دەپ ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلىپ، كۆپ بىلىملەردىن خەۋەردار قىلدى. سەيپۇل بولسا، ناھايىتى ئەدەپلىك، ئاق كۆڭۈل بولۇپ، ئۇن ئالتە ياشقىچە كۆپلىگەن كىتابلارنى ئوقۇشتىن باشقا، زەرگەرلىك ھۈنىرىنىمۇ تولۇق ئۆگەندى. ئۇ كۈندۈزلىرى ھۈنەر قىلسا، ئاخشاملىرى كىتاب كۆرەتتى.

بىر كۈنى ئاخشىمى كىتابلىرىنى ئاختۇرغانىدى، قولىغا «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانى چىقتى، كىتابنى قولىغا ئېلىپ ئېچىپ كۆرگەنىدى، ئۇنىڭدىن ئاشىق ـ مەشۇقلەر بايانى چىقتى. سەيپۇل باشقا كىتابلارنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىنى ئوقۇشقا كىرىشتى. شۇنداق قىلىپ، تاڭنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسى تۈگەپ بىر ھەسسىسى قالغاندا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلگەندەك بولدى. كىتابنى يېپىپ قويۇپ، يېتىپلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇ چۈش كۆردى. چۈشىدە، سەيپۇل «لەيلى ـ مەجنۇن» كىتابىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. قىممەتلىك بۇيۇملار بىلەن زىننەتلەنگەن بىر نازىنىن قىز كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ قىز قاش خىلۋىتىگە ئەگرى قۇلۇپنى سېلىپ، ئەنبەر چاچلىرىنى تال ـ تال ئۆرۈپ، مىڭلىغان ناز ـ خۇلقلار بىلەن سەيپۇلغا قاراپ تەبەسسۇم

1 بەچچە ـــ ئوغلى، ئوغۇل.

قىلىپ ، خۇش كەيىپ بىلەن ئۆتۇپ ، بىر دەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى . سەيپۇل ھەم ئۇل قىزنى كۆرۈپ جان ـ دىلى بىلەن ئاشىق بولدى . مۇھەببەت زەنجىرى كەمەندە بولۇپ ، ئۇيقۇدىن بىدار قىلدى ، سەيپۇل ئويغىنىپ ئاشىقانە ئاھ تارتىپ :

بۇ كېچە ئۇخلاپ چۇشۇمدە ماڭا دىلبەر ئۇچرىدى ،
ئويىنىتىپ قاش ـ كۆزلىرىنى مېھرى ـ جادۇ ئۇچرىدى .
مەن بىچارە ناتىۋاننى ئىشق دەردىدە زارلىتىپ ،
ناز بىلەن قىلغۇچى « مەجنۇن » ، بەلكى « لەيلى » ئۇچرىدى .
ئۆزىنى غىل ـ پال كۆرسىتىپ ، سۆزلەشكۇچە غايىب بولۇپ ،
تەلىيىم قاچتى شۇئان ، ئاھ ! جانغا ئاپەت ئۇچرىدى .
بولسىڭىز ھەيران ماڭا ، ئى ئەھلى يارەن دوستلىرىم ،
لەۋلىرى قەن ۋە ھەسەل ، شېرىن جانانىم ئۇچرىدى .
ماڭا دەخلى قىلماڭىز يار دەردىدە دىۋانىمەن ،
ئادىمىزات جىنسىدە يوق ، پەرى پەيكەر ئۇچرىدى .
تولغىنىپ مىڭ ناز بىلەن ، قىلدى تەبەسسۇم بىر قاراپ ،
كىرپىك ئېتىپ زەرپ ئۇرۇپ ، جىنىمغا جاللات ئۇچرىدى .

دەپ ، ھۇجرىسىدىن چىقماي زار يىغلاپ ئولتۇردى . سەيپۇلنىڭ يېقىن دوستلىرى ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ھوشى باشلىرىدىن ئۇچۇپ ، ھەر قانچە گەپ سوراپ باقسىمۇ ، يىغاندىن باشقا نەرسە ئاڭلىمىدى . يىگىتلەر ئاخىر ئۇنىڭ ھالىدىن كۆپ قايغۇلار قىلىپ ، سەيپۇلنىڭ ھالىنى سالىھ زەرگەرگە مەلۇم قىلدى . سالىھ زەرگەر ئوغلىنىڭ بۇ ھالىدىن كۆپ ئەندىشلەر قىلىپ ، سەيپۇلنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھال سوراپ ، ئۇنىڭدىن جاۋاب ئالالمىدى . سەيپۇل بولسا ، كۆزلىرىدىن ياش ئورنىغا قان راۋان قىلىپ ،چۆل ـ جەزىرىگە قاراپ ماڭدى . دوستلىرى بېرىپ ئۇنى مىڭ مۇشەققەت بىلەن قايتۇرۇپ كەلدى . زەرگەر بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ ، سەيپۇلغا كەلگەن بۇ ئاپەتنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدى ، ئۇنىڭ يارەنلىرى جاۋاب بېرىپ ، سەيپۇلنىڭ ھالىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى . زەرگەر

ئاگلاپ . ئۇنىڭ چارىسىنى قىلماق ئۈچۈن دانالاردىن ئەقىل سورىدى . ئۇلار يول كۆرسىتىپ ، ئاشىقلارغا سۆز تەسىر قىلمايدۇ ، ئۇنىڭ يولى جەبىر – مۇشەققەتتۇر . ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتمەكتىن ئۆزگە چارە يوقتۇر ،دېيىشتى . شۇنداق قىلىپ ، سەيپۇلنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى . سەيپۇل بولسا ، ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ ، مەشۇقىنىڭ تەلەپ يولىغا قاراپ ، باياۋانغا يۈزلەندى . سەيپۇلنىڭ كىچىكىدىن بىللە ئويناپ ، بىللە ئوقۇپ چوڭ بولغان مالىك ئىسىملىك بىر ئاغىنىسى بار ئىدى . ئۇنىڭ ئاتىسى سالىھ زەرگەرنىڭ يېقىنلىرىدىن بولۇپ ، مالىك شۇ كەمگىچە سەيپۇلغا قېرىنداشلارچە مېھرىبانلىق قىلىپ خىزمىتىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى . ئۇ سەيپۇلنىڭ غـۇربەت دەشتىدە ئـاۋارىلىقىنى ئـاڭـلاپ ، « ۋاپاغا رىئايە قىلماق ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر » دەپ ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تېز سۈرئەت بىلەن يېتىشىپ ، غۇربەتنى تەڭ تارتىپ ھەمراھ بولدى . بۇلار باياۋانلاردا يۈرۈپ نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ ، ئاقىۋەت بىر شەھەرگە داخـىل بولدى . بۇ شەھەر ناھايىتى مەمۇرچىلىق بولۇپ ، كوچىلىرى كۆپ ئىدى . بۇلار كوچىمۇ كوچا يۈرۈپ مەشۇقىنى ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالماي ، بىر يەرگە چۈشمەك بولۇپ شەھەردىن چىقسا ، ئۇزاقتا بىر ئاـ لـىي ئىمارەت كۆرۈندى . ئۇ ئىمارەتكە بارسا ، بىر تەرەپتە قەلەندەرخانا بار ئىكەن ، ئەمما بۇ يەرگە بىرمۇ قەلەندەر چۈشمەپتۇ . ئىككىسى مەسـ لـىھەت بىلەن ئۇل مەقامنى ۋەتەن قىلدى . ئاخشىمى ئۇ يەردە قونۇپ ، تاڭ ئاتقاندا مالىك سەيپۇلدىن رۇخسەت ئېلىپ :

— نـاشتىلىق ئېلىپ كەلگەچ ، شەھەرگە كىرىپ مەقسەت يولىدا خـەۋەر ئاڭلاپ كېلەي ، — دەپ چىقىپ كەتكەنچە ئاخشام بولغۇچە قايـ تىپ كەلمىدى . سەيپـۇل ئـۇنى ساقلاپ تەقەززالىنىپ ، ئۆز – ئۆزىگە : « بـۇ ئالىي ئىمارەتكە بىر قاراپ باقاي ، بەلكىم ئۇ يەردە ئادەم باردۇر . مەن بۇ يەردە يالغۇز تۇرسام ياخشى ئەمەس » دەپ كىلىپ كۆردى ، بىر ئېگىز گۈمبەز تۇرۇپتۇكى ، بېشى كۆز يەتكۈسىز ئىدى . ئىشىككە بارسا ، ئىككى ياساۋۇل قاراۋۇللۇق قىلىپ تۇرۇپتۇ .

تورۇپتۇ ئىشىكتە ئىككى ياساۋۇل ،
خۇي - پەيلى بۆلارنىڭ بىر - بىرىدىن ئوسال .
ئىككىسى ئۇمۇتنى تەگلەپ تۇرار ،
سوراپىراق كىرمىسە بېشىغا ئۇرار .

سەيپۇل پەم بىلەن مىڭىپ ئىشىكتىن كىرگەنىدى ، ئۇنىڭ ئىچىدە خىلمۇ خىل شەكىلدىكى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بۇتلار تۇرۇپتۇ . ئۇنى كۆرۈپ بۇ جاينىڭ بۇتخانا ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە بۇتلارنى كۆرۈپ چىقتى .

شۇنداق قىلىپ ، بۇتلارنىڭ قىياپەتلىرىگە نەزەر سېلىپ تۇرغانىدى ، تۇن تەڭ بولغاندا بىر توپ كىشىلەرنىڭ گۇپۇرلىشىپ كېلىۋاتقان ئاياغ شەپىسى پەيدا بولدى . سەيپۇلنى ۋەھىمە بېسىپ ، بۇتنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ، ئۇنىڭ دالدىسىدا ئولتۇرۇۋالدى . بىر كەمدە بۇتخانا ئىشىكىدىن يىگىرمە بەش ئوغرى كىرىپ كېلىپ بۇتنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى :

بىرىپ بۇتنىڭ ئالدىدا تۇردى قاتا ،
دېدى : « ئەيۇ قىلىك بىزدىن ئۆتسە خاتا » .
ئاندىن ئالدىدا يىغلىدى دۇم يېتىپ ،
ئۇچ مەرتەم باش ئۇرۇپ ، تۇردى دەرد ئېيتىپ .
ئېلىپ ئىچتى بۇت ئالدىدىن ھاراق ،
بىچارە بۇتلار سالالمىدى تاياق .
دېدى : « ئى بىزلەرنىڭ ئۇلۇغ تەڭرىمىز ،
چوڭ قىپتۇ بىر قىزنى ئۇلۇغ شاھىمىز .
ئول قىزدا بار ئىمىش ھۆددۆتسىز بايلىق ،
بىزلەردە يوقتۇر كى ، ئىككى پۇل تايلىق .
ئول قىزنى بۇ ئاخشام ئېلىپ كېلىمىز ،
بېشىنى نەزىر قىلىپ ، پۇلنى ئالىمىز .
بۇ كېچە بىز ئۇچۇن مەدەت بەرگەيسەن ،
بەرگەن ئول نەزرىنى قوبۇل قىلغايسەن » .

دەپ بۇتقا يەنە ئۈچ قېتىم سەجدە قىلىپ، يۈگۈرۈشۈپ ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

سەيپۇل ئوغرىلارنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ: «بۇ نىمە-دېگەن ئەخمەق كىشىلەردۇر؟ پادىشاھنىڭ قىزى ئۆز ھەرىمىدە ئۇخلاپ ياتقاندۇر، ئۇنىڭ ھەرىمىنى باقىدىغان پاسىبانلار كۆپ تۇرسا، بۇلار بېرىپ ئول قىزنى قانداقمۇ ئېلىپ كېلەلىسۇن؟» دەپ خىيال قىلىپ ئولتۇردى.

شۇنداق قىلىپ، يەنە بىرى قانچە سائەتلەردىن كېيىن گۈپۈرلە-گەن ئاياغ شەپىسى ئاڭلاندى، ئاندىن ئۇزاق ئۆتمەي يىگىرمە بەش ئوغرى قىزنى تەخت بىلەن كەلتۈرۈپ بۇتنىڭ ئالدىدا قويدى. ھەممىسى بۇتقا ئۈچ قېتىمدىن سەجدە قىلىپ بولۇپ، ئاندىن قىزنىڭ كىيىم ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ، ئۆلتۈرمەكچى بولدى. سەيپۇل بۇتنىڭ ئار-قىسىدا تۇرۇپ كۆردىكى، ئول قىزنىڭ گۈزەللىكىدىن يۈزىنىڭ شولىسىدا بۇتخانا ئىچى يورۇپ كېتىپتۇ. ئەمما، قىز تېخىچە ئۇخلاۋېتىپتۇ. سەيپۇل كۆڭلىدە: «شۇنداق گۈزەل نازىنىن بىكار ئۆلۈپ كەتمىسۇن. مەن ئۇنى خالاس قىلىشقا تىرىشىپ كۆرەي» دەپ، ئاۋازىنى مۆڭگۈلۈق چىقىرىپ:

— ئەي ئۇممەتلىرىم! نەزىرىڭلار قوبۇل بولدى. بۇندىن كېيىن مۇشكۇلۇڭلار ئاسان بولغاي، — دېدى.

ئوغرىلار بۇنى ئىشىتىپ «بۇتنىڭ ئاۋازى» دەپ، خۇشاللىقتىن بۇتقا سەجدە قىلىشقا باشلىدى، سەيپۇل دېدىكى:

— ھەممىڭلار قىزنى قويۇپ تاشقىرى چىقىپ، بىر كىشىگە ئەمىر قىلىڭلار. بۇنى شۇ كىشى كېلىپ ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى بىزنىڭ ئايىغى-مىزغا قويسۇن!

ئوغرىلارنىڭ ھەممىسى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرى چى-قىپ، بىر كىشىگە بۇ خىزمەتنى بۇيرۇدى. ئول ئادەم كىرىشى بىلەن سەيپۇل تۇيدۇرماستىن تىغ سېلىپ، بېشىنى كەستى. ئۆلۈكنى بىر

قاراڭغۇغا تارتىپ قويدى . يەنە تەييارلىنىپ تۇردى . بىر سائەتكىچە ئوغرىلار كۈتۈپ تۇرسا ، كىرگەن كىشى چىقمىدى . يەنە بىر كىشىنى كىرگۈزدى . سەيپۇل ئۇنىمۇ ئۆلتۈردى . شۇنداق قىلىپ ئوغرىلار بىر ـ بىرلەپ كىرىۋېدى ، سەيپۇل ھەممىنى ئۆلتۈردى . ئاندىن مەلىكىنى ئويغاتتى ۋە ئۆتكەن ۋەقەنى بايان قىلىپ ئۆلۈكلەرنى كۆرسىتىپ ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدى . ئاندىن كېيىن تەختى بىلەن بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ، پاسىبانلارغا تۇيدۇرماستىن ئۆز ھەرىمىگە ئەكىرىپ قويدى . مەلىكە دېدىكى :

— ئى ۋاپادار يىگىت ! سەن بۇ قەدەر ياخشىلىق قىلدىڭ . بۇنىڭ بەدىلىگە تامام ئۆمرۈمدە خىزمىتىڭنى قىلىشقا رازىمەن . سەنمۇ ئەھۋالىڭنى بايان قىلغىن . ھالىڭدىن خەۋەر تاپاي .

شۇنداق قىلىپ ، سەيپۇل ئۆز ھالىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ :

— ئى جاھان سەنىمى ، ئالدىمدا مۇھىم مۇشكۈلۈم باردۇر . بۇ ئىش سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمەس . ئاللادىن ئۈمىدۋارمەن . ئەمدى رۇخسەت قىلغىن . بۇ جايدا تۇرۇش ئوبدان ئەمەس ، — دەپ تەلەپ قىلدى .

— ئى غەمخورۇم ، — دېدى مەلىكە ، — سېنىڭ ئالدىڭدا چوڭ مەقسەت ۋە مۇھىم مۇشكۈلۈڭ باردۇر . سەن ماڭا شۇنداق ياخشىلىقلارنى قىلغان تۇرساڭ ، مەن ساڭا ياردەم قىلماي ھالاكەت دەشتىدە غېرىبلىق تارتساڭ ، بۇ مەن ئۈچۈن ئىنساپسىزلىق ئەمەسمۇ ؟ خۇدا ھەققى بۈگۈن ئاخشام بۇ يەردە قونۇپ قالغىن . تاڭ ئاتقاندا ، مەقسەت يولۇڭنى كۆرسەتىپ ، خۇشال قىلغايمەن .

شۇنداق قىلىپ ، سەيپۇل قونۇپ قالدى . مەلىكە ھەم ئۇنىڭ بېقىنىدا ئۇخلىدى . شۇنداق يېتىپ ، ئۇيقۇلۇقتا بىر ـ بىرىنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ قالدى ، ئەمما ئۆزلىرى سەزمەي ئۇخلاۋەردى . تاڭ ئېتىپ ئاپتاپ چىقتى . خىزمەتكارلار كېلىپ مەلىكىنىڭ بىر چىرايلىق يىگىت بىلەن ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ۋەزىرگە مەلۇم قىلدى . ۋەزىر كېلىپ بولارنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ ، سەيپۇلنى باغلاتتى . مەلىكە ئويغىنىپ سەيپۇلنىڭ بالاغا گىرىپتار بولغانلىقىنى كۆرۈپ ، دېدىكى :

— ئى ئەقىلسىز ۋەزىر ، بۇ يىگىت مېنىڭ يېقىنىمدۇر . ئۇنىڭغا هاقارەت قىلىشىڭ جايىز ئەمەس .
ۋەزىر مەلىكىنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي :
— ئى شەرمەندە ، تولا سۆزلىمە . سېنىڭمۇ ئۆلىدىغانغا بىر تىنىق ۋاقتىڭ قالدى ، — دېدى .
شۇنداق قىلىپ ، ۋەزىر كۆرگەنلىرىنى پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ مەلۇم قىلدى . پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ :
— ئول يىگىتنى ئېلىپ چىقىپ ، پارە - پارە قىلىڭلار ! — دەپ ئەمىر قىلدى . ۋەزىر ئۇنى ئازاب - ئوقۇبەت بىلەن سوراقخانىغا ئاپىرىپ ، جاللاتلارغا تاپشۇردى . جاللاتلار ئۆلتۈرۈشكە ئېلىپ ماڭغانىدى ، مەلىكە ئاتىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ :
— ئى شەھرىيار ، بۇيرۇڭكى ، ئول بىگۇناھنى ئۆلتۈرۈشكە بىر-دەم تەخىر قىلسۇن . مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ ، مۇۋاپىق بولمىسا ھەر ئىككىمىزنى باراۋەر ئۆلتۈرسۇن ، — دېدى . پادىشاھ ئول يىگىتنى ئۆل-تۈرمەي تۇرۇشنى بۇيرۇدى .
— ئى قۇدرەتلىك ھۆكۈمران ، — دېدى مەلىكە ، — گۇناھسىز كىشىنى ئۆلتۈرۈش ئادالەت ئەربابلىرىنىڭ ئادىتى ئەمەس . بۇ يىگىتنى ئۆلۈمگە بۇيرۇماي ، بەلكى ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلغايسىز
پادىشاھ دېدىكى :
— بۇ نېمە ئەھۋال ؟ ئوچۇقنى بايان قىل ؟
مەلىكە ئوغرىلار ۋەقەسىنى تامامەن بايان قىلىپ :
— ئەگەر ئىشەنمىسەڭلار بۇتخانىغا بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭلار ، — دېدى . پادىشاھ بۇتخانىغا كىشى ئەۋەتكەنىدى ، مەلىكىنىڭ دېگەنلىرى راست چىقتى . پادىشاھ قىلغان ھۆكۈمگە خىجىل بولۇپ سەيپۇلغا ئۆز-رىلەر ئېيتىپ :
— ئى يىگىت ، سەن جاندىن كېچىپ تۇرۇپ ، قىزىمنى قۇتقۇ-زۇپ قاپسەن ، ئەمدى سەن ئۇنى قوبۇل قىلىپ ، ماڭا كۈيئوغۇل بولغايسەن ، — دېدى .

— ئى ھۆرمەتلىك شەھرىيار ئالەم ، — دېدى سەيپۇل ، — مې-
نىڭ قىزنى قۇتقۇزۇشۇم ئىنسانپەرۋەرلىكتۇر ، ئىلتىپاتىڭغا كۆپ رەھمەت ،
ئەمما ئالدىمدا مۇشكۇلۇم باردۇر .
— ئى يىگىت ، مۇشكۇلۇڭنى بايان قىلغىن . ھەر ھاجىتىڭ بول-
سا ، ئاسان قىلغايمىز ، — دېدى پادىشاھ .
سەيپۇل ئېيتتىكى :
— ئى ھۆرمەتلىك شەھرىيار ، مېنىڭ مالىك ئىسىملىك بىر
ھەمراھىم بار ئىدى ، بۇ شەھەردە يوقاپ كەتتى . ئۇنى تېپىپ بەرسەڭ ،
ئاندىن كېيىن بىز ئۆز يولىمىزغا ماڭساق ، — دەپ مەقسەت ـ مۇددىئال-
رىنى باشتىن ـ ئاخىر بايان قىلدى . پادىشاھ ئاڭلاپ ئۇنىڭ ھالىغا ئىچ
ئاغرىتىپ ، مالىكنى تاپتۇرۇپ كەلدى . سەيپۇلنىڭ چۇشىدە كۆرگىنى
بويىچە نازىنىننىڭ سۇرىتىنى سىزدۇرۇپ ، ھەر بىر مۇئەككەللەرگە بىر-
دىن تۇتقۇزدى ، مۇئەككەللەر سەيپۇلنىڭ مەشۇقىنى ئىزدەپ ، بۇ شە-
ھەردىن ئۇنىڭدەك قىزنى تاپالمىدى . ئاقىۋەت ئىلاجسىز بولۇپ ، پادىشاھ
ئۇلارغا رۇخسەت بەردى ، سەيپۇل مالىك بىلەن باياۋانغا يۈز قويۇپ ،
جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇردى ، ئەمما ھېچ نىشان تاپالمىدى . مالىك
بولسا ، سەيپۇلنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ :
— ئى بۇرادەر ، كۇچۇڭنىڭ بارىچە تەلەپ يولىدا يۈگۈرۈپ
مەقسەت مەنزىلىگە يېتەلمىدىڭ . ئەمدى باياۋانلارغا سەپەر قىلساڭ ئاجىز-
لىقتىن ھالاك بولۇپ مەشۇقۇڭدىن مەھرۇم بولىسەن . ئىشىنىڭ ئەقەللىيسى
شۇكى ، سەن بۇ شەھەردە تۇرۇپ تۇرغىن . بۇ خىزمەتكە سەن ئۇچۇن
مەن بېرىپ ئىزدەپ باقسام ، ئېھتىمال مۇشكۇل ئىشىڭ ئاسان بولۇپ قالسا
ئەجەب ئەمەس ، — دېدى . سەيپۇلمۇ نۇرغۇن مۇشەققەتلەر ئازابىدىن
ئاجىزلاپ ، يۇرگۇدەك مادارى قالمىغانىدى . مالىكنىڭ سۆزىگە ئەمەل
قىلدى . مالىك سودىگەرچە ياسىنىپ ئۇل شەھەردە دۇكان ئاچتى . دۇ-
كانىنىڭ ھەممە تاملىرىغا مەشۇقىنىڭ سۇرىتىنى سىزىپ ، خەلقىنىڭ نەزە-
رىدە جىلۋىلەندۇردى . دۇكانغا كەلگەن خېرىدارلار ۋە ئۆتكەن ـ كەچ-
كەنلەر سۇرەتكە قاراپ ئۆتەتتى . مالىك بولسا ، ئۇل سۇرەتنىڭ ئىگىسىنى

سوراپ باقاتتى . مۇشۇنداق خېلى مەزگىللەر ئۆتتى .

بىر كۈنى دۇكانغا بىر مويسىپىت كىشى كېلىپ سۈرەتنى كۆرۈپ :

— ئى يىگىت ، بۇ سۈرەتنى تامغا ئېسىپ قويۇپسەن . بۇنىڭدىن قارىغاندا بىر غەرىزىڭ باردەك قىلىدۇ ، بۇنداق قىلىشتا مەقسىتىڭ نېمە ؟ — دەپ سورىدى . مالىك قاراپ ئۇل بوۋاينىڭ ناھايىتى ئەقىللىق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ :

— ئى ئەقىللىق بوۋا ، مەن ئۇنى ئۇزاقتىن بۇيان ئىزدەپ تاپالمايۋاتىمەن ، « كىشىلەر بۇ سۈرەتنى كۆرسە ، ئۇنىڭ كىملىكىدىن خەۋەر بېرەرمىكىن » دېگەن ئۈمىد بىلەن شۇنداق قىلدىم ، — دەپ جاۋاب بەردى . بوۋاي دېدىكى :

— ئى يىگىت ، بۇ سۈرەت ئىگىسىنىڭ ئىسمى مېھنبانۇدۇر . ئۇ بىر مەملىكەتنىڭ پادىشاھى . ئەقىل - پاراسەتلىك ، نازۇك تەبىئەتلىك ، خۇش چىراي ، خۇش چاقچاق ، قىزىقچى ، ئەدەپلىك ، ئوۋ قىلىشقا ئامراق بىر قىزكى ، جەمشىتتەك بەزمە قۇرۇپ ، كۈنىنى ئويۇن - تاماشا بىلەن ئۆتكۈزىدۇ . ئەركەكلەردىن پەرز قىلىپ ، ئۇلارنى يېنىغا يولاتمايدۇ . نەيزە بىلەن قوراللانغان قىرىق مىڭ خوتۇنلار خىزمىتىدە بەل باغلاپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭ مەملىكىتى تۆت ئەتراپى باياۋانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ، ئادەم ئەمەس ، بەلكى ئۇچارجانىۋارمۇ دان - سۇسىز ئۇل باياۋانغا قەدەم قويالمايدۇ . باياۋاندا دۆڭ - دېۋەنلەر ، دۆۋە - دۆۋە قۇم بارخانلىرى يول توسۇپ ، ئۇنىڭ مەملىكىتىنى تاش قەلئەدەك قوغداپ تۇرىدۇ . ئەگەر بىرەر كىشى باياۋانلاردىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ مەملىكىتىگە بارماقچى بولسا ، تاش تەشكۈچى نەيزە بىلەن قوراللانغان ئۇل خوتۇنلار ئۇنىڭ جىگەرلىرىنى پارە قىلىپ ، بېشىنى ئالىدۇ .

مالىك بوۋايدىن جان مەملىكىتىنىڭ شاھىنشاھىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، سەيپۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ خۇش خەۋەر يەتكۈزدى ۋە دېدىكى :

— ئى بۇرادەر ! خەۋەر بەرگۈچى بوۋاينىڭ تەرىپلىشىچە ، سەن ئىزدەۋاتقان مەشۇقتا ، خوتۇنلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ياخشى پەزىلەت-

لەرنىڭ ھەممىسى تولۇق ئىكەن . چۈنكى خوتۇن بولسا ـــ جىلۋىگەر ، ياسىمەن بەدەن ، ئاي يۈزلۈك ، مېھرىبان ، ناز ـ خۇلقىدا كامالەتلىك ، مېھراپقاش ، يۈرەكلىك ، ئىما ـ ئىشارەتنى بىلىدىغان ، كېلىشكەن ، يې-قىملىق ، ساۋاتى بار ، ياخشى سۈپەتلىك ، خۇشخۇي ، ساغلاملىق بىلەن بېزەلگەن ، ئىپپەت ـ نومۇسلۇق بولسا ، ئۇنىڭدىن ئەر كىشىگە بەخت كېلىدۇ .

خوتۇن خەق پاك ، گۈزەل ، خۇش خىسلەت بولسا ،
ئېرى بولىسمۇ نامرات ، گويا پادىشا .
ئەگەردە بولسا خوتۇن ئەسكى خۇيلۇق ،
سەلتەنەت تەختىمۇ دوزاختىن ئاشا .

ئەمـدى غـەم ـ غـۇسسە قىلمـا ، يىغىنـدۇركـى ، ئـۈمـدىڭ ھـاسىل بولۇر .

شۇنداق قىلىپ ، بۇلار ئول نازىنىننىڭ مەملىكىتىگە بېرىشنى ئىرادە قىلىپ ، ئايالچە كىيىم ـ كېچەكتىن بىرنەچچىنى تەييارلىدى . تەييارلىقنى پۈختىنا قىلىپ باياۋان تەرەپكە راۋان بولدى . بۇلار چۆلمۇ چۆل ، دەشتمۇدەشت ، ئەجەل بىلەن قول تۇتۇشۇپ مېڭىپ ، نەچچە كۈنلەردىن كېيىن تەنلىرى زەئىپلىشىپ ماگغۇدەك مادارى قالمىدى . ئا-شۇنداق يول يۈرۈپ ، گاھى دۈگجۈنۈپ ، گاھى پۈتلىشىپ ، كېتىپ باراتتى ، ئالدىغا بىر تۈپ دەرەخ ئۇچرىدى . دەرەخنىڭ تۈۋىدە بۇلاق بار بولۇپ ، ئۇنىڭ سۇلىرى خالىغان تەرەپكە ئېقىپ كېتىپ باراتتى . بۇ چۈش ۋاقتى بولۇپ ، ئاپتاپنىڭ ھارارىتىدىن ماگالماي ، سەيپۇل بىلەن مالىك ئول دەرەخنىڭ تۈۋىدە ، بۇلاقنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ ئارام ئالماقچى بولدى . سەيپۇل ئولتۇرۇپ ۋىسال ئىشقىدا زار ـ زار يىغلاپ :

ئۆرتىدى ھىجران مېنى باغرىمنى نارى ئىشتىياق ،
قالمىدى سەبرى ـ قارارىم ، تاقىتىم ھەم بولدى تاق .

خاھى ئۆلتۈر ، خاھى كۆيدۈر ، رازىدۇرمەن ئى سەنەم ،
يار ئۈچۈن پىدائىيدۇرمەن يولى بولسىمۇ يىراق .
ئۆتىدۇ ھالىم مېنىڭ يۈز ھەسرىتى ئارمان بىلەن .
ئىلتىپات قىلغىن ماڭا ، ئى نازىنىن قىلماي مازاق .
ئىزدىدىم ھەر دەم سېنى سەھرايى ـ چۆل يوللار كېزىپ ،
يول بويى ۋەسلىڭنى سوراپ ، تاپمىدىم خەۋەر بىراق .
تاپمىسام ئەگەر سېنى شۇل كۈن قىيامەتتۇر ماڭا ،
يارسىز ياشىغۇچە كۆيگەن دوزاختا ياخشىراق .
كۆيمىگەنلەر نېمە بىلۈر ھىجران ئوتىنىڭ دەردىنى ،
يار ئۈچۈن بىر ئاھ ئۇرۇش ، كۆكسىگە ئۇرماق مىڭ پىچاق .

دەپ نالە قىلىشقا باشلىدى . مالىك ئۇنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىپ بىتاقەت بولۇپ تۇرغاندى ، ئەجدىھادەك بىر يىلان ھەيۋەت بىلەن كېلىپ دەرەختكە چىقىپ سۇمۇرغ باللىرىنىڭ قەستىدە ماڭدى . سۇمۇرغنىڭ باللىرى بولسا يىلاننىڭ دەھشىتىدىن نالە قىلىشقا باشلىدى . سەيپۇل بىرىپ تىغ ئۇرۇپ يىلاننىڭ بېشىنى كېسىپ ، دەرەخنىڭ ئاستىغا تاشلىۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن سۇمۇرغنىڭ باللىرى ئۆلۈمدىن نىجاتلىق تېپىپ خاتىرجەم بولدى . سەيپۇل بىلەن مالىك ھەم دەرەخ تۈۋىدە ئۇخلاپ قېلىشتى . ناماز ئەسىر بولغاندا سۇمۇرغ باللىرىنىڭ لوقمىسى ئۈچۈن خىلمۇخىل يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كېلىپ ، ئۇۋىسىنىڭ ئاستىدا ئىككى ئادەمنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆردى ، كۆڭلىدە ئۇ : « ھەر يىلى مېنىڭ باللىرىمنى يەپ ئاپىرغانلىقى قويمىغانلار مۇشۇلار ئىكەن » دەپ ئويلاپ ، يوغان تاشنى كۆتۈرۈپ ئۇرماقچى بولۇپ تۇرغاندا ، پەرزەنتلىرى بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئانىسىغا مەلۇم قىلدى . سۇمۇرغ سەيپۇل بىلەن مالىكنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىدىن خۇشال بولۇپ ، تاشنى بىر تەرەپكە تاشلىۋېتىپ كېلىپ يىگىتلەرنى ئويغىتىپ ، كۆپ مېھرىبانلىقلار كۆرسەتتى . ئەكەلگەن نېمەتلەرنى سەيپۇل بىلەن مالىكنىڭ ئالدىدا قويۇپ :

— ئى يىگىتلەر ، مېنىڭ پەرزەنتلىرىمگە كۆپ ياخشىلىقلار قىلىپ ، ئۆلۈمدىن نىجاتلىق بېرىپسىزلەر . سىزلەرنىڭمۇ ھەر قانداق مۇشكۈلىڭىزلەر بولسا ، ئۇنى ھەل قىلىشقا مەن تەييار . ھەر قانداق گەپ - سۆزلەر بولسا ئېيتىڭىزلەر ، — دېدى .

سەيپۇل سۇمۇرغدىن بۇ قەدەر مېھرىبانلىقنى كۆرۈپ ، مەقسەت يولىنىڭ مۇددىئالىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى . سۇمۇرغ سەيپۇلنىڭ نالە - زارىنى ئاڭلاپ ئىچ ئاغرىتىپ :

— ئى سائادەتمەن يىگىت ، ئالدىڭىزدا مۇھىم ئىشلىرىڭىز تۇرۇپتۇ . كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇپ خاتىرجەم بولۇڭكى ، بۇگۈن ئاخشام بۇ ماكاندا قونۇپ قېلىڭ . ئەتىلىككە مۇشكۈلىڭىز ئاسان بولۇر ، — دېدى .

سەيپۇل سۇمۇرغنىڭ سۆزى بىلەن ئاخشىمى ئۇ يەردە قونۇپ كېچىنى ئۆتكۈزدى . ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەن سۇمۇرغ سەيپۇل بىلەن مالىكنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ ، مەشۇقىنىڭ مەملىكىتىگە قاراپ راۋان بولدى . كۈن ئولتۇرغاندا كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ بېرىپ ، سەيپۇل بىلەن مالىكنى ئۈستىدىن چۈشۈرۈپ قويۇپ ، قانىتىدىن بىر تال پەينى ئېلىپ سەيپۇلغا بېرىپ :

— بۇ پەينى ساقلاپ ، قاچان بېشىڭىزغا كۈن چۈشسە ، ياكى ئالدىڭىزدا بىرەر مۇشكۈلچىلىك پەيدا بولسا ، بۇ پەينى ئوتقا تاشلىسىڭىز مەن ھازىر بولۇپ ، سىزنى ئول مۇشەققەتتىن ئازاد قىلىمەن ، — دەپ ، سەيپۇلدىن رۇخسەت ئېلىپ ئۆز ئۇۋۇسىغا ياندى . سەيپۇل مالىك بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، ئايالچە ياساندى . ھەر ئىككىسى ئەلنەغمىدە ناھايىتى كامالەتلىك ئىدى . سازلىرىنى قولىغا ئېلىپ شەھەر تەرەپكە راۋان بولدى . بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ساقالسىز ، خۇش چىراي بولۇپ ، ھېچ كىشى ئەر ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلماس ئىدى .

شۇنداق قىلىپ ، بۇلار شەھەرگە كىرىپ بىر مەھەللىگە كەلدى ، قارىسا ، بىر مۇنچە پەرى سۈپەت خوتۇنلار جەننەتتەك بىر باغنىڭ ئىچىدە بەزمە قىلىپ . شاراب جامىنى ئايلاندۇرۇپ مەينىڭ مەستلىكىدە پەيزى

سۇرگىلى تۇرۇپتۇ . سەيپۇل بىلەن مالىكمۇ خوتۇنلار سۇرىتىدە بولۇپ ،
سازەندە سۈپىتىدە سورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى . سورۇندىكىلەر كۆردىكى ،
بۇ ئىككى ئايال بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرىگە ھېچ ئوخشىمايدۇ ؟
سورۇن ئەھلىدىن بىرسى سورىدىكى :
— ئى ئىككى مېھمان ! سىلەر نېمە ئادەم ۋە قەيەردىن كەل-
دىڭلار ؟ سىرتىڭلاردىن مۇساپىردەك كۆرۈنىسىلەر . بۇ كەمگىچە ھېچ-
قانداق سورۇندا كۆرمىگەن ئىكەنمىز . ئۆزۈڭلارنىڭ ئەسلى - نەسلىنى
بايان قىلىپ ، ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە ئاتاڭلارنىڭ نامىنى مەلۇم قىلىڭلار . سى-
لەرنىڭ ھالىڭلارنى ئەھلى سورۇن بىلىپ قالسۇن .
— ئى مەلىكىلەر ، — دېدى سەيپۇل ، — مېنىڭ نامىمنى دىلزە-
بىر دەپ ئاتايدۇ . بۇ دوستۇمنىڭ نامىنى زىبەربانۇ دەپ ئاتايدۇ . بىز
بولساق ھۆسنئاۋات شەھرىدىندۇرمىز . بۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ مۇسا-
پىرلارغا يېقىنلىق ۋە غېرىبپەرۋەرلىك داڭقى ئالەمگە تارقالدى . بىز ھەم
ئاڭلاپ ، تاۋاپ بوسۇغىسىغا ئىرادە قىلىپ ئۇزاق يوللارنى بېسىپ كۆپ
جەبىر - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ دىيارىڭىزلارغا يېتىپ كېلىپ ، خىزمەت-
لىرىڭىزلەرگە داخىل بولدۇق . ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىزلار ھۈنىرىمىزنى
كۆرسىتىپ باقساق ؟
مەجلىس ئەھلى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ رۇخسەت قىلدى . سەيپۇل
بىلەن مالىك سازلىرىنى قولىغا ئېلىپ « ئۇششاق » مۇقامىنى باشلىۋەت-
تى . ئۇلار نەغمىنى شۇنداق ساداغا كىرگۈزدىكى ، ئۇنىڭ مۇڭىغا پەلەكمۇ
تەھسىن - ئاپىرىنلەر قىلدى . ئۇندىن كېيىن سورۇنغا مۇناسىپ بىر
نەچچە غەزەللەر ئوقۇدى . بۇلارنىڭ سازلىرىنىڭ زوقىدىن بەزمە ئەھلى
خۇشاللىقتا گاھى كۈلۈپ ، گاھى يىغلاپ ، سورۇننىڭ بۇلۇڭ - بۇلۇڭلى-
رىدىن « ياشا! » دېگەن ئاۋازلار پەيدا بولدى . تاماشىچىلار ھېسابسىز
پۇل - دۇنيالارنى ئۆرۈدى . مىرئۋازلار ئايرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا قوي-
دى . بىر كەم بولغاندا سۆھبەت تۈگەپ دوستلار تارقىشىپ ، ئۆز جايلى-
رىغا يېنىشتى . دىلزەبىر بىلەن زىبەربانۇ ھەم بەزمىدىن تارقاپ ، ئۆزلى-
رىگە بىر ماكان تېپىپ شۇ يەردە قوندى .

مېھىنبانۇنىڭ سوفىيە ئاتلىق بىر ۋەزىرى بار بولۇپ ناھايىتى ئە-قىللىق ئىدى ، تەبىئىي ناراكەتتە ۋە ياخشى تەبىئەتتە ئۇنىڭ تەڭدىشى ھەم يوق ئىدى . ئۆمرىنى ساز بىلەن ئۆتكۈزگەن ، سەنئەتكە ھېرىسمەن ۋەزىر ئىدى . يۇرتقا ئىككى سازەندىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، ئەتىسى ئۇلارنى قىشىمغا ئېلىپ كىرىڭلار ، دەپ ئەمىر قىلدى . كېنىزەكلەر بې-رىپ ئۇلارنى تېپىپ كېلىپ سوفىيەنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى . سوفىيە بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئىككىسىنى نەغمىگە سالدى . بۇلار ھەم پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، سۆيگۈ غەزەللىرى بىلەن مۇزىكىنى شۇنداق چالدى-كى ، سورۇن ئەھلى مەست بولۇپ ھوشلىرىدىن كېتىشتى . شۇندىن باشلاپ سوفىيە ھەم ئۇلارنىڭ يېنىدىن بىردەممۇ ئايرىلالماس بولدى . ئۇزاق ئۆتمەي بۇلار يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى . نەچچە كۈنلەردىن كېيىن بۇ خەۋەر مېھىنبانۇنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ :

— سازەندىلەرنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەل ، — دەپ سوفىيەگە پەرمان قىلدى . سوفىيە نائىلاج بولۇپ ئىككىسىنى پادىشاھ مېھىنبانۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . سەيپۇل ھەم مۇشۇنداق كۈنگە ئىنتىزار ئىدى . پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئارزۇ قۇياشىنىڭ بىردىنبىر جامالىنى كۆ-رۈپ ئەقلىدىن ئېزىپ ، يەنە ھوشىغا كەلدى . مېھىنبانۇ سورىدىكى :

— ئى سازەندە ! نېمە ئۈچۈن تەمترەپ ھوشۇڭدىن كېتىسەن ؟

— ئى ئۇلۇغ شاھىم ، مەن ئۆمرۈمدە بۇنىڭدەك سەلتەنەت ھەشە-مەتلىرىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم . مىسلىسىز بۈيۈكلۈكنى كۆرۈپ ھايا-جاندىن ھوشۇمنى يوقاتتىم ، — دېدى سەيپۇل .

شۇنداق قىلىپ ، كۆپ سۆزلەردىن كېيىن « ناۋا » مۇقامىنى باشلىغانىدى ، ئىككىسىنىڭ نەغمىسى پەلەك بەزمىسىنىڭ گۈل - چې-چەكلىرىنى ئۇسسۇلغا دەسسەتتى . بەزمە ئەھلى نەغمە ھۇزۇرىدىن مەست - بىھوش بولۇپ ، پەرياد - پىغان كۆتۈرۈشتى . مېھىنبانۇ خۇشال بولۇپ . ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام قىلدى . بەزمە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ، قايسى ۋىلايەتتىن كەلگەنلىكىنى سورىدى . دىلزەبىر جاۋاب بېرىپ دېدىكى :

— ئى شەھرىيار ، كەمىنە بۇ ئىككى مۇساپىرىڭىزنىڭ تۇغۇلغان
ۋەتىنى شەھىرى ـ ياركەنتدۇر . رەئىبى مىسكۇنىنىڭ ھۇنەرۋەن ، كاسىپ-
لىرى ئول شەھەرنى نەغمە مەملىكىتىنىڭ ھۇنەر مەنبەسى بىلۇرلەر . مە-
لىكە مېھنىبانۇنىڭ ھۇنەرپەرۋەرلىكى ۋە غېرىبلارنىڭ غەمخورى ئىكەنلىكى
پۈتۈن ئالەمگە مەشھۇر بولۇپ ، بىزلەرگە ھەم يەتتى . شۇڭا خىزمىتى-
ڭىزگە داخىل بولۇشنى شەرەپ بىلىپ ئۇزاق يوللارنى بېسىپ مىڭلىغان
رەنج ـ مۇشەققەت بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ ، مۇرادىمىز ھاسىل بولدى .

مېھنىبانۇ دىلزەبىرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆپ رازى بولۇپ مېھ-
رىبانلىقلار كۆرسەتتى . ئىككىڭلار بۇندىن كېيىن ۋەزىرنىڭ خىزمىتىدە
بولۇپ ، ھەپتىدە بىر كۈن مېنىڭ خىزمىتىمگە كېلىڭلار ، دەپ قايتۇردى

شۇنىڭدىن كېيىن دىلزەبىر بىلەن زىبەربانۇ ئىككىسى ۋەزىر
سوفىيەنىڭ ئالدىدا ھەر كۈنى نەغمە قىلىپ كۆڭلىنى شادلاندۇردى .
سوفىيەنىڭ ھەم ئىشەنچىسى ئېشىپ ، مېھرىبانلىقلار كۆرسىتىپ ، ئۆز ئا-
دەم دەپ بىلدى . بىر كۈنى دىلزەبىر قارىسا ، سوفىيەنىڭ كەيپى ناھايىتى
خۇشال كۆرۈندى ، دىلزەبىر تەزىم قىلىپ تۇرۇپ :

— ئى ۋەزىر ئەزەم ، بەندىڭىزنىڭ سىزگە بىر ئەرزى بار ئىدى ،
ئەگەر رۇخسەت بولسا بايان قىلسام ؟ — دېدى . سوفىيە ھەم رۇخسەت
قىلدى .

— ئى ۋەزىر ئەزەم ، — دېدى دىلزەبىر ، — خۇدايىتائالا ئەزەلدە
ئەر بىلەن ئايالنى جۈپ ياراتقان تۇرسا ، نېمە ئۈچۈندۇر مېھنىبانۇ ئۆزىنى
ئەرلەردىن قاچۇرۇپ يۈرىدىكەن . سەن ئەگەر مېنى ئۆز ئادەم دەپ بىل-
سەڭ ، بۇ ۋەقەنىڭ ھەقىقىتىنى سۆزلەپ بەرسەڭ ؟

— ئى دىلزەبىر ، دۇنيادىكى ھەر قانداق سىرلىق ئىشلار توغرى-
سىدا سورىساڭ سۆزلەپ بېرەي ، ئەمما بۇ ئىش توغرىسىدا سۆزلەشكە
ئاجىزلىق قىلىمەن . سەن ھەم بۇنىڭدەك دەۋادىن ئۆتۈپ ، مېنى خىجىل
قىلمىغىن ، — دېدى ۋەزىر .

— ئى ۋەزىر ، سېنى دەپ ۋەتىنىمدىن كېچىپ بوسۇغاڭغا باش
قويۇپ كېلىۋاتقان بىر خىزمەتچىدىن بىر كەلىمە سۆزنى يوشۇرغان

بولساڭ ، مەنمۇ سېنى بىلىپ قويدۇم ، ــــ دەپ كۆز ياش قىلدى . سوفىيە بۇنى كۆرۈپ :

ــــ ئى دىلزەبىر ، بۇ ئىشنىڭ سىرىنى مەنمۇ بىلمەيدىكەنمەن . بىرنەچچە كۈن تاقەت قىلغىن . بۇ سىرنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىپ ئاندىن كېيىن جاۋاب بېرەي ، ــــ دەپ مۆھلەت ئالدى .

شۇنداق قىلىپ ، بىر ئاخشىمى سوفىيە مېھنبانۇ بىلەن بەزمىدە ئولتۇردى ، شارابنىڭ كۈچىدىن مېھنبانۇ مەست بولدى . سوفىيە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ :

ــــ ئى پادىشاھ ئالىيلىرى ، بىر ئېغىز سوئالىم بار ئىدى . سوراي دېسەم غەزەپلىرىدىن قورقىمەن ، ــــ دېدى . مېھنبانۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى :

ــــ سۆزلە ، گۇناھىڭ بولسا ئۆتتۈم ، ــــ دەپ رۇخسەت قىلدى .

ــــ ئۇنداق بولسا ، ــــ دېدى سوفىيە ، ــــ شۇنداق بىر ئىش خىيالىمغا كېلىۋالدى : « مېھنبانۇ ئالىيلىرى شۇنچە ئەقىللىق تۇرۇپ ، ئاللاتائالانىڭ ئادەملەرنىڭ ئۆزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن خوتۇنلارنى ئەرلەرگە يارىتىپ بەرگەنلىكىنى بىلمەمدىغاندۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ئەرلەردىن ئۆزىنى شۇنچە چەتكە ئالىدىغاندۇ ؟ بۇ نېمە ئۈچۈندۇر ؟ » دەپ ئويلاپ ، بۇنىڭ ھەقىقىتىگە يېتەلمىدىم . بۇ ھەقتە مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ ، خىرە كۆڭلۈمنى روشەن قىلغايلا .

ــــ ئى سوفىيە ، ــــ دېدى مېھنبانۇ ، ــــ سەن بۇ سوئالنى سوراپ قالدىڭ . سورىمىغان بولساڭ ئوبدان بولاتتى ، ئەمما ۋەزىر بولغانلىقىڭ ئۈچۈن مەن ھەم ئامالسىز بولدۇم . بۇ ئىشنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرىمەن ، لېكىن مەخپىيەتلىك ئاشكارىلىنىپ غەيرىيلەرنىڭ بىلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىسام شۇئان سېنى ئۆلتۈرىمەن . ئاگاھ بولغىنكى ، ياراتقۇچى ئىگەم ئەڭ ئاۋۋال مېنى بىر قارچىغا سۈرىتىدە ياراتتى . مەن چوڭ بولۇپ ، بىر ئەركەك قارچىغا بىلەن جۈپ بولۇپ ، نەچچە ئۇۋا بالا چىقاردۇق . بىر كۈنى بىزنىڭ ئۇۋىمىز بار تاغدىكى ئورمانغا ئوت كېتىپ ، ئوت ئەتراپىمىزنى ئوت قاپلىدى . باللىرىمىز كىچىك ، قانات ـ قۇيرۇقى

يىتىلمىگەچكە ئۇچالمايتتى . ئوت بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى . مېنىڭ باللىرىمنى تاشلاپ كەتكۈم كەلمەي ، ئۇنى قۇتقۇزۇشقا تىرىش-تىم ، ئەمما چارە قىلالمىدىم . ئاخىر ئەركىكىمنى ياردەمگە چاقىرىپ : بىرنى سەن كۆتۈرگىن ، بىرىنى مەن كۆتۈرەي ، باللارنى قۇتقۇزۇپ قالايلى ، دەپ ھەر قانچە يالۋۇرساممۇ ئۇنىماي :« بالا بەلدە ، خوتۇن يولدا » دەپ ئۇچۇپ كەتتى . مەن پەرزەنتلىرىم بىلەن ئوتنىڭ ئىچىدە قېلىپ كۆيۈپ كەتتىم . ياراتقۇچى ئىگەم مېنىڭ پەرزەنتلىرىمنى دەپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىمنى نەزەرگە ئالسا كېرەك . ئىككىنچى قېتىم ئادەم سۈرىتىدە يارىتىپ ، بۇ ھۆسن ـ جامال ، ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلدى ، مەرتىۋەمنى يۇقىرى قىلىپ ، بىر مەملىكەتكە پادىشاھ قىلدى . جانۋار سۈرىتىدە يارالغاندا ئەركىكىمدىن شۇنچە ۋاپاسىزلىقنى كۆردۇم . ئەمدى ئادەم سۈرىتىدە يارالغاندا ، ئەرلەردىن تېخىمۇ ۋاپاسىزلىقلارنىڭ كېلىدىـ غانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىپ « ئەركەكلەر شۇنداق ۋاپاسىز بولىدىغان بولـ سا ، ئۆمۈر بويى تەنھا ئۆتكەيمەن » دەپ ئەركەكلەردىن ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم .

سوفىيە بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ ، مەخپىيەتلىكنى ئاشـ كارىلاپ ، ئاڭلىغانلىرىنى دىلزەبىرگە سۆزلەپ بەردى . دىلزەبىر خۇشال بولۇپ « نەچچە كۈنلەردىن كېيىن ۋەتىنىمگە بېرىپ ئاتا ـ ئانامنى كۆـ رۈپ كەلسەم ئىكەن » دەپ سوفىيەدىن رۇخسەت ئالدى ، سەيپۇل بىلەن مالىك يولغا چىقىپ بىر ئۆتەڭگە چۈشۈپ نەغمە ئەسۋابلىرىنى تاشلاپ ، سۇمۇرغنىڭ پېيىنى ئوتقا سالدى . شۇئان سۇمۇرغ پەيدا بولۇپ سەيپۇل بىلەن مالىكنى كۆتۈرۈپ مېھىنبانۇنىڭ مەملىكىتىدىن چىقىپ بىر جاڭـ گالغا كەلتۈرۈپ قويدى . بۇ جاڭگالنىڭ تۆت ئەتراپىدا مەھەللە بار ئىـ دى . سەيپۇل شاھانە كىيىملەرنى كىيىپ ئولتۇردى . مالىك بېرىپ بىر نەچچە شجائەتلىك پەھلىۋان يىگىتلەرنى تېپىپ كەلتۈرۈپ ، سوفىيە بەرگەن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى بېرىپ سەيپۇلغا نۆكەر قىلدى . بۇلارـ نىڭ ھەممىسىنى ئالتۇن لىباسلار بىلەن كىيىندۈرۈپ ، سەيپۇلنىڭ يۈزىگە نىقاب تارتتى .

شۇنداق قىلىپ ، بۇلار سۇمۇرغقا مىنىپ ، ئاخشىمى مېھىنبانۇنىڭ
شەھىرىگە كېلىپ بىر باغقا چۈشتى . بۇ باغ مېھىنبانۇنىڭ خاس بېغى
ئىدى . بېرىپ مېھىنبانۇنىڭ تەختىدە ئولتۇردى . ئەتىسى تاڭ ئاتتى . بۇ
باغنىڭ مۇئەككەللىرى گۈلبەدەن نازىنىنلار ئىدى . كۈندىكى ئادىتى بو-
يىچە گۈل تېرىش ، باغنى زىننەتلەش ئۈچۈن نەچچە يۈز نازىنىن كېنى-
زەكلەر قەسىردىن چىقىپ باغ يوللىرى بىلەن سەيلە قىلىپ بىر كۆلنىڭ
بويىغا كەلسە ، شاھانە كىيىملەر بىلەن بېشىغا پادىشاھلىق تاجىنى تاقى-
غان بىر يىگىت مېھىنبانۇنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئېسىل
لىباسلەر كىيگەن بىر قانچە يىگىتلەر قول باغلاپ خىزمىتىدە تۇرۇپتۇ .
قىزلار بۇنى كۆرۈپ ، « بۇ يەرگە ئەركەكلەر كېلەلمەيتتى ، بۇلار قانداق
كەلگەندۇ ؟ » دەپ ئويلاپ تۇرغانىدى ، مالىك يىگىتلەرگە ئىشارەت
قىلدى . يىگىتلەر ھەممە كېنىزەكلەرنى باغلاپ قويدى ، بىر قىزنى قەس-
تەن قاچۇرىۋەتتى . ئۇ مېھىنبانۇنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ، يۈز بەرگەن ۋە-
قەنى باشتىن ـ ئاخىر بايان قىلدى . مېھىنبانۇ بۇ سۆزنى ئىشىتىپ پەرى-
شان بولۇپ سوفىيەنى كەلتۈرۈپ :
— دىلاۋەر پەھلىۋانلاردىن بىر نەچچىنى ئاپىرىپ ، ئۇل ياۋۇزلانى
تۇتۇپ زىندانغا تاشلاپ ، ھەر كۈنى بىرىنى ئىلىپ چىقىپ ئازاب ـ ئۇ-
قۇبەت بىلەن ئۆلتۈرۈپ ، ئۆزگىلەرگە ئىبرەت قىلىڭلار ، — دەپ ئەمىر
قىلدى . ۋەزىر دېدىكى :
— ئى شەھرىيار ئالەم . مەن بېرىپ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى
ئۇقۇشاي . ئۇلار نەدىن كەلدى ، نېمە ئۈچۈن كەلدى ؟ بىزگە مەلۇم
بولسۇن . ئۇلار كېلىپ يۈزلىگەن بىگۇناھلارنى باغلاپ قويدى . بۇ ۋىلا-
يەتنىڭ ئەتراپى مىڭ پەرسەخ باياۋان چۆللۈكتۇر ، بۇ يەردىن ھېچكىم
ئۆتەلمەيتتى ، بۇلار قانداق ئۆتكەندۇ ؟ شەھەر ئەتراپىدا پاسىبانلىقتا
تۇرغان پەھلىۋانلار توسىمىغاندىمۇ ؟ خاس باغدا كېچە ـ كۈندۈز مۇ-
ئەككەللەر تۇرسا ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن قانداقمۇ ئۆتكەندۇ ؟ بۇ سوئاللارغا
جاۋاب تاپماقنىڭ ئۆزى بىر ھېكمەتتۇر . بۇنىڭ ئىچىدە ناھايىتى مۇھىم
بىر سىرنىڭ بارلىقى مەلۇم . ئاۋۋال مۇشۇ ئىشلارنى تەھقىقلەپ ، ئاندىن

ئش كۆرسەك ئوبدان بولارمكن .

مېھنبانۇ سوفىيەنىڭ سۆزلرىگە ماقۇل بولۇپ ، بىر كىشنى ئەھۋالنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەلچىلىككە ئەۋەتتى . ئەلچى باغنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە سەيپۇلنىڭ يىگىتلىرى ئۇلارنى باغنىڭ ئىچىگە كىرگۈزمەي تۇرۇپ :

— سىلەرنىڭ كىرىشىڭلارغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ . باغقا كەلگەن بۇ يىگىت بولسا ، ھۆسنئاۋات شەھرىنىڭ شاھزادىسىدۇر . ئۇ خوتۇنلار تائىپىسىگە ئاداۋەت قىلىغانلىقتىن ، قەيەردە كىشى كۆرسە ، شۇ يەردىلا ئۆلتۈرىدۇ . « خوتۇن كىشى كۆزۈمگە چېلىقىپ قالمىسۇن » دەپ يۈزىگە نىقاب تارتىپ يۈرىدۇ . ئۇنىڭ لەشكىرى سۇمۇرغدۇر . قەيەرگە بېرىشنى ئىختىيار قىلسا ، سۇمۇرغقا مىنىپ بارىدۇ . بۇ نۆۋەت ئۇ بۇ شەھەرگە بىر خوتۇن كىشى پادىشاھ ئىكەن ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ ، ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن كېلىپ بۇ باغقا چۈشتى . مىنىپ كەلگەن سۇمۇرغقا پەرمان قىلىپ ، جاھاندىكى تامام سۇمۇرغ لەشكەرلىرىنى يىغىپ كەل دەپ ئەۋەتتى . ئۇلار كەلگەندىن كېيىن پادىشاھ باشلىق تامام خوتۇنلارنى ئۆلتۈرۈپ ، ئەرلەردىن بىر پادىشاھ تەيىنلەپ بېرىپ ، ئاندىن ئۆز ۋىلايىتىگە ياناقچى . سەن تېز قايتمساڭ ، سەندەك بىر خوتۇننىڭ كەلگەنلىكىنى بىلسە ، ھازىرلا ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ ، قاراپ تۇرماي ئارقاڭغا يېنىپ ، تېزراق جېنىڭنى قۇتقۇزۇۋال ، — دەپ قايتۇردى .

ئەلچى بېرىپ ئاڭلىغانلىرىنى مېھنبانۇغا مەلۇم قىلدى . مېھنبانۇ ئاڭلاپ كۆپ ئەندىشىلەر قىلىپ ، ئەلچىلىككە ۋەزىرنى ئەۋەتتى . سوفىيە باغنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ :

— ئى يىگىتلەر ، مەن مېھنبانۇنىڭ ۋەزىرىدۇرمەن . شاھزادىگە : ۋەزىر كەپتۇ ، دەڭلار ، ئەگەر ئۆزى كەلمىسە ۋەزىرنى ئەۋەتسۇن . دەيدىغان سۆزلىرىم بار ، — دېدى .

مۇلازىملار بېرىپ سوفىيەنىڭ سۆزلىرىنى سەيپۇلغا مەلۇم قىلدى . سەيپۇل مالىكنى ئەۋەتتى . مالىك چىقىپ ۋەزىرنى سەيپۇلنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى . سەيپۇل مالىككە چالۋاقىغان بولۇپ :

— ئى ۋەزىر زادە ، مېنىڭ خوتۇنلارغا ئۆچ ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ ، ئۇنى ئۆلتۈرمەي نېمە ۋەجىدىن ئالدىمغا باشلاپ كەلدىڭ ؟ — دەپ قەھرى قىلدى . مالىك :

— ئى شاھزادە ، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق ، — دەپ جىم تۇردى . سەيپۇل ئەلچىگە قاراپ :

— سۆزۈڭنى تېز ئېيت ! — دېدى . ئەلچى دېدىكى :

— ئى شاھزادە ، ئاڭلىشىمىزچە ، سىز خوتۇنلار تائىپىسىدىن نەپرەتلىنىپ يۈزىڭىزگە نىقاب سالغانىكەنسىز . مېھىنبانۇ بولسا ، ئەرلەر تائىپىسىدىن نەپرەتلەنگەندۇر . شۇڭا بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ : « بۇ ئەكسى ئىشنىڭ دەلىلىنى كۆرسەتسۇن ، بولمىسا ، بۇنىڭدەك قاملاشمىغان قىلىقنى تاشلىسۇن » ، دەپ ئەۋەتتى . مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزگىلى كەلدىم .

— ئۇ راست ئېيتىدۇ ، — دېدى سەيپۇل ، — ئەگەر دەلىلنى ئىشتىمەك خىيالى بولسا ، ئۆزى بىۋاسىتە كېلىپ ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىسۇن .

سوفىيە كېلىپ ئىشتىكەنلىرىنى مېھىنبانۇغا بايان قىلدى . بۇلار مەسلىھەت بىلەن ھەممە ئەمىر ـ ئەمرالىرىنى ئېلىپ باغقا بېرىپ بىر تەرەپتە سورۇن تۈزەپ ، سەيپۇلغا خەۋەر قىلدى . سەيپۇل مالىك بىلەن ، مېھىنبانۇ سوفىيە بىلەن تۆت كىشى بىر يەرگە ئايرىم جەم بولدى . سەيپۇل سۆز باشلاپ ، سوفىيەدىن ئاڭلىغان مېھىنبانۇنىڭ قىسسىسىنى ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشىگە ئايلاندۇرۇپ ئەينەن بايان قىلىپ ، ئاخىرىدا :

— مەن ئىككى پەرزەنتىمنى دەپ ئوتتا كۆيۈپ كەتتىم ، جۈپتۈم بولسا ، باللىرىم بىلەن مېنى ئوت ئىچىدە تاشلىۋېتىپ كەتتى . خۇدايىتائالا مېنى ئىككىنچى نۆۋەت ئادەم سۈرىتىدە ياراتتى . يەنە بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھلىقىنى نېسىپ قىلدى . ئۆز ۋاقتىدا جۈپتۈمدىن ۋاپاسىزلىقنى كۆرۈپ : « مۇندىن كېيىن خوتۇن ئالمايمەن . خوتۇن كىشىنى كۆرگەنلا جايدا ئۆلتۈرىمەن » دەپ ئەھدى قىلغانىدىم . شۇ سەۋەبتىن بۇ جايغا كەلدىم ، — دەپ سۆزىنى تامام قىلدى .

مېھنبانۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بىلدىكى ، ئۇنىڭ دېگەنلىرى ئۆز بېشىغا چۈشكەن ۋەقە ئىكەن . بۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئېرى شۇ ئىكەن ، ئەمما ھەممە بېۋاپالىقنى خوتۇنىغا ئىتتىرىپ قويۇپتۇ . بۇنى ئاڭلاپ دەر-غەزەپ بولۇپ :

— ئى نائىنساپ يالغانچى ، بۇ سىردىن ياراتقۇچى ئىگەم ئۆزى ئاگاھدۇر . نېمە ئۈچۈن يالغان سۆزلەپ ئۆزۈڭنى گۇناھسىز كۆرسىتىپ ، ھەممە گۇناھنى ماڭا ئارتىپ كىشىنىڭ قېشىدا مېنى شەرمەندە قىلىسەن ! گۇناھ سەندە بولماي ، قانداقمۇ مەندە بولسۇن ، — دەپ ئورنىدىن تۇردى . سەيپۇل بولسا ، گۇناھنى ئۇنىڭغا ئارتىشقا تىرىشتى . شۇنداق قىلىپ ، بۇلار كۆپ مۇنازىرىلەردىن كېيىن پەسكويغا چۈشتى . ئاچچىق-لىرى چىقىپ ھەر ئىككىسى يۈزلىرىدىكى نىقابلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ بىر - بىرىنىڭ جامالىدىن بەھرىمەن بولۇشتى . مېھنبانۇ سەيپۇلنىڭ جاما-لىنى كۆرۈپ جان - دىلى بىلەن ئاشىق بولدى . غەزەپلىرى خۇشاللىق بىلەن ئالمىشىپ ، شاھلىق تاجىنى سەيپۇلنىڭ بېشىغا كىيدۈردى . دۆلە-تىنى ھەم تاپشۇردى . ئۆز شەھىرىنىڭ ئادىتى بويىچە تامام شەھەر خەل-قىگە توي بېرىپ ، سەيپۇل مېھنبانۇنى نىكاھىغا ئالدى . سوفىيەنى ما-لىككە نىكاھلاپ بەردى . سەيپۇل پادىشاھ ، مالىك ۋەزىر بولۇپ مەملە-كەتنى ئىدارە قىلدى . مۇشۇنداق بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا كىشى ئەۋەتىپ ئاتىسى سالىھ زەرگەرنى ۋە ئاپىسى ھەم قېرىنداشلىرىنى ئالدۇرۇپ كەلدى . مالىكنىڭ ئاتا - ئانا ، يېقىنلىرىنى ھەم ئېلىپ كېلىپ شاد - خۇرام ئۆتتى .

# خارلانغان باينىڭ ھېكايىسى

رىۋايەتلەردە ھېكايە قىلىنىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا بىر باي كىشى ئۆتكەن بولۇپ، پۇل ـ مېلىنىڭ سانى ھېسابسىز ئىدى. ئۇنىڭ بايلىق نامى مەملىكەتتە مەشھۇر بولۇپ، داڭقى ئالەمگە پۇر ئىدى. بىر كۈنى باي خوتۇنىغا مەسلىھەت سېلىپ:

— ھەي خوتۇن، بىزدە مال ـ دۇنيا ھېسابسىز تۇرۇپتۇ، مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈپ خالىغانچە بۇزۇپ ـ چاچساقمۇ تۈگىتىپ بولالمايمىز. خۇدا بەرگۈسى كەلسە، مۇشۇنداق بېرىۋېتىدىكەن. بىز بولساق قېرىپ كەتتۇق، بۈگۈن، ئەتىلىكىمىز قالدى. بار ئوقەتلىرىمىزنى ئۈچ ئوغلىمىزغا بۆلۈپ بېرىپ، ئۆزىمىزگە يەتكۈدەكلا ئېلىپ قالساق قانداق؟ — دېدى.

خوتۇن دېدىكى:

— ھەي ئەخمەق، نادانلىق قىلما. بىر ئاتا ئون بالىنى باقىدۇ، لېكىن ئون بالا بىر ئاتىنى باقالمايدۇ. بايلىق ئىنسانىنى رەھىمسىز قىلىۋېتىدۇ، بايلىقنىڭ مەنبەسى پەسكەشلىكتۇر. پۇلدارلار بايلىقنى ئادەمگەرچىلىكنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ. بىر سودىگەر بىلەن قىرىق يىل دوست بولۇپ، سودا ئۈچۈن ئالدىغا بارساڭ، بىر تىيىن ئۈستىدە باھا تالىشىپ، سودىدىن يانىدۇ. سەن بۇ بايلىقتىن مەغرۇرلانما، خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن بۇ مال ـ دۇنيالىرى، بىزگە بىرەر خورلۇق ئېلىپ كېلەرمىكىن دەپ قورقىمەن. قولدا بارنى بالىلارغا بۆلۈپ بەرسەڭ، ئۇلار ئارىسىدا ئۆزئارا ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىپ قويىسەن، بىرسى ـ بىرسىنى كۆرەلمەي، « ساڭا جىق بەردى، ماڭا ئاز بەردى » دېيىشىپ، ئاخىرىدا بىزدىن نارازى بولىدۇ. ئىككىنچىسى، ھەممىنى بالىلارغا بېرىۋېتىپ بىز

ئۆلسەكقۇ ئۆلدۇق ، ئەگەر ئۆلمەي قالساق « ۋاپاسىز ئۈچ ئوغۇلنىڭ ھې-
كايىسى » بىزنىڭ بېشىمىزغا كېلىپ قالمىسۇن دەيمەن .

— ھەي خوتۇن ! بىزنىڭ ئوغۇللىرىمىز مېھرىبان پەرزەنتلەر-
دىندۇر . سەن دېگەن ۋاپاسىز ئۈچ ئوغۇل قانداق بولغانىكەن ؟ بايان
قىلغىن ، ئاڭلاپ باقاي ، — دېدى باي .

شۇنداق قىلىپ ، خوتۇن ھېكايىسىنى باشلىدى :

## ۋاپاسىز ئۈچ ئوغۇل ھېكايىسى

— بۇرۇنقى زاماندا ساڭا ئوخشاش بىر باي ئۆتكەنىكەن ، —
دەپ ، ھېكايىسىنى باشلىدى خوتۇنى ، — ئۇ باينىڭ پۇل - ماللىرى نا-
ھايىتى كۆپ ئىكەن . ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار بولۇپ ، ئاتا - ئانىسىنى
كۈندە نەچچە نۆۋەت يوقلاپ تۇرىدىكەن . ئاتىسى ئوغۇللىرىنىڭ مېھرى-
بانلىقىدىن سۆيۈنۈپ ، ھەر قېتىم كەلگەندە پۇل بەرمەي ياندۇرمايدى-
كەن ، يىللارنى مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈپ ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن باي
ئەر - خوتۇن ئىككىلىسى قېرىپ ئاجىزلاشقا باشلاپتۇ . بىر كۈنى موماي
ئېرىگە مەسلىھەت سېلىپ :

— بىز قېرىپ ئىككى پۇتىمىز گۆرگە ساڭگىلىدى . كۆزىمىزنىڭ
ئوچۇقلۇقىدا بار دۇنيالىرىمىزنى ئوغۇللىرىمىزغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرەيلى .
ئەمدى بىزگە دۇنيانىڭ نېمە ھاجىتى ؟ ئۆزىمىز ئازراقلا ئېلىپ قالايلى ،
تۈگەپ كەتسە ئوغۇللىرىمىز بېرىدۇ ، — دەپتۇ .

باي ھەم خوتۇنىنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ :

— راست دەيسەن خوتۇن ، شۇنداق قىلايلى ، — دەپ قولىدا
بار ئوقەتلىرىنى يەر - زېمىنلىرىغىچە ئۈچ ئوغۇلغا تەقسىم قىلىپ بېرىپ ،
ئۆزلىرى ئازراقلا نەرسە بىلەن قاپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ، ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتۈپتۇ . ئەمما باي بىلەن
خوتۇنى ئۆلمەپتۇ . قولىدا بار پۇل تۈگەپتۇ . پۇل تۈگىگەندىن كېيىن
مېھرىبان ئوغۇللارنىڭ ھېچقايىسى كەلمەپتۇ . بوۋاي بىلەن موماي غۇر-
بەتچىلىككە قېلىپ ، بالىلىرىنىڭ يولىغا قاراپتۇ ، بالىلىرى بولسا ، بىرەر

قېتىم يوقلاپمۇ قويماپتۇ . قولىدا بارنى بېرىپ قويۇپ ، ئەمدىلىكتە قانچە پۇشايمان قىلسىمۇ ئورنىغا كەلمەپتۇ . ئاقىۋەت ، بوۋاي بىر چارە ئويلاپ تېپىپ ، كىچىككىنە بىر ساندۇق ياساپتۇ ، بىر ئۆچكىنىڭ مۇڭگۈزىگە خەت يېزىپ ئۇنىڭ ئىچىگە ساپتۇ . نەگىلا بارسا ، ئاشۇ ساندۇقنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپتۇ . كىشىلەر ئۇنىڭدىن : بۇ نېمە ؟ دەپ سورىسا ، بوۋاي : بۇ دۇنيالىق ۋە ئۇ دۇنيالىق راھەت ـ پاراغىتىم بۇ ، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . بۇ خەۋەر پات ئارىدا ئەھلىمەھەللىگە تارقاپ ، ئوغۇللىرىغا يېتىپتۇ . ئوغۇللىرى بولسا ، ئىشلىمەي تاپقان پۇلنى بۇزۇپ ـ چېچىپ تۈگىتىپ تۇرغاندا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ : « ئاتىمىزدا پۇل تېخى تۈگىمەپتۇ » دەپ ئويلاپ ، ئاتىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ قارىسا كىشىلەر دېگەندەك ئاتىسىنىڭ قۇچىقىدا بىر ساندۇقچە تۇرۇپتۇ . بۇنى كۆرگەن ئوغۇللار شۇئان مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ ، ئالدىدا مەن باقىمەن ، ئالدىدا مەن باقىمەن دەپ تالىشىپ يۈرۈپ ، بوۋاي بىلەن ھومايىنى ياخشى بېقىپتۇ . مۇشۇنداق نەچچە يىللار ئۆتۈپ ، ئالدىدا موماي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ ، ئاخىردا بوۋاي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ . ئوغۇللىرى ئاتىسىنى دەپنە قىلىپ بولۇپ ساندۇقنى ئاچسا ، ئىچىدىن بىر دانە تېكىنىڭ مۇڭگۈزى چىقىپتۇ . ئۇنىڭغا : « كىمكى ئۆلمەي تۇرۇپ ئوقەتلىرىنى بالىلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرسە ، خۇددى ماڭا ئوخشاش خارلىقتا قالىدۇ » دېگەن خەت يېزىلغانىكەن ، بۇنى كۆرۈپ ئوغۇللىرى قىلغان ۋاپاسىزلىقىدىن خىجىل بولۇپتۇ ، جامائەت ھەم ئىبرەت ئېلىپ ، ئۆزلىرىگە ساۋاق قىپتۇ .

مەن بۇ ھېكايىنى شۇنىڭ ئۈچۈن مىسال قىلدىمكى ، بىزمۇ بار ئوقەتنى بالىلارغا بېرىۋېتىپ ، بالىلار بىزدىن خەۋەر ئالماي ، ئاخىردا خارلىقتا قالمايلى ، — دەپ ھېكايىسىنى تاماملىدى . باي دېدىكى :

— ھەي خوتۇن ، سەن بىھۇدە گۇمان قىلىدىكەنسەن . سېنىڭ دېگەنلىرىڭ راست . ئەمما بىزنىڭ ھاياتلىقىمىزدا بېيىۋالمىسا ، بىزدىن كېيىن قالغاندا قانداق كۈننى ئالىدۇ ؟

— ھەي ئەخمەق ، — دېدى خوتۇنى ، — ئۆزى تاپمىغان پۇلنىڭ قەدرىگە قانداقمۇ يەتسۇن ؟ بىزنىڭ بايلىقىمىز نۇرغۇن جەبىر ـ

مۇشەققەتلەر بەدىلىگە كەلگەندۇر . ئوتتا كۆيۈپ ، سۇدا ئېقىپ دېگەندەك تەستە تاپقان ئوقەتنى باللارغا تەقسىم قىلىپ بېرىۋەتسەك ، بىكارغا كەلگەن پۇلنىڭ قەدرىگە يەتمەي خالىغانچە بۇزۇپ ـ چېچىپ تۈگىتىپ ، ئۆزى دان تېرىپ يېيەلمەيدىغان قەپەستىكى قۇشقاچتەك قىلىپ قويىما- سەن ؟ پۇلغا ئۆگەتكەن پەرزەنت ئاتىسىدىن ئايرىلسا قەلەندەرچىلىك كۈنىگە قالىدۇ . سېنىڭ باللارغا پۇل تەقسىم قىلىپ بېرىمەن دېگىنىڭ كۆيۈنگەنلىك ئەمەس ، بەلكى نابۇت قىلىشتۇر . باللارغا پۇل بېرىشنى ئەمەس ، كەسىپ بېرىشنى ئادەت قىلىش لازىم . « ھۈنەر ، قىلسا ئۈنەر » دېگەن سۆز بار . قولىدىن ئىش كەلمىسە ، ئۈنىڭغا پۇل بېرىپ بېيىتىپ بولالمايسەن . سەن كۆپنى كۆرگەن بولساڭمۇ ، باغۋەننىڭ ھېكايىسىدىن تەلىم ئالمىغانىكەنسەن .

— ھەي خوتۇن ! باغۋەننىڭ ھېكايىسى قانداق بولغانىكەن ؟

شۇنداق قىلىپ ، خوتۇن ھېكايىسىنى باشلىدى :

## باغۋەننىڭ ھېكايىسى

ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋەر بەرگۈچى رىۋايەتچىلەرنىڭ بايان قى- لىشىچە : بۇرۇنقى زاماندا بىر باغۋەن ئۆتكەن بولۇپ ، پۇل ـ ماللىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن . ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بار بولۇپ ، ئۇنى « يالغۇز ئوغۇل » دەپ ئەتىۋارلاپ بېقىپ نېمە دېسە ، شۇنى بېرىپ ، بەتخەج قى- لىپ قويۇپتۇ . ئوغۇل ئىش بار يەرگە يېقىن بارمايدىكەن ، ئەمما ئاتىسىنى پۇل بەرگىن ، دەپ كۈندە قىستايدىكەن . شۇنداق قىلىپ ، باغۋەننىڭ پۇللىرى تۈگەپتۇ ۋە شۇ خاپىلىقتا ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ . ئوغلىنىڭ ئۆزى پۇل تېپىشنى بىلمەي ، ئاتىسىدىن ئەسلى ئالالماي ،نېمە قىلىشنى بىلەل- مەي تۇرغىنىنى كۆرگەن باغۋەن دەپتۇكى :

— ئى ئەزىز ئوغلۇم ، سېنى ئەتىۋارلاپ چوڭ قىلدىم . تاپقان مال ـ دۇنيالىرىمنى سەندىن ئايىمىدىم . ئەمدى « يەنە بېرەي » دېسەم ، ئاغ- رىقتىن تۇرغۇدەك مادارىم قالمىدى . پۇل دېگەن مەندە ناھايىتى كۆپ ئىدى ، ئەمما ئۇنى ئېلىش ئۇچۇن ئىمكانىيەت قالمىدى . مېنىڭ

پۇللىرىمنىڭ ھەممىسى ئاتامدىن مىراس قالغان بولۇپ ، ئاتام مېنى « قا-
چان خىجالەت بولسا ، شۇ چاغدا ئىلىپ خىراجەت قىلسۇن » دەپ ، ئۆ-
رۈكلۈك باغنىڭ ئىچىگە نۇرغۇن ئالتۇنلارنى كۆمۈۋەتكەنىكەن . ئۇ ئا-
لەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا ۋەسىيەت قىلىپ : ئى ئوغلۇم ، مەندە ئالتۇن نا-
ھايىتى كۆپ ئىدى ، باغنىڭ ھەممە يېرىنى كولاپ نۇرغۇن يەرگە كۆمۈ-
ۋەتتىم . ئۇنداق قىلماي دېسەم ئوغرى - يالغاندىن قورقتۇم . مەن ئالەم-
دىن ئۆتكەندىن كېيىن كەتمەنىنىڭ يوغىنىنى ئىلىپ كۈندە چېپىۋەر-
گىن ، ئالتۇن توپىدىن ئايرىلىدۇ .ئارقىدىن سۇ قۇيساڭ ئالتۇن تۆپىگە
چىقىدۇ ،قىغ چاچساڭ ، تۇپراق كۆكىرىپ ئالتۇننى ئاسان پەرق ئەتكىلى
بولىدۇ ، سەن ئۇ ئالتۇنلارنى قانچە خىراجەت قىلساڭمۇ تۈگىتەلمەيسەن ،
دەپ ، نەچچە كۈندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى . مەن ئاتامنىڭ ۋەسىيتى
بويىچە ، ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ ، بىر يەردىكى ئالتۇننى تاپتىم . شۇ-
نىڭ بىلەن كۈن كەچۈرۈپ كەلدۇق ، يەنە نۇرغۇن يەردىكى ئالتۇنلار
ئۇچرىغانىدى ، سېنى نەزەردە تۇتۇپ ، تېخىمۇ ئاستىغا كۆمۈۋەتتىم ،
سەن مۇنداق شۇك ئولتۇرماي ، كەتمەنىنىڭ يوغىنىنى ئىلىپ باغنى چا-
ناپ ، ئارقىدىن سۇ قۇي ، قىغ چېچىپ تۇپراقنى ئارىلاشتۇرۇپ يەرنى
يۇمشىتىۋەرسەڭ ، ھېسابسىز ئالتۇنغا ئېرىشىسەن ، — دەپ ۋەسىيەت قى-
لىپ ، كۆز يۇمۇپتۇ .

ئوغلى ئاتىسىدىنمۇ ئايرىلىپ ، پۇلدىن ھەم ئايرىلىپ ، ئاقىۋەت
ئاتىسى دېگەندەك ئالتۇن ئىزدەش قارارىغا كەپتۇ - دە ، كەتمەندىن
بىرنى ئىلىپ ئەتىگەندىن - كەچكىچە باغنى چاناپ ئوت - چۆپ قال-
دۇرماپتۇ . قىغ چېچىپ ، يۇمشىتىپ ، سۇ قۇيۇپ ، تەكرارلاۋېرىپتۇ . ئۇ
يىلى باغنىڭ ئۆرۈكلىرى شۇنداق مېۋە بېرىپتۇكى ، ساندۇقلىرى پۇلغا
تولۇپ ، ئالتۇن ، يامبۇغا ئالماشتۇرۇپتۇ . ئەمما ، يەر ئاستىدىن ھېچ
نەرسە تېپىلماپتۇ . باغۋەنىنىڭ ئوغلى بىر كۈنى ئولتۇرۇپ ئاپىسىدىن :

— ئى ئاپا ، ئاتامنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ باغنىڭ ئاستىنى بىر يىل
چېپىپ ئاختۇرسام ھېچ نەرسە چىقمىدى . بۇ نېمە ئىش ؟ — دەپ سو-
رىغانىكەن ، ئاپىسى جاۋاب بېرىپ :

— ئى ئوغلۇم ، سەن ئىستىگەن ئالتۇنلار ئۆرۈكنىڭ ئۇستىگە چىقىۋاپتۇ . شۇڭا بۇ پۇللارغا ئېرىشتۇق . ئەگەر سەن ئۆرۈكنىڭ ئاستىنى چاناپ ئەجىر قىلمىساڭ ، بۇ پۇللارغا ھەرگىز ئېرىشەلمەس ئىدۇق ، — دەپتۇ .

باغۋەننىڭ ئوغلى ئاپىسىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، ئاتىسىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئاپىرىن ئېيتىپ ، شۇندىن كېيىن باغقا تېخىمۇ ئەجىر قىلىپ ، ئاتاقلىق بايلاردىن بولۇپتۇ . باغۋەن ئوغلىنى پۇلغىلا ئۆگىتىپ ، پۇل تېپىش يولىنى ئۆگەتمىگەن بولسا ، ئۇنىڭ ئوغلى خار - زارلىقتا قالغان بولار ئىدى ، دېدى .

— ھېكايەڭغۇ تەسىرلىك ئىكەن ، — دېدى باي ، — « خۇدانىڭ بەرگۈسى كەلسە ، تۇنۇكتىن تاشلاپ بېرىدۇ » دېگەن سۆز بار . سەن نېمىنى بىلەتتىڭ ؟ « ئون خوتۇننىڭ بىر توخۇدەك ئەقلى يوق ، توخۇنىڭ ئەقلى بولسا ، يەمنى پوق » دەپتىكەن . سەن مېنى ئازدۇرىمەن دېمىگىن ، — دەپ ، بىرنەچچە مۆھۈردار ، شاھىتلارنى تېپىپ كېلىپ خەت - چەك قالدۇرۇپ ، قولىدا بار مال - دۇنيالىرىنىڭ ھەممىنى ، يەر - زېمىن ، ئۆيۋاقلارغىچە تەقسىم قىلىپ بېرىپ ، ئۆزى خوتۇنى بىلەن بىر ئېغىزلىق ھۇجرىدا قالدى . ئەتىسىدىن باشلاپ ، ئوغۇللىرى ھەر كۈنى ئويۇن - مەشرەپ ، ئەيش - ئىشرەت بىلەن ئۆتۈپ ، ئاتا - ئانىسىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى . باي بولسا ، قولىدىكى بار ئوقەتنى بالىلىرىغا بېرىۋېتىپ ، يەي دېسە يوق ، كىيەي دېسە يوق ، خوتۇنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغانلىقىغا كۈندە مىڭ پۇشايمان قىلىپ ، ئوغۇللىرىنىڭ ئالدىغا بارغانىدى ، ھېچقايسىسىدىن بىر پۇل چىقمىدى . « تىرىمىغاننىڭ كەپسىنى چوڭ » دەپ ، ئوغۇللىرى ھەم بىكارغا كەلگەن پۇلغا چوڭچىلىق قىلىپ ئىككى پۇلغا زار كۈنگە قالغانىدى . شۇنداق قىلىپ ، ھېسابسىز پۇلدار باي ، ئۆلمەي تۇرۇپ مىراس تارقىتىپ ، ئاخىرقى ئۆمرىنى تىلەمچىلىك بىلەن ئۆتكۈزۈپ ، كۆرگەنلا كىشىگە ۋەسىيەت قىلىپ :

— ھەي خالايىق ، ئۆلمەي تۇرۇپ قولدا بار ئوقەتنى بالىلىرىڭلارغا بېرىۋېتىپ ، ئاخىردا ماڭا ئوخشاش خارلىقتا قالماڭلار ،

قەدىمكىلەرنىڭ : « بالىلىرىڭغا بېرىپ باق . بالىلىرىڭدىن ئېلىپ باق » دېگەن تەمسىلىنى ھەرگىز ئۇنتۇماڭلار ، — دەپ يۇرۇپ ئاچ ـ يالىڭاچ ، خار ـ زارلىق بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى .

1999 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ، ئاۋات .

مەسئۇل مۇھەررىرى : بارنجان زەپەر
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۇچى : ئەكبەر سالىھ
مەسئۇل كوررېكتورى : ئادالەت مەخسۇت

# جەۋھەر ھېكايىلەر

تۈزگۈچى : مۇھەممەت ئوسمان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168×850 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 8.375 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2000 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 3,000 — 1
ISBN7 — 228 — 06135 — 7/I. 2245
باھاسى : 12.50 يۈەن



ISBN 7-228-06135-7

9 787228 061358 >

ISBN 7-228-06135-7
I·2245(民文)定价:12.50元